# شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژۇرنىلى

## ئىجتىمائىي پەن قىسمى

3

1988

Altun0q

شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژورنىلى
(پەلسەپە ـ ئىجتىمائى پەن قىسمى)

شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژورنىلى
تەھرىر ھەيئىتى تەرىپىدىن
نەشر قىلىندى

(پەسىللىك ژورنال)

1983 ـ يىل 3 ـ سان

ئۇمۇمى 15 ـ سان

# مۇندەرىجە

پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى قوشۇمچە قىلىش ـــ
ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى تۈپ مەسىلە ...... ھىميت ھامۇت ( 1 )

مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللى قەھرىمانلىق توغرىسىدا
............................................ چىڭ ۋۇتۇڭ ( 14 )
مويدىن تەرجىمىسى

مەملىكىتىمىزنىڭ يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيانقى ئاساسي قانۇنلىرىدا مىللى
مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر تارىخىنى تەكشۈرۈش ...... لى رۇجۇڭ ( 28 )
خالىق ساقى تەرجىمىسى

سەنئەتنىڭ ئىستېتىك تەربىيىۋى رولى ھەققىدە ............ مەھەممەت ئىمىن ( 48 )

سەنئەتتىكى مۇھەببەت مەسىلىسى ھەققىدە ..................... ھايىل مەخسۇت ( 56 )

ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ مەنتىقىلىق كۈچى ..................... شىرىن قۇربان ( 67 )

ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى تەتقىقاتىدىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا
.......................................... خەمىت تۆمۈر ( 73 )

چاغىتاي تىلى توغرىسىدا .................................... قاسىم ئارىش ( 90 )

«بىلەن» ھەققىدە دەسلەپكى ئىزلىنىش .................. ئۇسمان مۇھەممەت ( 95 )

قىزىل مىك ئۇي توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە
....................................... ئابلىز مۇھەممەت سايرامى (109)

كارىز ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى ...................... ئابدۇقادىر يۈنۈس (121)

ھىجىرىيە ۋە مىلادىيە كالىندارلىرىنىڭ سېلىشتۇرما جەدۋىلى ................. (128)

سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىسى ................................... ئەخمەت رىشىت (133)

مۇقاۋىنىڭ 4 ـ بېتىدە: سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىسى ............ فىڭ فى فوتوسى

# پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى قوشۇمچە قىلىش - ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى تۈپ مەسىلە

**ھېمىت ھامۇت**

يولداش خۇياۋباڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 12 - قۇرۇلتىيىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى قوشۇمچە قىلىش پىرىنسىپىنى توغرا ئىجرا قىلىش — ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىشتىكى تۈپ خاراكتېرلىق مەسىلە. بىز بۇيرۇق خاراكتېرلىق پىلان ۋە يېتەكچى خاراكتېرلىق پىلان بىلەن بازار ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ ئۆزىگە خاس دائىرىسىنى ۋە چېكىنى توغرا ئايرىشىمىز، مال باھاسىنىڭ ئاساسىي مۇقىملىقىنى ساقلاش شەرتى ئاستىدا، باھا سىستېمىسىنى ۋە باھا باشقۇرۇش چارىلىرىنى، ئەمگەك تۈزۈمىنى ۋە ئىش ھەققى تۈزۈمىنى قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا ئىسلاھ قىلىپ مەملىكىتىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم».

يولداش خۇياۋباڭنىڭ كۆرسەتمىسى دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى شارائىتىدا ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، زامانىۋىلىشىش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ھەل قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رىيال ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەملىكىتىمىزدە پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى قوشۇمچە قىلغان ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش — دۆلىتىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

كونا جۇڭگودا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشى ئىنتايىن تەڭپۇڭسىز ھالەتتە ئىدى.

ئازادلىقتىن كېيىنكى ئېلىپ بېرىلغان 33 يىللىق سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش داۋامىدا، ئېلىمىزنىڭ سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىر قەدەر راۋاجلانغان ۋە بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى زور دەرىجىدە ئۆسكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى يەنىلا تۆۋەن. سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلىدا قول ئەمگىكىنى ئاساس قىلغان ئىشلەپچىقىرىش خېلىلا سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ بۇ خىل تەرەققىيات ئەھۋالىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، ئېلىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان ئومۇمى مۈلۈكچىلىكنى ئاساسي گەۋدە قىلغان كوپ خىل مۈلۈكچىلىك شەكلىنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى زورۇر. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، دۆلىتىمىزدە ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر خىل پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويغىلى بولمايدۇ.

سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىلاشقان يىرىك ئىشلەپچىقىرىشتا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى، ھەرقايسى كارخانىلار ئۆزئارا زىچ ئالاقىدا بولغانلىقتىن، ئۇلار ئۆزئارا بىر بىرىگە تايىنىدۇ، بىر بىرىنى چەكلەيدۇ، بىر بىرىنى شەرت قىلىدۇ ۋە بىر بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوبيېكتىپ جەھەتتە، ھەرقايسى ئىقتىسادىي تارماقلار ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى مەلۇم نىسبەتتە تەقسىم قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك ئومۇمى مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى شارائىتىدا، خەلق ئىگىلىكى پىلانلىق ھالدا نىسبەت بويىچە راۋاجلىنىشى لازىم. مۇشۇنداق بولغاندىلا، ئاندىن خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئۆسۈۋاتقان ماددى ۋە مەنىۋى تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرغىلى، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خوجايىنلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرغىلى بولىدۇ. بۇنى پەقەت سوتسىيالىزم تۈزۈمى شارائىتىدىلا ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

ئېنگېلس مۇنداق دەپ كورسىتىدۇ: "ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى جەمئىيەت ئۆزلەشتۈرگەن ھامان، ئىجتىمائى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھوكۈمەتسىزلىك ھالىتىنىڭ ئورنىنى پىلانلىق، ئاڭلىق ئۇيۇشتۇرۇش ئالىدۇ"، («ديورىڭغا قارشى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 545 - بەت)، يولداش ماۋزېدۇڭمۇ بۇ ھەقتە توختالغاندا: "ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا نەچچە يۈز مىڭ يىل بولدى، جۇڭگو دىگەن بۇ يەردە ئۆز ئىگىلىگىمىزنى ۋە مەدەنىيىتىمىزنى پىلان بويىچە راۋاجلاندۇرۇش شارائىتىغا تېخى ئەمدىلا ئىگە بولدۇق" دەيدۇ. («ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە 5 - توم، 392 - بەت).

سوتسىيالىستىك ئىگىلىك پىلانلىق ھالدا نىسبەت بويىچە راۋاجلىنىشى

لازىم. بۇ بارلىق سوتسىيالىستىك ئەللەرگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئومۇمى پرىنسىپ، لېكىن ھەرقايسى مەملىكەتنىڭ پىلان دائىرىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، پىلان دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىيلىشىش دەرىجىسىگە ئالاقىدار بولغان مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىگە، يەنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنىڭ ئومۇملىشىش دەرىجىسىگە باغلىق. لېنىن، رۇسىيىدەك ئۇششاق دېھقان ئىگىلىكى ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللىگەن ئىقتىسادى قالاق مەملىكەتتە، بىردىنلا ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويۇشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپ: «ھازىر بىزگە نىسبەتەن، مۇكەممەل. ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پىلان، بيۇروكراتلارچە خام خىيالدىنلا ئىبارەت» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. لېنىننىڭ بۇ كۆرسەتمىسى دۆلىتىمىزدە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات باسقۇچىغا ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇ بىزگە بىر خىللا بولغان پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويغىلى بولمايدىغانلىقىنى، پىلانلىق ئىگىلىك ئاساسىدا مەلۇم دائىرىدە بازار ئىگىلىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا يول قويۇشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئومۇمى مۇلۇكچىلىك ۋە كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكنىڭ ھەممىسىدە پىلانلىق ئىگىلىك يولغا قويۇلىسىمۇ، لېكىن كېيىنكىسىنىڭ ئالدىنقىسىغا نىسبەتەن پىلانچانلىق دەرىجىسى تۆۋەن؛ كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكتە بىر قىسىم دەھسۇلاتنى دۆلەتنىڭ بۇيرۇق خاراكتېرلىق پىلانى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشتىن سىرت، كۆپ قىسمىنى ۋاستىلىق پىلان ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشقا توغرا كېلىدۇ؛ يەككە ئىگىلىككە كەلسەك، ئاساسەن پىلانسىز، ئۆز ئالدىغا ئىشلەپچىقىرىدۇ ۋە ئالماشتۇرىدۇ.

مەملىكىتىمىزدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسى مۇلۇكچىلىككە قارىتا سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىنكى، مۇلۇكچىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ ھالىتى، دۆلىتىمىزدە پۈتۈنلەي بىر خىللا پىلانلىق ئىگىلىكنى يولغا قويۇشقىمۇ، بازار ئىقتىسادىنى يولغا قويۇشقىمۇ بولمايدىغانلىقىنى، پەقەت پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساسي گەۋدە قىلغان، بازار ئىقتىسادىنى قوشۇمچە قىلغان ئىگىلىك سىستېمىسىنى يولغا قويۇشقا بولىدىغانلىقىنى تەلەپ قىلدى.

پارتىيىنىڭ 12 - قۇرۇلتىيى دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە بولغان ئىجابى ۋە سەلبى تەجرىبە - ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاساسىدا «پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى قوشۇمچە» قىلىشتىن ئىبارەت بۇ توغرا فاڭجېننى مۇئەييەنلەشتۈردى.

بۇيەردە ئېيتىلغان پىلانلىق ئىگىلىك — ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان سوتسىيالىستىك ئومۇمى مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ئاساسىدا، ئىشلەپچىقىرىشنى

پىلانلىق ھالدا نىسبەت بويىچە زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ساقلاش دېگەنلىكتۇر؛ بازارئارقىلىق تەڭشەش دېگىنىمىز — پىلانلىق ئىگىلىكتىن سىرت، دولەت پىلانىغا كىرگۈزۈلمىگەن ئىگىلىكنى كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭدا ئوخشىمىغان دەۋرلەردىكى كونكرېت ئەھۋالغا ئاساسەن، دولەتنىڭ بىر تۇتاش پىلان دائىرىسى ئىچىدە قىممەت قانۇنىيىتىنىڭ ئىستىخىيىلىك ھالدا تەرتىپكە سېلىش رولىدىن پايدىلىنىدۇ. كونكرېت ئېيتقاندا، ئۇ پىلان سىرتىدىكى بازارنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، يولغا قويۇلغان ئەركىن ئىشلەپچىقىرىش، ئەركىن ئالماشتۇرۇش، ئەركىن تەقسىمات قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يېزا ئىگىلىكىدە بولسا، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەش خاراكتېرىدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىگىلىكنىڭ بۇ ئىككى تارمىقى «ئاساسلىق» ۋە «بېقىندىلىق» مۇناسىۋەتتە ئىگە. بۇنىڭدا پىلانلىق ئىگىلىك خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسي گەۋدىسى بولۇپ، يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بازارئىقتىسادى بولسا، قوشۇمچە ۋە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

«پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنى قوشۇمچە» قىلىش تۈۋەندىكى بىرقانچە تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

## 1. سوتسىيالىستىلىك تەكرار ئىشلەپچىقىرىشتا «پىلانلىق ئىگىلىك ئاساس، بازار ئارقىلىق تەڭشەش قوشۇمچە» قىلىنىدۇ

ئىقتىسادىي پائالىيەت پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇماددى بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئالماشتۇرۇش، تەقسىمات ۋەئىستېمال جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(1) پىلانلىق ئىشلەپچىقىرىش ئاساس، ئەركىن ئىشلەپچىقىرىش قوشۇمچە

پىلانلىق ئىگىلىكتە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن پىلانلىق ئىشلەپچىقىرىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. يولداش چېن يۈن مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: «پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنىڭ ئاساسي قىسمى پىلان بويىچە ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا بىرقىسىم مەھسۇلاتلارنى بازارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، دولەت پىلانى ماقۇل بولغان دائىرە ئىچىدە ئەركىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. پىلانلىق ئىشلەپچىقىرىش، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئاساسي گەۋدىسى. بازارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، دولەت پىلانى رۇخسەت قىلغان دائىرە ئىچىدە ئەركىن ئىشلەپچىقىرىش پىلانلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قوشۇمچىسى بولىدۇ».بۇيەردە يولداش چېن يۈن ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا پىلانلىق ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئەركىن

ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق توغرا ھەل قىلىشتىن ئىبارەت پىرىنسىپنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بەرگەن.

سانائەت، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىغا كەلسەك، بۇنىڭ قايسىلىرىنى پىلان ئىچىگە كىرگۈزۈش، قايسىلىرىنى كىرگۈزمەسلىك، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۇلۈكچىلىك شەكلى، ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرى ۋە كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتىنىڭ دولەت ئىگىلىگى ۋە خەلق تۇرمۇشىدا تۇتقان ئورنى ۋە رولىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. مۇلۈكچىلىك شەكلىدە، ئادەتتە، دولەت ئىگىلىگىدىكى كارخانىلارنىڭ پىلانلاشتۇرۇش دەرىجىسى يۇقۇرى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان نۇرغۇن مەھسۇلاتلار بۇيرۇق خاراكتېرلىق پىلاننى ئاساس قىلىشى كېرەك؛ كوللېكتىپ مۇلۈكچىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى پىلانلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يېتەكچىلىك خاراكتېرىدىكى پىلانىنىمۇ ئاساس قىلىشى، ئىشلەپچىقىرىشنى ئەركىن ئورۇنلاشتۇرۇش ھوقۇقىغىمۇ ئىگە بولۇشى كېرەك. يەككە ئىگىلىك بولسا، ئاساسەن، ئەركىن ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتىنىڭ مۇھىملىقىغا كەلسەك، دولەت ئىگىلىگى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشنى پىلانغا چەزمەن كىرگۈزۈشى كېرەك. چۈنكى، بۇ قىسىم مەھسۇلاتلار خەلق ئىگىلىگىدە مۇھىم ئورۇننى ئىگەللىگەچكە، ئۇلارنىڭ مەھسۇلات قىممىتىمۇ، ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ چوڭ بىر قىسمىنى ئىگەللەيدۇ. قالغان مەھسۇلاتلارنى، يەنى كۈندىلىك شەخسى ئىستىمال بۇيۇملىرى ۋە قول ھونەر مەھسۇلاتلىرىنى دولەت پىلانىغا كىرگۈزۈشتىن سىرت، كارخانىلارنىڭ ئەركىن ئىشلەپچىقىرىشىغا تاپشۇرسا بولىۋېرىدۇ. چۈنكى، بۇ قىسىم مەھسۇلاتلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كوپ بولسىمۇ، لېكىن مەھسۇلات قىممىتى ئىجتىمائى ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتىنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا ئىگەللەيدۇ. سانائەتتە، دولەت ۋە خەلقنىڭ ھايات - ماماتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان نېفىت، كومۈر، توك كۈچى، پاختا رەخت ھەم مۇھىم مېتاللار، ماشىناسازلىق، خۇاشۇي سانائىتى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى يېزا ئىگىلىگىدە ئاشلىق، ماي، پاختا قاتارلىق مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىشتا، چوقۇم دولەتنىڭ بۇيرۇق خاراكتېرلىق پىلانىنى يېتەكچى قىلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە «بازار ئارقىلىق تەڭشەش»نىڭ رولىدىنمۇ پايدىلىنىش كېرەك. بۇ يەردە پىلان ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ رولى چوڭ بولىدۇ، بازار ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ رولى كىچىك بولىدۇ. دولەت قۇرۇلۇشى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم مەھسۇلاتلارنىڭ كوپ قىسمىنى دولەت پىلانى بويىچە ئىشلەپچىقارغاندىن سىرت، ئاز بىرقىسمى دولەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىگى ۋە باشقۇرىشى ئاستىدا ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆزلۈگىدىن

تەشكىللىشى كېرەك. بۇ يەردىمۇ پىلانلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ رولى بىر قەدەر چوڭ بولىدۇ. بازار ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ رولى كىچىكرەك بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بازارنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن، دۆلەت پىلانى ماقۇل كۆرگەن دائىرە ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش مۇرەككەپ بولغان ئۇششاق تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى بولۇپ، كارخانىلار ۋە يەككە ئەمگەكچىلەر نېمىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە قانچىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ. لېكىن بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىشمۇ، ۋاستىلىق ھالدا دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكى ۋە تەسىرى ئاستىدا، ھەر خىل ئىقتىسادىي ۋاستىلار ۋە زۆرۈر بولغان مەمۇرى چارىلار ئارقىلىق باشقۇرۇلىدۇ. بۇ خىل ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدا پىلان ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ رولى بىر قەدەر كىچىكرەك، ئەركىن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ رولى چوڭراق بولىدۇ.

## (2) تەقسىماتتا «پىلانلىق تەقسىمات ئاساس، ئەركىن تەقسىمات قوشۇمچە»

تەقسىمات، ھەر قانداق جەمئىيەتنىڭ تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان مۇھىم ھالقا بولۇپ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ ھەمدە ئۆز نۆۋىتىدە ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر كۆرسىتىدۇ. پىلانلىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانلىق تەقسىماتقا شەرت ھازىرلاپ بېرىدۇ، پىلانلىق تەقسىمات پىلانلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئەگەر ئادەم كۈچى، ماددى ۋە مالىيە كۈچىنى تەقسىم قىلىش جەريانىدا، پىلانلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىنمىسا، خەلق ئىگىلىكى پىلانىنى كاپالەتلەندۈرۈش، پىلانلىق ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.

تەقسىمات — مىللىي دارامەتنىڭ تەقسىم قىلىنىشى ۋە شەخسى ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. پۈتۈن مىللىي دارامەتنىڭ تەقسىم قىلىنىشىدا، پىلانلىق تەڭشەشنى يولغا قويۇش كېرەك. مىللىي دارامەتنى تەقسىم قىلىشتىكى ئاساسىي مەسىلىلەر — جۇغلانما بىلەن ئىستېمالنىڭ مۇناسىۋىتى. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنغان مەبلەغ بىلەن ھەرقايسى تارماقلارغا سېلىنغان مەبلەغنىڭ نىسبىتى، خەلق تۇرمۇشىنى ئۇستۇرۇش دائىرىسى قاتارلىقلارچوقۇم دۆلەت پىلانىغا كىرگۈزۈلۈشى، دۆلەت پىلانى ئارقىلىق بەلگىلىنىشى كېرەك. شەخسى ئىستېمال بۇيۇملىرىنى تەقسىم قىلىشتا ئىش ھەققى (ئاساسىي مائاش، قوشۇمچە ئىش ھەققى ۋە مۇكاپات تۈزۈمى) تۈزۈمىنىلا دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانى ئارقىلىق بېكىتىپ قالماستىن، بەلكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئاساسىي مائاش، دەرىجە ئۆلچىمى، خىزمەت ئىستاژى، ئوقۇش تارىخى، خىزمەت ياردەم پۇلى قاتارلىقلارمۇ دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانىغا كىرگۈزۈلۈشى كېرەك. دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش بەلگىلىمىسىگە بويسۇنۇش شەرتى ئاستىدا، كارخانىلارنىڭ ئىش ھەققى، مۇ-

كاپات ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى دەرىجىسىنى ئۇستۇرۇشنى بەلگىلەش ھوقۇقى بولۇشقا يول قويۇش كېرەك. كارخانىلارغا مەلۇم ئەركىن تەقسىم قىلىش ھوقۇقىنى بېرىش، تەقسىمات جەھەتتە كارخانىلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم پەرقنىڭ بولۇشىغا يول قويۇشى كېرەك. لېكىن، بۇ خىل ئەركىن تەقسىمات دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانلىق تەقسىماتىغا بويسۇنغان دائىرە ئىچىدە بولۇشى لازىم.

### (3) ئالماشتۇرۇشتا، «پىلانلىق ئالماشتۇرۇش ئاساس، ئەركىن ئالماشتۇرۇش قوشۇمچە»

ئالماشتۇرۇش تەكرار ئىشلەپچىقىرىشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان يەنە بىر مۇھىم ھالقىسى بولۇپ، توۋار ئىشلەپچىقىرىشى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان شارائىتتا، بازار ئارقىلىق توۋار ئالماشتۇرۇش يولغا قويۇلىدۇ. بازار — توۋارنى ساتقۇچى بىلەن سېتىۋالغۇچى ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۇرىدىغان ۋاستە.

ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك ئومۇمى مۇلۇكچىلىك يېتەكچىلىكىدىكى كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەر بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا ئالماشتۇرۇش ئىمكانىيىتى مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەھۋال ئاستىدا پىلانلىق، تەشكىللىك ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويۇش تامامەن زۆرۈر. بۇنىڭدا، ئالماشتۇرۇشقا قاتنىشىدىغانلار ئاساسەن، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار ۋە كوللېكتىپ مۇلۇكچىلىكىدىكى كارخانىلار بولۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالماشتۇرۇش، بازار ئارقىلىق ئالماشتۇرۇشنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇلار بىزنىڭ پىلانلىق ئالماشتۇرۇشنى يولغا قويۇشىمىزدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پىلانلىق ئالماشتۇرۇشنىڭ سىرتىدىكى ئەركىن ئالماشتۇرۇشنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغىمۇ رۇخسەت قىلىش، ئەركىن بازارنىڭ «قوشۇمچە» بولۇش رولىنىمۇ ئېتىراپ قىلىش لازىم. يولداش چېن يۈن مۇنداق دەيدۇ: «سوتسىيالىستىك بىر تۇتاش بازاردا، دۆلەت بازىرى ئاساسىي گەۋدە، لېكىن مەلۇم دائىرە ئىچىدە دۆلەت رەھبەرلىك قىلىدىغان ئەركىن بازارمۇ بېقىندى بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خىل ئەركىن بازار دۆلەتنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدا، دۆلەت بازىرىنىڭ قوشۇمچىسى بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ سوتسىيالىستىك بىر تۇتاش بازارنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر». بۇ يەردە ئېيتىلغان دۆلەت بازىرى ئەمەلىيەتتە پىلانلىق، تەشكىللىك ھالدا ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئەركىن بازار — يېزىلارنىڭ ئەركىن بازار سودىسى ۋە شەھەرلەرنىڭ دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش بازىرىنىلا كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى سوتسىيالىستىك

ئومۇمى مۇلۇكچىلىك تارماقلىرىنىڭ ئۆز ئارا كېلىشىم ئارقىلىق سېتىش ۋە سېتىۋېلىشىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىجتىمائى ئومۇمى مەھسۇلاتلار ئىستېمال قىممىتىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئاساسەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە ئىستېمال بۇيۇملىرىغا بولۇنىدۇ. بۇنىڭغا ماس ھالدا مەھسۇلاتلارنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىمۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئالماشتۇرۇشتىن تەركىپ تاپىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئالماشتۇرۇشتا، خەلق ئىگىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان مۇھىم مەھسۇلاتلارنى چوقۇم پىلانلىق تەقسىمات ۋە ئالماشتۇرۇشنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈش كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇش ئېھتىياجىنى كاپالەتلەندۈرگىلى، خەلق ئىگىلىكى پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، پىلانلىق ئىقتىساتنىڭ پۈتۈن خەلق ئىگىلىكىدىكى ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ. بىراق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شەكلىدىكى مەھسۇلاتلار تۈرىنىڭ ناھايىتى كوپ بولۇشى، ئۇلارنىڭ ھەر قايسىسىنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى رولىنىڭ ئوخشىماسلىقى، شۇنىڭدەك، ماددى مەھسۇلاتلارنى ئالماشتۇرىدىغان ئورۇنلارنىڭمۇ ناھايىتى كوپ بولۇشى، پىلان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شەكلىدىكى مەھسۇلاتلارنى ئالماشتۇرۇشنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ كېتەلمەيدىغانلىقى تۈپەيلىدىن، دولەت پىلانىنى ئورۇنلاش شەرتى ئاستىدا، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى شەكلىدىكى مەھسۇلاتلارنى كارخانىلارنىڭ ئەركىن سېتىش ۋە سېتىۋېلىشىغىمۇ يول قويماي بولمايدۇ.

ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ئالماشتۇرۇلۇشىدا، دولەت ئىگىلىكىدىكى سودا ئاساسىي ئورۇندا تۇرغاچقا، سودا تارمىقىدىكى تايانچ كارخانىلار، يەنى توپماللارنى تارقىتىدىغان سودا تارماقلىرى ۋە چوڭ تىپتىكى سودا ماگىزىنلىرى دولەت تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرت، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشىدا، ئاساسەن پىلانلىق ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىي گەۋدە قىلىنغانلىقتىن، ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ئوبوروتىمۇ پىلانلىق، تەشكىللىك ئېلىپ بېرىلىشى لازىم. ئەمما ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ پىلانلىق ئالماشتۇرۇلۇشىنى پەقەت ئاساسىي گەۋدە قىلغان ھالدا ئەركىن ئالماشتۇرۇش، ئەركىن سېتىش ۋە ئەركىن سېتىۋېلىشىنىمۇ يولغا قويۇش كېرەك. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ بىرسىگە سەل قاراش، سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تەرەققى قىلدۇرۇش ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا پايدىسىز.

## 2. پىلانلىق تەڭشەش ئاساس، بازار ئارقىلىق تەڭشەش قوشۇمچە؛ پىلانلىق باھا ئاساس، ئەركىن باھا قوشۇمچە قىلىنىدۇ

سوتسىيالىستىك ئىقتىسات، پىلانلىق ئىقتىساتنى ئاساس، بازار ئىقتىسادىنى قوشۇمچە قىلغانلىقتىن، مەلۇم تەڭشەش ئۇسۇلىنى قوللىنىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئېھتىياجنى تەڭپۇڭلاشتۇرغاندىلا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ نىسبەت بويىچە راۋاجلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرگىلى بولىدۇ.

### (1) ئىگىلىكنى پىلانلىق تەڭشەش ئاساس، بازار ئارقىلىق تەڭشەش قوشۇمچە

ئىگىلىكنى پىلانلىق تەڭشەش، سوتسىيالىستىك ئومۇمى مۈلۈكچىلىكتىكى ئىقتىساتنىڭ ئاساسي تەڭشەش ئۇسۇلى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادي قانۇنىيەتتىن پايدىلىنىپ، پىلان ئارقىلىق، ئادەم كۈچى، ماددى كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى مۇۋاپىق تەقسىم قىلىپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ خەلقنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يۆنۈلۈشىگە قاراپ، ماس ھالدا تەرەققى قىلىشىنى كاپالەتلەندۈرىدۇ. پىلانلىق تەڭشەش، خەلق ئىگىلىكى پىلانىنى تۈزۈش، تەڭشەش ۋە ئىجرا قىلىش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. شۇڭا، پىلان تۈزگەندە چوقۇم ئوبيېكتىپ ئىقتىسادي قانۇنىيەتلەرنىڭ تەلىۋىنى ئەكس ئەتتۈرۈش لازىم.

سوتسىيالىستىك ئىگىلىك پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساسي گەۋدە قىلغانلىقتىن، ئىگىلىك تۈزۈلمىسىنى تەڭشەشتىمۇ پىلانلىق تەڭشەش ئاساس، بازار ئارقىلىق تەڭشەش قوشۇمچە قىلىنىدۇ.

پىلانلىق تەڭشەش — ئومۇمى تەڭپۇڭلۇق ۋە ھەر خىل پىلانلارنى بەلگىلەش، (قىسقا ۋاقىتلىق ھەم ئۇزۇن مۇددەتلىك) ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى بىلەن ئەمگەك كۈچىنىڭ ھەرقايسى تارماق ۋە ئورگانلاردىكى تەقسىملىنىشىنى تەڭشەش، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبى تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات يۆنۈلۈشى، نىشانى ۋە تەرەققىيات سۈرئىتىنى بەلگىلەش، سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات ئېھتىياجى ۋە ئومۇمى مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، پۈتۈن خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسي نىسبەت مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەش، ئاساسي قۇرۇلۇشنىڭ دائىرىسى ۋە كۆلىمىنى بەلگىلەش، مۇھىم ئىقتىسادي تېخنىكا سىياسىتى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كۆلىمى ۋە باشقا مۇھىم ھەركەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىش قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پىلانلىق ئىگىلىك، خەلق ئىگىلىكىدە مۇھىم يېتەكچى رول ئوينايدۇ. بىرلىككە كەلگەن ئىگىلىك پىلانى ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش،

ئالماشتۇرۇش ۋە تەقسىماتقا تارلىق مۇھىم ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى تەشكىللىمەي ۋە تەرتىپكە سالمىسا، سوتسىيالىستىك ئىگىلىك ئوڭۇشلۇق راۋاجلىنالمايدۇ.

سوتسىيالىزىم شارائىتىدا، پىلانلىق تەڭشەش ۋە بازار ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ تەلىۋى ۋە رولى بىرپۈتۈنلۈككە ئىگە بولۇشتىن سىرت، يەنە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتلىك تەرىپىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن: پىلانلىق تەڭشەش، پىلانلىق ھالدا باشقۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ؛ بازار ئارقىلىق تەڭشەش — پىلاننىڭ ئىدارە قىلىشى ياكى يېتەكچىلىك قىلىشى كەمچىل بولغان ئەھۋال ئاستىدا، ئاسانلا قارىغۇلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پىلانلىق تەڭشەش، ئاساسەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئومۇمى مەنپەئەتىنى ۋە يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتىنى ئىپادىلەيدۇ ياكى دۆلەت، كارخانا ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ شەخسى مەنپەئەتىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئەت بىرلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، ئەمما بازار ئارقىلىق تەڭشەش، دائىم ۋە بىۋاسىتە ھالدا مەلۇم رايون، تارماق كارخانا ياكى شەخسنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ ۋە باشقىلار. بەزى ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش ۋە تەقسىمات پائالىيەتلىرى بىر رايون، بىر تارماق ياكى كارخانىغا نىسبەتەن زۆرۈر ۋە مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئەمما پۈتۈن خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمى دائىرىسىدىن قارىغاندا، زۆرۈر ئەمەس ۋە مۇۋاپىق كەلمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، دۆلەت چوقۇم پىلانلىق تەڭشەشنى كۈچەيتىپ، سىياسى ئىدىيىۋى خىزمەتنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، ئىقتىسادىي خىزمەتلەردە مەۋجۇت بولغان ھەر خىل زىددىيەتلەرنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىپ، دۆلەت، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەر ئوتتۇرىسىدىكى ماددى مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى توغرا ھەل قىلىشى لازىم.

### (2) پىلانلىق باھا ئاساس، ئەركىن باھا قوشۇمچە

باھا — قىممەتنىڭ پۇل شەكلىدە ئىپادىلىنىشى. دۆلىتىمىزدە تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تاۋار ئالماشتۇرۇشى مەۋجۇت بولغانلىقتىن، قىممەت قانۇنى مۇقەررەر ھالدا ئىشلەپچىقىرىش، ئالماشتۇرۇش جەريانىدا بەلگىلىك تەرتىپكە سېلىش رولىنى ئوينايدۇ. قىممەت قانۇنىنىڭ بۇ خىل رولى باھا ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. پىلانلىق تەڭشەش ياكى پىلان سىرتىدىكى بازار ئارقىلىق تەڭشەش بولسۇن، باھانىڭ ئىدارە قىلىش رولىدىن پايدىلىنىدۇ.

مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكى — پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس، بازار ئىگىلىكىنى قوشۇمچە قىلغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ماس ھالدا باھا شەكلىدىمۇ مۇقەررەر ھالدا پىلانلىق باھا ۋە ئەركىن باھا مەۋجۇت بولىدۇ. پىلانلىق باھا سوتسىيالىستىك دۆلەت پىلانى ئارقىلىق بەلگىلەيدىغان باھا بولۇپ، ئۇ تاۋارنىڭ قىممىتىنى ئاساس قىلىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇۋاتقان ۋە رول ئويناۋاتقان ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنلار ۋە فاكتېن، سىياسەتلەرنىڭ تەلىۋى

ھەمدە تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قاتارلىق ئامىللار تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، ئەركىن باھا بولسا، ئالغۇچى بىلەن ساتقۇچى ئۆز ئارا كېلىشىش ئارقىلىق ئەركىن بەلگىلەيدىغان باھادۇر. بۇنى كېلىشمە باھا دەپمۇ ئاتايدۇ. 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىغىچە بولغان ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە دۆلىتىمىزنىڭ باھا سىياسىتىدە بىر خىللا بولغان پىلانلىق باھا تۈزۈمى يولغا قويۇلۇپ، ئىگىلىكنىڭ تەرەققىيات تەلەۋىگە ماسلاشماي كېتەلمىدى. مۇتلەق كۆپ قىسىم مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسى جۇڭگياڭ ياكى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار تەرىپىدىن بەلگىلىنىپ، يەرلىكنىڭ، ناھىيىلەرنىڭ باشقۇرۇش دائىرىسى ئىنتايىن ئاز بولدى. كارخانىلارغا ئاساسىي جەھەتتىن باھا بەلگىلەش ھوقۇقى بېرىلمىدى.

ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مال باھاسىنى باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسىنى بەك مەركەزلەشتۈرۈۋەتكەندە، يەرلىكنىڭ ۋە سودا ـ سانائەت كارخانىلىرىنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا تەسىر يېتىدىغانلىقى، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەمىنلەش بىلەن تەلەپ ئوتتۇرىسىدا ئەمەلىي ئەھۋالغا مۇۋاپىق ھالدا ئىش كۆرگىلى بولمايدىغانلىقى، ۋاقىت ـ شارائىتقا قاراپ تەرتىپكە سېلىش، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، تاۋار ئالماشتۇرۇشنى كېڭەيتىش ھەمدە پۈتۈن خەلق ئىگىلىكىنىڭ ماس ھالدا تەرەققىي قىلىشىدا يامان تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقى ئىسپاتلاندى. بولۇپمۇ، بەزى تۈرى كۆپ خىل بولغان ئۇششاق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋە ئۇششاق سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئەگەر بازاردا سېتىلماي بېسىلىپ قالغان ئەھۋالدا باھا ئۆز ۋاقتىدا ئۆزگەرتىلمىسە، بەزى مەھسۇلاتلار بازاردا ئۇزۇن مۇددەت بېسىلىپ قېلىش ياكى بارغانسېرى بوزۇلۇش ھەتتا پۈتۈنلەي ئىستىمال قىممىتىنى يوقىتىش ئەھۋالى كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مال باھاسىنى باشقۇرۇشتىكى ھوقۇق دائىرىسىنى مۇۋاپىق بەلگىلەپ، مۇۋاپىق ھالدا يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ۋە كارخانىلارنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتىش كېرەك.

نۆۋەتتە، ئېلىمىزنىڭ باھا شەكلى ئاساسەن 4 خىلغا بولۇنىدۇ.

بىرىنچى، دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن بىر تۇتاش پىلانلىق باھا. بۇ دۆلەت ئىگىلىكى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ ھايات ـ ماماتىغا، مەھسۇلاتلارنىڭ قىممىتى ۋە ئەمگەك ئىش ھەققىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان باھانى كورسىتىدۇ.

ئىككىنچى، مەلۇم دائىرە ئىچىدە تەۋرىنىپ تۇرىدىغان تۇراقسىز باھا. بۇنىڭدا، دۆلەت مەلۇم تەۋرىنىش دائىرىسىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. كارخانىلارنىڭ بەلگىلىگەن دائىرىسى ئىچىدە يۇقۇرى ـ تۆۋەن تەۋرىنىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، كېلىشىپ سېتىۋېلىش ۋە كېلىشىپ سېتىپ بېرىش باھا

شەكلى. بۇنىڭدا، ئاساسەن، بىر قىسىم يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى ۋە بەزى سانائەت مەھسۇلاتلىرى ئىچىدىكى ئۇششاق توۋارلارنىڭ باھاسى، پىرىنسىپ بويىچە بازارنىڭ تەمىنلەش ۋە تەلەپ ئەھۋالىغا ئاساسەن بەزىدە ئۆرلىتىش ۋە بەزىدە چۈشۈرۈش ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

تورتىنچى، بازاردىكى سودا - سېتىق باھاسى. بۇنىڭدا دولەت بازارغا سېلىشقا رۇخسەت قىلىنغان مەھسۇلاتلارنىڭ باھاسىنى سېتىۋالغۇچى ۋە ساتقۇچى ئەركىن كېلىشىپ، ئەھۋالغا قاراپ ئەركىن ئاشۇرىدۇ ياكى تۆۋەنلىتىدۇ.

ئومۇمەن يۇقۇرىدىكى 4 خىل باھا شەكلىنى ئىككى تۈرگە ئايرىشقىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭ بىر خىلى بىر تۇتاش پىلانلىق باھا ۋە تەۋرىنىپ تۇرىدىغان تۇراقسىز باھا. تۇراقسىز باھانىڭ گەرچە مەلۇم جانلىقلىغى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تەۋرىنىش دائىرىسى دولەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئۇ پىلانلىق باھادىن بولۇنۇپ چىققان بىر خىل شەكىل بولۇپ، ماھىيەتتە، يەنىلا پىلانلىق باھا كاتىگورىيىسىگە كىرىدۇ. يەنە بىر خىل ئەركىن باھا بولۇپ، ئۇ كېلىشىپ سېتىش - سېتىۋېلىش باھاسى ۋە بازار سودا - سېتىق باھاسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

پىلانلىق باھا ۋە ئەركىن باھا، ئېلىمىزنىڭ باھا بەلگىلەش تەشكىلىي تۈزۈمىدە تەڭ-باراۋەر مۇناسىۋەتتە بولماستىن، بەلكى ئاساسلىق ۋە بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىدە بولىدۇ. پىلانلىق باھا ئاساسىي گەۋدە بولۇپ، مىقدار جەھەتتە ئومۇمى توۋار باھاسىنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمىنى ئىگەللەيدۇ. ئۇ سوتسىيالىستىك باھا بەلگىلەش تۈزۈمىدە يېتەكچىلىك ئورۇننى ئىگەللەيدۇ. ئەركىن باھا قوشۇمچە بولۇپ، مىقدار جەھەتتە ئومۇمى توۋار باھاسىنىڭ ئاز بىر قىسمىنىلا ئىگەللەيدۇ ھەمدە پىلانلىق باھاغا بېقىندى بولۇپ، پىلانلىق باھا تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پىلانلىق ئىگىلىكتە چىڭ تۇرۇشتا، چوقۇم پىلانلىق باھانىڭ يېتەكچىلىك رولىدا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ئەگەر پىلانلىق باھاغا سەل قارالسا ياكى ئۇ ئىنكار قىلىنسا ۋە ياكى ئەركىن باھانىڭ ئۆز مەيلىچە ياميراپ كېتىشىگە يول قويۇلسا، باھا بەلگىلەش تۈزۈمى سوتسىيالىستىك يونىلىشتىن ئايرىلىپ كېتىدۇ - دە، سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇشنىڭ تەرەققى قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان كىشەنگە ئايلىنىپ قالىدۇ. لېكىن، ئېلىمىزدە كوپ خىل مۇلۇكچىلىك شەكلىگە ماس ھالدا ئەركىن ئىشلەپچىقىرىش، ئەركىن ئالماشتۇرۇش مەۋجۇت بولغاچقا، ئەركىن باھانىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىمۇ ئوبيېكتىپ مۇقەررەرلىككە ئىگە. ئەگەر ئەركىن باھانىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا سەل قارالسا ياكى ئۇ ئىنكار قىلىنسا، ئۇ چاغدا پىلان سىرتىدىكى بازار ئارقىلىق تەڭشەشنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرغىلى بولمايدۇ ھەمدە سوتسىيالىستىك ئىقتىساتنى جانلاندۇرغىلى بولمايدۇ، بۇ سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش تەرەققىياتىغا زىيانلىق.

ئومۇمەن، ئېلىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ھالىتى تەڭپۇڭسىز ھالەتتە بولغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭغا ماس ھالدا ئېلىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۇلۇكچىلىكى ئومۇمى مۇلۇكچىلىكنى ئاساسي گەۋدە قىلغاچقا، باشقا ئىگىلىك شەكىللىرى ياردەمچى بولغان كوپخىل مۇلۇكچىلىك شەكلى بىللە مەۋجۇت بولغان قۇرۇلما بولغانلىقتىن، بۇ ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتا پەقەت «پىلانلىق ئىگىلىكنى ئاساس، بازار ئىگىلىكىنى قوشۇمچە» قىلىشتىن ئىبارەت ئىگىلىك تۈزۈمىنىلا يولغا قويۇشنى بەلگىلىگەن. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن بىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىگىلىكىمىز يۇقۇرى سۈرئەتتە راۋاجلىنالايدۇ، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى تەمىن ئەتكىلى ۋە مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە ئېلىمىزدە 4 تە زامانىۋىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى، دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسىگە يەتكىلى بولىدۇ.

## بىلىم توغرىسىدا

△ بارلىق ساختا بىلىملەردىن پەخەس بول، ئۇ بىلىمسىزلىككە قارىغاندا تېخىمۇ خەۋپلىك.

— شۇبېرنا

△ ياشاشنىڭ پۈتۈن ئەھمىيىتى تېخى بىلىنمىگەن نەرسىلەرنى ھاردىم-تالدىم دېمەي ئۆگىنىشتە، تېخىمۇ كوپ بىلىملەرنى ئۈزلۈكسىز تۈردە ئىگەللىۋېلىشتا.

— زورا

△ نادانلىق كىشىنى ھېچقانداق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېلىپ بارمايدۇ، بەلكى ئۈمىتسىزلىك، ھاڭۋاقتىلىق ئىچىدە بەربات قىلىدۇ.

— داپىندى

△ بىلىم كىشى ھاياتىنى يورۇقلۇققا ھەم ھەقىقى دۇنياغا باشلاپ بارىدىغان مەشئەل، نادانلىق بولسا يورۇقلۇق ھەم ھەقىقى دۇنياغا يېتىپ بېرىشقا پۇتلىكاشاڭ، كىشىلىك ھاياتى تەرەققىياتىغىمۇ پۇتلىكاشاڭ.

— لىداجاۋ

△ ئادەمنىڭ بىلىمى قانچىكى كەڭ بولسا، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ شۇنچە تەكامۇللاشقان بولىدۇ.

— گوركى



Altun Oq

# مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي قەھرىمانلىق توغرىسىدا

چىڭ ۋۇتۇڭ

مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي قەھرىمانلىقتا، بولۇپمۇ، ئوخشاش مىللەت ياكى ئوخشىمىغان مىللەت قۇرغان دۆلەت ھاكىمىيەتلىرى بىر بىرىگە قارىمۇ - قارشى بولغان بولۇنۇش دەۋرلىرىدە، ۋەتەنپەرۋەرلىك مەۋجۇت بولامدۇ - يوق؟ مىللىي قەھرىمانلار بارلىققا كېلەمدۇ - يوق؟ دېگەنگە ئوخشاش مەسىلىلەرگە قانداق قاراش، قانداق باھا بېرىش مەسىلىسىدە ئىلىم - پەن ساھەسىدىكىلەرنىڭ قارىشى بىردەك بولمايۋاتىدۇ. بۇ مەسىلە مەلۇم تارىخىي شەخسلەرگە باھا بېرىش مەسىلىسىلا بولۇپ قالماي، بەلكى مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدىغان مەسىلە بولغاچقا، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇھاكىمە قىلىشقا ۋە ئىزلىنىشكە توغرا كېلىدۇ.

ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ يادروسى ۋەتەنگە بولغان ساداقەتلىك ۋە قىزغىن سۆيۈش، ئۇ «ئۆز ۋەتىنىگە نىسبەتەن نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى مۇستەھكەملىنىپ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭقۇر ھېسسىيات». («لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 28 - توم، 169 - 168 - بەتلەر).

مەملىكىتىمىز نەچچە مىڭ يىللىق مەدەنىيەت تارىخىغا ئىگە، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسى ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەن. مەزمۇنى مول. ئۇنداقتا، مەملىكىتىمىزنىڭ قەدىمقى دەۋرلىرىدىكى بىر مىللەت ياكى ئوخشىمىغان مىللەت دۆلەت ھاكىمىيەتلىرىنىڭ زىددىيەتلەر كۈرىشىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك مەۋجۇت بولامدۇ - يوق؟ ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ ئۆز دۆلىتىگە بولغان سادىقلىقى ۋە قىزغىن سۆيۈشىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك دېيىشكە بولامدۇ - يوق؟ بۇنىڭغا ئەلۋەتتە بولىدۇ، دەپ جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. مەملىكىتىمىز چىن، خەن سۇلالىسىدىن تارتىپ، قەدەممۇ - قەدەم بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللەندى. ئۇ شە-

كىلىشىش ۋە تەرەققى قىلىش جەريانىدا، دەملىكەتىمىز تېررىتورىيىسىدە بارلىققا
كەلگەن ھەر قايسى دۆلەت ھاكىمىيەتلىرى، مەيلى ئۇنى خەنزۇلار ياكى ئازسانلىق
مىللەتلەر قۇرغان بولسۇن، ھەممىسى جۇڭگو تارىخىغا مەنسۇپ بول-
غان دۆلەت ھاكىمىيىتى ئىكەنلىكى شۈبھىسىز. لېكىن بۇ دۆلەت ھاكىمىيەتلىرى
قارىمۇ - قارشى تۇرغان ۋاقىتلىرىدا، ئۆز ئالدىغا ئىش تۇتۇپ، بىر بىرىگە بويسۇ-
نمايتتى. ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەر ھەر قايسى ئۆز دۆلىتىنى ئۆزىنىڭ ۋەتىنى
دەپ قاراپ، ئۇنىڭ گۈللىنىشىنى، كۈچلىنىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۆز ئارا ئۇرۇش
بولغان ۋاقىتلىرىدا ئاكتىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، ھەر قايسى ئۆز دۆلىتىنىڭ مەنپەئە-
تىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلاتتى. بۇ، پۈتۈنلەي چۈشىنىشكە بولىدىغان ئىش.
ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئەينى ۋاقىتتىكى بۇ دۆلەتلەر بىر پۈتۈن جۇڭگونىڭ ئايرىلماس
تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بۇ دۆلەتنى قىزغىن سۆيۈش ھەر مىللەت ئۈچۈن ئورتاق
بولغان ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز جۇڭگونى قىزغىن سۆيۈشنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى
ئىدى. بۇ بىز ھازىر ئېيتىۋاتقان ئۆزىنىڭ يۇرتىنى قىزغىن سۆيگەندىلا، ئاندىن ئۇ-
زىنىڭ ۋەتىنىنى قىزغىن سۆيگىلى بولىدۇ. دېگەن داۋلى بىلەن ئوپمۇ - ئوخشاش
گەپ. ئەينى ۋاقىتتىكى ئۆز ۋەتىنىگە بولغان بۇ خىل ساداقەت ۋە قىزغىن سۆ-
يۈش ئىدىيىسى ۋە ھەرىكىتى، گەرچە دەۋرنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ،
ئۇنىڭ يەنىلا ۋەتەنپەرۋەرلىك كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغانلىقىنى
ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەك. مەسىلەن، جەنگو دەۋرىدىكى
چۇ دۆلىتىدە ياشىغان چۈي يۈەن، سىياسىيىنى ئىسلاھ قىلىش، قانۇنىنى
ئۆزگەرتىش، تالانتلىق كىشىلەرنى ئىشقا قويۇش، چى دۆلىتى بىلەن بىرلە-
شىپ، چىن دۆلىتىگە قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، لېكىن سۇيقەستـ-
چىلەرنىڭ چېقىمچىلىقى بىلەن جازاغا تارتىلدى، سۈرگۈن جەريانىدىمۇ ئۆز دۆلىتى
ۋە خەلقىنى ئۇنتۇماي، نۇرغۇن ئەسەرلەر يېزىپ: «ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ ئۇرارمەن،
يېشىمنى يۇتۇپ، باقسام خەلقىم ھاياتى دەرتكە تولۇپ» دېگەندەك ۋەتەن، خەلققە
كويۇنىدىغان، «يۈرۈگۈم توختىغىچە قىلسام ياخشىلىق، توققۇز ئولسەممۇ ھەرگىز
قىلمايمەن ئارمان» («离骚») دېگەندەك ۋەتەننى قىزغىن سۆيىدىغان، شەخسى
پايدا - زىيان بىلەن ھەرگىزمۇ ھېساپلاشمايدىغان ئەڭ ئالى روھىنى ئىپادىلىدى.
بۇنىڭدىن باشقا، لياۋ سۇلالىسى بىلەن جىن سۇلالىسى بىر بىرىگە قارىمۇ - قارشى
بولغاندا، ئاگۇدانىڭ لياۋغا قارشى چىقىشى، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى بىلەن جىن
سۇلالىسى بىر بىرىگە قارىمۇ - قارشى بولغاندا، يۆې فېينىڭ جىنغا قارشى چىقىـ
شى، موڭغۇللار بىلەن جىن سۇلالىسى بىر بىرىگە قارىمۇ - قارشى بولغاندا، چىڭ-
گىزخاننىڭ جىنغا قارشى چىقىشى، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى بىلەن يۈەن سۇلالىسى
بىر بىرىگە قارىمۇ - قارشى بولغاندا، ۋېن تيەنشياڭنىڭ يۈەن سۇلالىسىغا قارشى

چىقىشى، مىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، چىڭ سۇلالىسىنىڭ باشلىرى نۇرغاچىنىڭ مىڭغا قارشى چىقىشى، سى كېپانىڭ چىڭغا قارشى چىقىشى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆز مىللى دۆلىتىگە تاجاۋۇز قىلىپ، خەلقلىرىنى ئەزگەن دۈشمەنلىرىگە قارىتا باتۇرانە كۈرەش ئېلىپ بارغانلىقى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئىپادىلىنىشى.

مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلىرىدە، ھەيلى بىرلىككە كەلگەن ياكى بۆلۈنگەن دەۋرلەر بولسۇن، ھەممىسىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. بۇنىڭ ھېچقانداق گۇمان قىلىدىغان يېرى يوق، مەسىلە — تارىختىكى ۋەتەنپەرۋەرلىكنى قانداق تەھلىل قىلىش ۋە ئۇنى قانداق باھالاشتا. لېنىن: «ھەر قانداق بىر ئىجتىمائىي مەسىلىنى تەھلىل قىلغان ۋاقتىمىزدا، ماركسىزم نەزەرىيەسىنىڭ مۇتلەق تەلىپى، مەسىلىنى مەلۇم تارىخىي كاتېگورىيىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈشىمىز كېرەك» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. («لېنىن تاللانما ئەسىرى» خەنزۇچە نەشرى 2 - توم، 512 - بەت). بىر خىل ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىلىك ھالەت بولغان ۋەتەنپەرۋەرلىك ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋردە، ئوخشىمىغان سىنىپلاردا ئوخشىمىغان مەزمۇنغا ئىگە بولىدۇ. يولداش ماۋزېدۇڭ: «ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كونكرېت مەزمۇنى تارىخىي شارائىتلارنىڭ قانداق بولۇشىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ» دېگەن ئىدى. مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋر، ئوخشىمىغان سىنىپىي مەزمۇندىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش ئارقىلىق تەھلىل قىلىنغاندىلا، ئاندىن بىزنىڭ ئۇنىڭغا تۇتۇشقا تېگىشلىك پوزىتسىيىمىزنى مۇقىملاشتۇرغىلى بولىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ۋەتىنىنىڭ ئاشۇ تاغ - دەريالىرىنى، ئۇزۇن تارىخىنى، شانلىق مەدەنىيىتى ۋە ئەمگەكچان، باتۇر خەلقىنى قىزغىن مەدھىيىلەيدىغان، ۋەتەن، خەلقنىڭ تەقدىرىگە چوڭقۇر كۆيۈنىدىغان، چەتئەللىك تاجاۋۇزغا ھەم ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ ئېزىشىگە قارشى تۇرىدىغان، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە ۋە ھەركەت، گەرچە دەۋر ۋە سىنىپنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىسىمۇ، تارىختا ئۇ يەنىلا ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ، بارلىقىمىزنى سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزگە تەقدىم قىلىشتا، بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئاكتىپ رول ئوينايدۇ. شۇڭا، ئۇ بىزنىڭ ناھايىتى ياخشى تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. بىر قانچە دۆلەت ھاكىمىيەتلىرى، ئوخشىمىغان دۆلەتلەر قۇرغان دۆلەت ھاكىمىيەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھالدا، ئوخشاش مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان بۆلۈنۈش دەۋرىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىككە كەلسەك، بۇنىڭدا ئەھۋال بىر قەدەر مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇنى مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈشىمىزگە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىنى ئاساسىي ئۆلچەم قىلىپ، ئۇنىڭ ئاكتىپ

قىسمىغا ۋارىسلىق قىلىپ ھەم ئۇنى مۇقىملاشتۇرۇپ، پاسىپ قىسمىنى تاللاپ ئىنكار قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن يۇۋې فېيىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى، جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئارمىيە ۋە خەلقنىڭ جىڭ سۇلالىسىدىكى جۇرجىت ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ مىللىي زۇلۇمىغا ۋە ھەربىي بۇلاڭچىلىقىغا قارشى ئۇرۇشىدا پەيدا بولغان. ئۇنىڭ جەنۇبىي سۇڭ دۆلىتى بىلەن خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش يولىدىكى پىداكارلىق ھەركىتى ھەققانىي ھەركەت ئىدى. چۈنكى، ھەر قانداق مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش مۇتلەق توغرا، بۇنى مۇقىملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. لېكىن ئۇنىڭ فېئوداللىق «خانغا سادىق» ئىدىيىسى بىلەن «ئەزىمەت تاماق ئورنىدا يىدى غۇزلارنىڭ گۆشىنى، ئۇسسۇزلۇقتا ئىچتىھوننىڭ قېنىنى» دىگەن مىللىي ئۆچمەنلىك كەيپىياتىنى ئەلۋەتتە، تەنقىتلىشىمىز، ئىنكار قىلىشىمىز لازىم. ھازىر بەزى ئەدىبى ئەسەرلەر يۇۋې فېي بىلەن «گېنېرال ياڭ» نىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى تەشۋىق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنى بىرىنىڭ ئىككىگە بولۇنۇشى بويىچە تەھلىل قىلمىغانلىقتىن، مىللەتلەر ئىتتىپاقىغا پايدىسىز بولغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خۇنۇكلەشتۈرىدىغان تارىخىي ماتېرىياللىزىم كۆز قارىشىغا خىلاپ كېلىدىغان فېئوداللىق زەھەرلەرنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئىدىيىسىدە قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشىمىز كېرەك. شۇنداقلا، ئاگۇدانىڭ لياۋغا قارشى تۇرۇشىدا، چىڭگىزخاننىڭ جىنغا قارشى تۇرۇشىدا، نۇرغاچىنىڭ مىڭغا قارشى تۇرۇشىدا ئىپادىلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىكلەرنىمۇ مۇقىملاشتۇرۇشىمىز كېرەك. لېكىن ئۇلار ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۆز مىللىتىنىڭ ئۈستىدىكى مىللىي زۇلۇمنىڭ كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلىغاندىن كېيىن، ئۇرۇشنى باشقا مىللەتلەرنى ئېزىش، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش قورالىغا ئايلاندۇرۇپ، مىللىي زۇلۇمنىڭ كىشەنلىرىنى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۈستىگە زورلاپ تاڭدى. ھەتتا چىڭگىزخان قوشۇنىنى باشلاپ غەرپكە يۈرۈش قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللىي دۆلەتلەرگە تاجاۋۇز قىلدى. بۇ خىل ھەركەت ئەلۋەتتە تەلتۆكۈس تەنقىت قىلىنىشى ۋە ئىنكار قىلىنىشى كېرەك. قىسقىسى، تارىختىكى ۋەتەنپەرۋەرلىككە قارىتا ئىنكارچىلىق پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ، پۈتۈنلەي يوققا چىقارماسلىقىمىز، قارغۇلارچە كۆككە كۆتۈرۈپ، ھېچقانداق تەنقىت قىلماي، قارا - قويۇق قوبۇل قىلماسلىقىمىز، بەلكى ئەستايىدىللىق بىلەن رەتلەپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى فېئوداللىق شاكاللىرىنى چىقىرىپ تاشلاپ، دېموكراتىك مېغىزىنى قوبۇل قىلىشىمىز لازىم.

× × ×

مىللىي قەھرىمانلىقنىڭ ماھىيىتى ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي مەنپەئەتىنى قوغداش، مىللىي زۇلۇمغا ۋە چەت دۆلەتنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى قەتئىي تەۋرەن-

مەي كۆرەش قىلىش، كۆرەش جەريانىدا قەھرىمانلىق جاسارىتىنى ئىپادىلەپ، ناھا-
يىتى چوڭ تۆھپە قوشۇشتۇر. مەملىكىتىمىزنىڭ تارىخىدا جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىن بول-
غان ھەر قايسى مىللەتلەر كۆپ ۋاقىتلاردا دوستانە بېرىش - كېلىش قىلىپ، ئۆز
ئارا بىر - بىرىگە تايىنىپ، بىر - بىرىنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى قوبۇل قىلىپ،
تەدرىجى يېقىنلىشىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنى بىرلىكتە يارىتىپ ھەم تەرەققى
قىلدۇردى. لېكىن كىشىنى - كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش تۈزۈمى مەۋجۇت بول-
غانلىقتىن، مىللەت - مىللەتنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش مەۋجۇت بولغانلىقتىن،
مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە تەڭسىزلىك بولۇپ، ھەر قايسى مىللەت ئا-
رىسىدا ئۆز ئارا ئېزىش - بۇلاش ۋە بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرى دائىم يۈز بېرىپ
تۇردى. بۇنىدىن باشقا، تارىختا مەملىكىتىمىز چەتئەللىكنىڭ مىللى زۇلمىغا ئۇچرى-
غان، بولۇپمۇ يېقىنقى يۈز يىللاردىن بېرى جاھانگىرلارنىڭ مەملىكىتىمىزگە ھەر-
بى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن قىلغان تاجاۋۇزچىلىقلىرى تېخىمۇ دەھ-
شەتلىك بولدى. بارلىق مىللى ئېزىش كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قاتتىق قارشىلىقى-
نى قوزغىماي قالمايدۇ. مىللى ئېزىش ۋە چەتئەللىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى تۇ-
رىدىغان بۇنداق كۆرەش ئوچىقى نۇرغۇن مىللى قەھرىمانلارنى تاۋلاپ چىقتى. يول-
داش ماۋزېدۇڭ: «جۇڭخۇا مىللىتى تەركىبىدىكى ھەر مىللەت خەلقى چەت مىللەت-
لەرنىڭ زۇلمىغا قارشى تۇرۇپ كەلگەن ۋە بۇنداق زۇلۇمدىن قارشىلىق كۆرسىتىش
ۋاستىسى بىلەن قۇتۇلۇپ كەلگەن. ئۇلار بىر - بىرىنى ئېزىشنى ياقلىمايدۇ، بەل-
كى باراۋەرلىك ئاساسىدا بىرلىششنى خالايدۇ. جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ نەچچە مىڭ
يىللىق تارىخىدا نۇرغۇن مىللى قەھرىمانلار ۋە ئىنقىلاۋىي داھىلار چىققان» دەپ
كۆرسەتتىدۇ.

ھازىر ئىلمىي خادىملار چەتئەللىكنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرغان، بولۇپمۇ، جا-
ھانگىرلىكنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئېزىشىگە قارشى تۇرغان ئاشۇ مەشھۇر شەخسلەرنى
جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ قەھرىمانى دەپ بىردەك ئېتىراپ قىلماقتا. لېكىن جۇڭخۇا مىل-
لەتلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللى ئۇرۇشتا مىللى زۇلۇمغا قەھرىمانلىق بىلەن
قارشى تۇرغان ئەشۇ مەشھۇر شەخسلەرنى بەزى يولداشلار مىللى قەھرىمان دەپ ئا-
تاشقا بولمايدۇ دەپ قارىسا، يەنە بەزىلەر، ئۇلار ھەم ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىگە
ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەم باشقا ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئەتىگىمۇ زىيان يەت-
كۈزمەيدىغان ئىشنى قىلالىشى تەس، ئۇلارنى ھەر مىللەت خەلقى ئورتاق ئېتىراپ
قىلمىغاندا، پۈتۈن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ مىللى قەھرىمانى دېيىشكە بولمايدۇ، دەپ
قارايدۇ. بۇ خىل قاراش كېڭىشىشكە ئەرزىيدۇ. تارىختىكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ
ئىچكى قىسمىدا يۈز بەرگەن مىللى ئۇرۇش جۇڭگونىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇرۇشقا
مەنسۇپ بولۇپ، ئۇ تاجاۋۇز قىلىش ياكى تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇش خاراك-


AltunOq

تىرىنى ئالالمايدۇ. لېكىن ئۇرۇش قىلغۇچى ئىككى تەرەپنىڭ بىرىسى ھەق بىرىسى ناھەق بولىدۇ. بۇ خىل مىللى ئۇرۇشقا نىسبەتەن بىز تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قارىشىنى قوللىنىپ، "ئۇرۇشنىڭ داۋاملاشتۇرۇلغىنى قانداق سىياسى، (ئۇرۇش — سىياسىنىڭ داۋامى) ئۇنى قايسى سىنىپ قانداق مەقسەتتە يۈرگۈزگەن" («لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 3-توم، 165-بەت) لىگىنى ئىخلاس بىلەن تەتقىق قىلىشىمىز، ئۇرۇشنىڭ رولى ۋە نەتىجىسىنى تەھلىل قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئوخشىمىغان ھەق ۋە ناھەق خاراكتېرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك. ئۆتكەنكى سىنىپىي جەمئىيەتتە خەنزۇ سۇلالىلىرىنىڭ ھەم ئازسانلىق مىللەتلەر ھاكىمىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەرمىللەت ھۆكۈمران سىنىپلىرى ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىغىنى ساقلاپ قېلىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ئوبيېكتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، ئۆز مىللىتىنىڭ كەڭ ئەمگەكچىلىرىگە قارىتا دەھشەتلىك سىنىپىي ئېزىشنى يۈرگۈزۈپلا قالماي، يەنە باشقا مىللەتلەرگىمۇ ياۋۇزلارچە مىللى زۇلۇم يۈرگۈزۈپ، ئۇلارغا قارىتا تالان-تاراج قىلىش، بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىنى ئېلىپ باردى. ئېزىلگۈچى مىللەت ئادەتتە، ئەمگەكچى سۈپىتىدىلا ئېزىشكە ئۇچراپ قالماستىن، بەلكى مۇئەييەن تىل، مەدەنىيەت، تۇرمۇش شەكلى ۋە ئۆرپ-ئادەتكە ئىگە بىر مىللەتنىڭ ئەمگەكچىسى سۈپىتىدە ئېزىشكە ئۇچرايدۇ. قوش زۇلۇمنىڭ بېسىمى، ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئەزگۈچى ئاساسىي كۈچ بىلەن بولغان كۈرىشىنى ئىلگىرى سۈرمەي قالمايدۇ ھەمدە كەڭ كۆلەمدىكى مىللى قوزغىلاڭ ۋە مىللى ئۇرۇشنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ. مىللى زۇلۇمغا قارشى بۇخىل ئۇرۇش شەك-شۈبھىسىزكى، ھەققانىي ئۇرۇش بولىدۇ. ئۇرۇش جەريانىدا بارلىققا كەلگەن مەشھۇر شەخسلەر، مىللەتنىڭ كۆپچىلىگىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش يولىدا ئۆلۈمگىمۇ پىسەنت قىلماي دۈشمەن بىلەن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغىنى ئۈچۈن ئەلۋەتتە مىللى قەھرىمان بولىدۇ.

يەنە شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۇ مەشھۇر تارىخىي شەخسلەرنىڭ مىللى زۇلۇمغا قارشى قىلغان كۈرەشلىرى ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىپلا قالماي، بەلكى جۇڭخۇا مىللىتى تەركىبىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنپەئەتىگىمۇ ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، "يات مىللەت كىشىلىرىگە قىلىنغان زۇلۇم، ئىككى باشلىق توقماق" («لېنىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 20-توم، 233-بەت) بولۇپ، بۇ توقماقنىڭ بىر بېشى "يات مىللەتكە" تەگسە، يەنە بىر بېشى ئۆز مىللىتىنىڭ خەلقلىرىگە تېگىدۇ. مەسىلەن، بىر مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىرى باشقا مىللەتلەرنى تالان-تاراج قىلىش، ئېزىش ئۈچۈن ئۇرۇش قوزغىغاندا، ئادەم كۈچى ماددى كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى يىغىپ، ھەم ئارقا سەپنى مۇ-

قىلالاشتۇرۇپ، ئالدى بىلەن ھامان ئۆز مىللىتىگە بولغان ئېزىش - بۇلاڭ - تالاڭ
قىلىشنى، ئۇلارغا بولغان تېزگىنلەشنى كۈچەيتتى، باج - سېلىقنى ئېغىرلاشتۇ-
رىدۇ، ھاشا ۋە ھەربىي مەجبۇرىيەتنى ئاشۇرىدۇ. غەربىي خەننىڭ ئاخىرقى يىللىرى
ۋاڭماڭ ئەتراپتىكى ئازسانلىق مىللەتلەرگە قارشى ئۇرۇش قوزغاپ، غەربىي خەن
خەلقلىرى ئۈچۈن ناھايىتى ئېغىر بالايى - ئاپەت ئېلىپ كەلدى. مىلادى 11 - يىلى
ئۇ، شىمالدىكى ئىلىك خانلىقلار ۋە ئوغانلار، سىيانپى قاتارلىقلارنىڭ 12 قىسىم
ئەسكىرىنى يوتكەپ، ئون يولغا بولۇپ ھونلارغا ھۇجۇمغا ئۆتتى. نەتىجىدە «بىر
قانچە يىللار ئىچىدە شىمال تەرەپ بوش قېلىپ، دالىدا ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ سۆ-
ڭەكلىرى كورۇنۇپ تۇردى» («خەننامە. ھون تەزكىرىسى»). مىلادى 18 - يىلى ھون-
لارغا يەنە ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، «پۈتۈن مەملىكەتتىكى يېشىغا يەتكەن ئەرلەرنىڭ ھەمە-
مىسىنى ئەسكەرلىككە ئالغانلىقتىن، ئۇلۇم جازاسىغا ھوكۇم قىلىنغانلارنى قۇل قى-
لىشقا توغرا كەلدى، ھەم پۈتۈن مەملىكەتتىكى خەلق ۋە ئەمەلدارلارنىڭ مال-
مۈلكىنىڭ 30 دىن بىر قىسمىنى ھەربىي خىراجەتكە ئىئانە قىلىشقا
بۇيرۇق چۈشۈرگەچكە، خەلقنىڭ جاپا - مۇشەققەت دەستىدىن ئۆھ دىگى-
دەك ھالى قالمىدى. مىلادى 14 - يىلى سىچۈەن قوشۇنىنى جۇي دەنگە جازا يۈ-
رۈشى قىلىشقا بۇيرىدى. ئۇرۇش ئالدى - كەينى بولۇپ ئۈچ يىل داۋام قىلدى.
كېسەل بولۇپ ئۆلگەن ئەسكەر 10 دىن 6 - 7 قىسمىنى تەشكىل قىلدى. باج - سې-
لىقلار ئېغىرلاپ %50 كە يەتتى، يىجۇ ۋىلايىتى قۇرۇپ قالدى» («خەننامە. ۋاڭ
ماڭ تەزكىرىسى»). جىن سۇلالىسىنىڭ جۇرجىت ئاقسوڭەكلىرى جەنۇبىي سۇڭغا
قارىتا بۇلاڭچىلىق ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، باج - سېلىقنى چەكسىز يۇقۇرى
كوتەردى، «ھەر خىل باج - سېلىقلار كوپ بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنى يىغىنچاقلاپ
بايان قىلىشمۇ قىيىن بولۇپ قالغان ئىدى. شۈەنزۇڭخان تىكلەنگەندىن كېيىن
جەنۇپقا كوچۈش بولۇپ، نوپۇس كۈنسېرى ئازايدى. ھەربىي خىراجەت كۈندىن -
كۈنگە جىددىلەشتى. باج - سېلىق ئېغىرلىشىپ، ئۇنى خۇاڭخېنىڭ جەنۇبىدىكى
رايونلارغا يۈكلىدى. كەڭ خەلق تۇرمۇش كوچۇرۇشكە ئامالسىز قېلىپ، يەر - زې-
مىنلىرىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا كەتتى، ھوكۇمەت ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ
ئۆز كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىشقا، بىر يىل يەر ئىجارىسى ئالماسلىق توغرىسىدا
نۇرغۇن قېتىم پەرمان چۈشۈرگەن بولسىمۇ، دولەت قۇرۇپ قېلىپ، كەتكەنلەرنىڭ ئى-
جارىسىنى قالغانلار ۋاكالىتەن تاپشۇرغاچقا، سىرتقا كەتكەنلەر قايتىپ كېلىشتىن
قورقتى («جىننامە. يىمەك - ئىچمەك، مال - مۈلۈك تەزكىرىسى»). سان - ساناقسىز
ھاشا، ھەربىي سېلىق دەستىدىن جۇرجىت خەلقى سوكۇلداپ يۇرۇپ ھالسىزلانغاچقا، تىرىك
قايتىپ كەلگەنلەر ئىنتايىن ئاز بولدى. ئەمىلىيەت ئىسپات قىلدىكى، «باشقا مىل-
لەتلەرنى قۇل قىلغۇچى مىللەت ئۆزىگە كىشەن سوقىدۇ» («ماركس، ئېنگېلس ئە-

سەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 16 - توم، 474 - بەت). «ھەر قانداق مىللەت باشقا مىللەتلەرگە زۇلۇم سالغان ۋاقىتتا، ئۇ ئەركىن مىللەت بولالمايدۇ» («ماركس، ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 288 - بەت). شۇڭلاشقا، ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ قارشىلىقى، ئۆز مىللىتىدىكى خەلقلەرنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكىنى ھەم ئۆز رايونىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنى قوغداپلا قالماي، بەلكى ئەزگۈچى مىللەت خەلقلىرىنىڭ، ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئۇلارغا زورلاپ تاڭغان يۈكىدىن ۋە ئورۇش ئېلىپ كەلگەن بالايى - ئاپەتلەردىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. بۇلارنىڭ تۈپكى مەنپەئەتىگە مۇۋاپىق. شۇڭا، مىللىي زۇلۇمغا قارشى كۈرەشنىڭ ئەڭ ئالدىنقى سېپىدە تۇرغان قەھرىمان زاتلار، ئۆزى مەنسۇپ بولغان ئەشۇ مىللەتنىڭلا قەھرىمانى بولۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەھرىمانى بولۇشقا مۇناسىپ.

بەزى يولداشلار مىللىي قەھرىمانلارنى باھالىغاندا، دائىم خەنزۇلارنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ھەم مەدەنىيىتىنىڭ ئوينىغان رولىنى قوغداشنى تەكىتلەپ، كىشىلەرگە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئىلغارلىقى ۋە قالاقلىقى بىلەن مىللىي ئورۇشنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغاندەك تەسىرىنى قالدۇرماقچى بولىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە مۇۋاپىق ئەمەس. ئەگەر يۆي فېينىڭ جىنغا قارشى تۇرۇشىنى خەنزۇلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ھەم مەدەنىيىتىنى قوغداشتىكى ناھايىتى چوڭ تۆھپىسى، پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قاراپ، ئۇنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەھرىمانى دەپ ئاتىساق، ئاگۇدانىڭ لياۋ سۇلالىسىغا قارشى چىقىشى، چىڭگىزخاننىڭ جىن سۇلالىسىغا قارشى چىقىشى، نۇرغاچىنىڭ مىڭغا قارشى ئورۇشى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇ مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ۋە مەدەنىيىتى لياۋ، جىن، مىڭغا قارىغاندا كۆپ ئارقىدا، بۇ تارىخىي شەخسلەر جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەھرىمانى بولالامدۇ؟ بىز تېخىمۇ ئارقىغا يېنىپ، يېقىنقى يۈز يىلدىن بېرى مەملىكىتىمىزنىڭ جاھانگىر دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى تۇرۇشىدا يېتىشىپ چىققان نۇرغۇنلىغان مىللىي قەھرىمانلارنىمۇ ئىنكار قىلغان بولمايمىزمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، جەمئىيەت تۈزۈمىنىڭ ئىلغار ياكى قالاق بولۇشى، ئورۇشنىڭ ئادالەتلىك ياكى ئادالەتسىز بولۇشى مۇقەررەر، ئىچكى باغلىنىشقا ئىگە ئەمەس. ھەر قايسى مىللەتنىڭ ھۆكۈمرانلىرى باشقا مىللەتلەرنى ئېزىش ئۈچۈن ئورۇش قوزغىغاندا، ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ مۇددىئاسى ۋە مەقسىتى ئۆز مىللىتىنىڭ بىر قەدەر ئىلغار بولغان ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى بىلەن مەدەنىيىتىنى باشقا مىللەتلەرگە تارقىتىشنى مەقسەت قىلمايدۇ. بەلكى، باشقا مىللەتلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، بۇلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇ ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنىڭ نورمال تەرەققىيا-

تىنى بۇزۇپ تاشلىشى، توختىتىپ قويۇشى، ھەتتا ئارقىغا چېكىندۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. ئېزىلگۈچى مىللەتنىڭ قارشى تۇرۇش كۈرىشى، غەلىبىگە ئېرىشىشى بىلەنلا، مىللىي زۇلۇمنىڭ كىشەنلىرىنى پاچاقلاپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ نەتىجىسى ئۆز مىللىتىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى چوڭ كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرىدۇ. جۇرجىت، موڭغۇل، مانجۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادى، ئاگۇدا، چىڭگىزخان، نۇرغاچ رەھبەرلىكىدە مىللىي زۇلۇمغا قارشى ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، قۇللۇق تۈزۈمدىن فېوداللىق تۈزۈمگە قاراپ چوڭ سەكرەش قىلدى. بىزنىڭ مەملىكىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ مىسلىسىز سۈرئەتتە ئەۋج ئېلىشىمۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، جاھانگىرلىك ھەم ئۇنىڭ گۇماشتىلىرىنىڭ زۇلۇمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغاندىن كېيىنلا ئەمەلگە ئاشتى. شۇڭلاشقا، مەيلى قايسى مىللەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى ھەم مەدەنىيىتى ئىلغار ياكى قالاق بولسۇن، ئۇ مىللىي زۇلۇم سالىدىغان ئۇرۇشنى قوزغايدىكەن، ئۇ ئادالەتسىز ئۇرۇش بولىدۇ. مىللىي زۇلۇمغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان ھەر قانداقلىكى ئۇرۇش ئادالەتلىك ئۇرۇش بولىدۇ. بىزنىڭ مىللىي قەھرىمانلارنى باھالاشتىكى مىزانىمىز، پەقەت ئۇنىڭ ھەققانىي تەرەپتە تۇرغان ـ تۇرمىغانلىقىغا، چەت دولەتنىڭ مىللىي زۇلۇمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇشتا تۆھپىسىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا قارايمىزكى، بۇنىڭدىن باشقىچە بولمايدۇ.

يېقىندىن بېرى بەزى يولداشلار مىللىي قەھرىماننىڭ مەزمۇنىنى كېڭەيتىش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنى تېخىمۇ كەڭرەك مۇھاكىمە قىلىپ باقساق بولىدۇ. لېكىن، بەزى يولداشلار ئۆز مىللىتىنىڭ بىرلىكى ۋە تەرەققىياتى، مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كوپ مىللەتلىك دولەت بولۇپ تەرەققىي قىلىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشىگە توھپىسى بار ـ يوقلۇقىنى مىللىي قەھرىمانلارنى ئۆلچەيدىغان مىزان قىلىپ ياللۇغ ئاباۋجىر ۋە قوبلاي قاتارلىق كىشىلەرنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قەھرىمانى قىلىپ ئاتىۋالدى. يەنە بەزى يولداشلار تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دۇشيۇنىڭ جىن سۇلالىسىنىڭ تەرەققىي قىلىپ كۈچىيىشىدە، دۇپېڭنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ جەنۇپقا قاراپ تەرەققىي قىلىشىدا توھپىسى بار، ئۇلارنىڭ ھەر قايسى جىن ۋە چىڭنىڭ مىللىي قەھرىمانى بولىدۇ-غۇ، دەپ قارىماقتا. بۇ خىل كوز قاراشنىڭ كىشىلەرنى قايىل قىلىشى تەس. ئەگەر مۇشۇ مىزان بويىچە بولغاندا، پەقەتلا ياللۇغ ئاباۋجىر، قوبلاي قاتارلىقلار مىللىي قەھرىمان بولۇپ قالماي، چىن شىخۇاڭ، خەن ۋۇدى، تاڭگاۋزۇڭ، سۇڭگاۋزۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىمۇ مىللىي قەھرىمان بولىدۇ. مۇشۇنداق پەرەز قىلغاندا، ئومۇمەن ئۆز مىللىتى ھەم پۈتۈن جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ناھايىتى چوڭ توھپىسى بار ئىنقىلاۋىي داھىلار، سىياسىيونلار، ھەربىي ئالىملار، مۇتەپەككۇرلەر، ئالىملار، يازغۇچىلار، سەنئەتچىلەرنىڭ ھەممىسى مىللىي قەھـ

رىمان دەپ ئاتىلىدۇ. دىمەك، مىللى قەھرىمان بىلەن مەشھۇر ئەرباپلارنىڭ ئارىسىدا
ھېچقانداق پەرق قالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ تەشەببۇسقا ئاساسلانغاندا،
قوبلاي، ۋېن تيەنشياڭ، دۇشيۇ، يۈي فېي، دۇپېڭ، سىكېپا قاتارلىق تۈپتىن بىر
بىردىگە قارىمۇ - قارشى بولغان شەخسلەرنىڭ ھەممىسى" مىللى قەھرىمان بولۇپ
قالىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەق بىلەن ناھەق تالاش - تارتىشىنى قانداق باھالاشىمۇمكىن؟
ئۇ ھالدا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر قاتار ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشنى تارىخ-
تىكى ئۇقۇشماسلىق دەيمىزمۇ؟ بۇ مەسىلە مەيلى قانداق چۈشەندۈرۈلسۇن، ھامان
زىددىيەت بىلەن تولۇپ، گەپنى يورغىلىتىش ناھايىتى تەسكە چۈشىدۇ.

مىللى قەھرىمان دىگىنىمىز، ئالاھىدە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مېنىڭچە،
مىللى قەھرىمانلىق بىلەن مىللى كۈرەش ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتلىك. مىللى كۈ-
رەشتىن ئايرىلغان مىللى قەھرىمانلىق بولمايدۇ. پەقەت مىللى زۇلۇمغا ھەم چەت
مىللەتنىڭ تاجاۋۇزىغا قەتئى قارشى تۇرغان، كۈرەش جەريانىدا تىز پۈكمەيدىغان
قەھرىمانلىق جاسارىتىنى ئىپادە قىلىپ ناھايىتى چوڭ تۆھپە قوشقان ئاشۇ مەشھۇر
ئەرباپلارلا مىللى قەھرىمان دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ پرىنسىپقا ئاساسەن، مىللى قەھ-
رىمانلارنى بەلگىلىگەندە، مىللى قەھرىمان بىلەن باشقا مەشھۇر ئەرباپلارنى پەرق-
لەندۈرگىلى بولىدۇ. يالۇغ ئاباۋجىي، قوبلاي قاتارلىقلار ئۆز مىللىتىنىڭ تەرەققى-
ياتى، كۆچىيىشى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشۇپلا قالماي، بەلكى چىن شىخۇاڭ، خەن
ۋۇدى، تاڭ گاۋزۇڭ، سۇڭ گاۋزۇلارغا ئوخشاش، مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن
كوپ مىللەتلىك دولەت بولۇپ تەرەققى قىلىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشىدە ناھايىتى
كوپ ئاكتىپ ئامىللارنى قوشتى، بۇنى ئەلۋەتتە مۇقىملاشتۇرۇشىمىز لازىم. لېكىن،
ئۇلار بۇنىڭ بىلەنلا مىللى قەھرىمان ئاتالمايدۇ. چۈنكى، تارىخىي شەخسلەرنى
ئوخشىمىغان ئىككى نۇقتىدىن باھالايمىزكى، ئىككىسىنى بىر بىرى بىلەن ئارىلاش-
تۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ پرىنسىپقا ئاساسەن مىللى قەھرى-
مانلارنى بېكىتكەندە، قوبلاي، ۋېن تيەنشياڭ قاتارلىق بىر بىردىگە قارىمۇ -
قارشى تارىخىي شەخسلەرنى باھالاشتىكى زىددىيەتلەر ئوڭايلا ھەل بولۇپ كېتىدۇ.
يۈەن سۇلالىسىدىكى قوبلاي جۇڭگونى بىرلىككە كەلتۈردى. فېئوداللىق ئىقتىساتىنىڭ
تەرەققىياتىغا ھەم ئوتتۇرا جۇڭگو بىلەن چېگرا رايون مۇناسىۋىتىگە ماس
كېلىدىغان تەدبىر قوللىنىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن كوپ
مىللەتلىك دولەت بولۇپ تەرەققى قىلىشى ۋە مۇستەھكەملىنىشى ئۈچۈن،
ئوبيېكتىپ جەھەتتە ناھايىتى ئاكتىپ رول ئوينىدى، لېكىن
ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ مۇددىئاسى ۋە مەقسىتى ئۆزىنىڭ ھو-
كۈمرانلىقىنى قوغداش، ئۆزىنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسىنى كۈچەيتىشنى مەقسەت قىل-
غان ئىدى، سۇڭ سۇلالىسىنى يوقىتىش جەريانىدا ناھايىتى ئېچىنىشلىق ھەربى قىر-


AltunOq

غىنچىلىق ۋە بۇلاڭچىلىق يۈرگۈزۈپلا قالماي، بەلكى مىللى ئېزىش ھەم مىللى كەمسىتىش سىياسىتىنى مەجبۇرى يۈرگۈزدى. ئۇنىڭ ئېلىپ بارغىنى ئادالەتسىز ئۇرۇش بولۇپ، ئۇنى مىللى قەھرىمان دەپ ئاتاشقا بولمايتتى. جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسىدىكى ھەربى ۋە خەلقلەرنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئۇرۇشى ھەققانىي ئۇرۇش، بۇ كۈرەشتە باشتىن - ئاياق چىڭ تۇرۇپ ھەم ئەڭ ئاخىرقى ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ۋېن تيەنشاڭ مىللى قەھرىمان بولۇشقا مۇناسىپ. ئوخشاشلا داۋلى، دۇشيۇ بىلەن دۇپېڭ ھەم مىللى قەھرىمان ئەمەس، پەقەت يۈې فېي بىلەن سى كېپالا ھەقىقى مىللى قەھرىمان.

× × ×

مەملىكىتىمىز قەدىمدىن تارتىپلا كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. نەچچە مىڭ يىللىق تارىخي تەرەققىياتنى باشتىن كەچۈرۈپ چىڭ دەۋرىگە كەلگەندىلا، جۇڭگونىڭ تېررىتورىيىسى مۇقىملاشتى. ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق ھالدا سىڭىشىپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىن بولۇش تارىخى ئاخىرلاشتى. ھەر مىللەتنىڭ تارىخىدا شەكىللەنگەن شەرەپلىك ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسى ھەم مىللى قەھرىمانلىقنىڭ شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلىرى پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قىممەتلىك تارىخي مىراسى بولۇپ بىزنىڭ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىزغا، خۇلاسىلىشىمىزغا ۋە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

قەدىم دەۋردىن قېپقالغان تارىخي ھۆججەت ۋە ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنى خەنزۇ يازغۇچىلار يازغان. فېئوداللىق ۋارىسلىق كۆز قارىشى ھەم چوڭ خەنزۇچىلىق ئىدىيىسىنىڭ كونتىروللىقىغا ئۇچرىغانلىق سەۋەبىدىن، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخي ھەركىتىگە دائىر خاتىرىلەر ناھايىتى ئاز بولغاندىمۇ، ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلىنغان، بۇرمىلانغان سۆزلەر بىلەن تولغان. ئومۇمەن ئۇلارنىڭ ۋەتىنىمىز تارىخىدىكى تۆھپىسىنى جېنىنىڭ بېرىچە يوققا چىقارغان ۋە تۆۋەنلەتكەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن مىللى قەھرىمانلىقنى بايان قىلىش ۋە باھالاش تېخىمۇ بولمىغان. ئازاتلىقتىن كېيىن ئىلمىي خادىملار ماركسىزمنى يېتەكچى قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تارىخي پائالىيىتىگە قايتا باھا بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئەھۋالدا ناھايىتى چوڭ ئۆزگىرىش بولدى. لېكىن ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىنى ۋە مىللى قەھرىمانلىقنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىز يەنىلا يېتەرسىز بولغانلىقتىن، كىشىلەرگە قەدىمقى ئازسانلىق مىللەتلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك كەم ئىدى، مىللى قەھرىمان يوق ئىدى، دېگەن خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىپ قويۇلۇۋاتىدۇ. بۇ خىل ھالەت چوقۇم ئۆزگەرتىلىشى لازىم.

ئەمەلىيەتتە مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇلارغا ئوخشاشلا بىزنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە سادىق، ئۇنى قىزغىن سۆيىدۇ. ئۇلار ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە باي. مەسىلەن: شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىدىكى سىيانپىلارنىڭ ئاتاقلىق خەلق ناخشىسى «تۇرا ناخشىسى» سەددىچىن سېپىلىنىڭ شىمالىدىكى گۈزەل، باي رايونلارنىڭ مەنزىرىلىرىنى ناھايىتى جانلىق قىلىپ تەسۋىرلەپ، مەدھىيە ئوقۇپ، خەلقىنىڭ ۋەتىنىمىزنىڭ ئايرىلماس قىسمى بولغان موڭغۇل يايلىقىغا بولغان چەكسىز مۇھەببىتىنى قوزغىغان. بۇ لى بەينىڭ شېئىرلىرىدا مەدھىيىلەنگەن رەڭگا - رەڭ بۇلۇت ئورىۋالغان بەيدى قەلئەسى، ئاجايىپ ھەيۋەتلىك تيەنلاۋ تېغى، شاۋقۇن - سورەنلىك خۇاڭخې دەرياسى، ئۇزاققا سوزۇلۇپ مانەندەك كورۈنىدىغان چاڭجياڭ دەرياسى دىگەنگە ئوخشاش چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنغا ئىگە. مىلادى 10 - ، 12 - ئەسىرلەرنىڭ ئالدى - كەينىدە مەيدانغا كەلگەن قىرغىز مىللىتىنىڭ ئاتاقلىق تارىخىي داستانى «ماناس»، ماناس ئۇرۇق - جەمەتىنىڭ نەچچە ئەۋلات ئوز مىللىتىنىڭ ھايات - ماماتىنى قوغداش ۋە موڭغۇللار، ماڭغۇشلار ھەم قالماقلارنىڭ تاجاۋۇزىغا ۋە قۇل قىلىشىغا قارشى ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرىدىكى قەھرىمان ئىش ئىزلىرىنى بايان قىلغان. ماناسقا مەدھىيە ئوقۇش — ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل قىرغىز مىللىتىنىڭ ئەمگەكچانلىقى، مېھماندوستلۇقى، يوقسۇللارنىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغان ئالىجاناپ پەزىلىتى ۋە "تەندە جان بولسىلا، دۈشمەنگە زەربە بېرىمىز شۇ زامان" دەيدىغان، ئەركىنلىكنى جاندىن ئېزىز كورىدىغان، ئۆلسىمۇ تىز پۈكمەيدىغان قەيسەر خىسلىتى شىمالىي سۇلالىلار دەۋرىدىكى «مولەن شېئىرى» قاتارلىق ئەسەرلەرگە ئوخشاش ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنىڭ نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى. مىڭ سۇلالىسىنىڭ جاچىڭ يىللىرىدىكى خۇبېي، خۇنەننىڭ يۈنشۈن، باۋچىڭ رۇگىمىدىكى تۇجا مىللىتىدىن بولغان فىڭ جىنچىن، فىڭ يىنەن، تيەن جۇشياۋ، گۇاڭشى تيەنجۇدىكى جۇاڭ مىللىتىدىن بولغان ۋاسىنىڭ خانىمى ئاز سانلىق مىللەتنىڭ "يەرلىك قىسىملىرى" بىلەن "بورى قىسىملىرى"نى باشلاپ، جاڭسۇ، جېجياڭلاردىكى ياپونغا قارشى ئالدىنقى سەپلەردە ھۇجۇمغا ئۆتكەندە، يۇداجاڭ، چى جىگۇاڭلارغا ئوخشاش ئالىجاناپ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقنى ئىپادىلىگەن. ئەگەر كۈچ چىقىرىپ بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىنى يىغىشقا توغرا كەلسە، كوپلەپ تاپقىلى بولىدۇ.

مەملىكىتىمىزدىكى ئازسانلىق مىللەتلەرمۇ خەنزۇلارغا ئوخشاشلا ئەركىنلىكنى قىزغىن سۆيىدىغان، مىللى زۇلۇمغا قارشى كۈرەش قىلىدىغان روھقا باي. قەدىمدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ھوكۇمرانلىرى باشقا مىللەتلەرگە تاجاۋۇزچىلىق، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش ئۇرۇشلىرىنى قىلغان. ئەمما، كوپ ۋاقىتلاردا ئاز سانلىق

مىللەتلەر ھوكۇمرانلىق قىلىنىشقا ئۇچرىغان. شۇڭا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باشقا مىللەتلەرگە، بولۇپمۇ، خەنزۇ سۇلالىلىرىنىڭ مىللىي زۇلمى ۋە ھەربىي تالان ـ تاراج قىلىشىغا قارشى كۈرەش خاتىرىلىرى تارىختا ناھايىتى كۆپ خاتىرىلەنگەن. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ۋەتىنىمىزنىڭ چېگرا رايونلىرىدا ئولتۇراقلاشقان بولۇپ، چەت مەملىكەتلەر بىلەن چېگرىداش. ئەگەر چەت مەملىكەت مىللەتلىرىنىڭ تاجاۋۇزى يۈز بەرسە، ئۇلار ئالدى بىلەن زىيانغا ئۇچرايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ھامان ئەڭ بۇرۇن تاجاۋۇزچىلىققا قارشى كۈرەش بايرىقىنى كۆتىرىپ چىقىپ، تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۈشمەنگە قارشى باتۇرانە كۈرەش قىلىشقا ئاتلىنىدۇ. بۇنداق خاتىرىلەر سان ـ ساناقسىز. ئاشۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئىچىدىكى مىللىي ئېزىش ۋە چەت مەملىكەت مىللەتلىرىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى كۈرەشنىڭ ئوت يالقۇنى ئىچىدە زور تۈركۈمدىكى ئاز سانلىق مىللەت قەھرىمانلىرى بارلىققا كەلدى. يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغاندىن باشقا، يەنە شەرقىي خەن دەۋرىدىكى چاڭ مىللىتى قوزغىلىڭىنىڭ داھىسى جىن لىڭ، لىڭ چاڭ، لياڭمۇ، غەربىي جىڭ دەۋرىدىكى يى ئايمىقى (ھازىرقى كۇنمىڭ ئەتراپىغا توغرا كېلىدۇ)دىكى سەرگەردان خەلقلەر قوزغىلىڭىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت داھىسى لى تې، جىن ئايمىقى (ھازىرقى چاڭجياڭ ۋادىسى ئەتراپىدىكى رايونلارغا توغرا كېلىدۇ.) دىكى سەرگەردان خەلقلەر قوزغىلىڭىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت داھىسى جاڭ چاڭ، شىمالىي ۋېي دەۋرىدىكى ئالتە قەلئەدىكى قوزغىلاڭنىڭ ھون سەركەردىسى بولغان باجۇن، سۇڭ دەۋرىدىكى لى ئۇرۇغ جەمەتى سۇلالىسىنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ قول قىلىشىغا قارشى تۇرۇپ، ئۇنى توساش ئۈچۈن ئەسكەر باشلاپ قوزغىلاڭ قىلغان جۇاڭ مىللەت داھىسى يى جىگاۋ، مىڭ دەۋرىدىكى داتىڭ قىساسىدىكى قوزغىلاڭنىڭ ياۋ مىللەت داھىسى لەن شيۇئېر، خۇداجۈي خۇجىڭ ئاڭ، چىڭ دەۋرىدىكى مياۋ مىللىتى قوزغىلىڭىنىڭ داھىسى شى لياۋدىڭ، ئۇبايۇ، خۇيزۇلار قوزغىلىڭىنىڭ داھىسى دۇۋېنشيۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مىللىي قەھرىمان بولۇشقا مۇناسىپ، بۇندىن باشقا، يەنەقايتىدىن تەتقىق قىلىپ باھالاشقا تېگىشلىك نۇرغۇنلىغان ئازسانلىق مىللەت تارىخىي شەخسلىرى بار، ئۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇنلىرىنى مىللىي قەھرىمان دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

مىللىي مۇناسىۋەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەرلىك پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز زۆرۈر. تارىختىكى مىللىي قەھرىمانلار بىلەن ۋەتەنپەرۋەرلىككە تەتقىق قىلىپ باھا بېرىش ئۆتكەنكى .مىللىي مۇناسىۋەتلەرگە بىۋاستە بېرىپ تاقالغانلىقى ئۈچۈن، مىللىي باراۋەرلىك پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. ھەرگىزمۇ خەنزۇلارغا بىر خىل ئۆلچەم، ئازسانلىق مىللەتلەرگە بىر خىل ئۆلچەم بولماسلىقى، ئومۇمەن ئازسانلىق مىللەتلەر خەنزۇلارغا ھۇجۇم قىلسا، ئۇنى بىراقلا تاجاۋۇزچىلىق، ئاسىيلىق دەپ ئەيىبلىمەسلىكىمىز،

خەنزۇلار ئازسانلىق مىللەتلەرگە ھۇجۇم قىلسا، ئۇنى پۈتۈنلەي ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللىي قەھرىمانلىق دەپ ئاتىماسلىقىمىز لازىم. بىز فېئوداللىق ۋارىسلىق كۆز قارىشى ھەمدە تار مىللەتچىلىك، بولۇپمۇ، چوڭ خەنزۇچىلىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىنى ئۈزۈل-كېسىل تازىلىشىمىز، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ۋە ئاتاقلىق شەخسلەرنىڭ تارىخىي پائالىيەتلىرىنى، پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەيدانىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، تارىخىي ماتېرىيالىزملىق كۆز قاراش بويىچە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىشىمىز، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەركىتى ۋە ئىدىيىسى بىلەن مىللىي قەھرىمانلىققا تەۋە ئىش ئىزلار بولسا، مەيلى ئۇ قايسى مىللەتتە بارلىققا كەلگەن بولسۇن، ئوخشاش مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەنىۋى بايلىقى دەپ قاراپ، تەنقىدىي ھالدا ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندا، مىللىتىمىزنىڭ غۇرۇرى ۋە ئىشەنچىسىنى زور دەرىجىدە يۇكسەلدۈرگىلى، مىللىي ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتكىلى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىدىكى ھەر قايسى مىللەت پەرزەنتلىرىنىڭ ئۆز كۈچىنى ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىغا تەقدىم قىلىشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

مويدىن تەرجىمىسى

(«مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى» 1982 - يىلى
3 - سانىدىن تەرجىمە قىلىندى)

## بىلىم توغرىسىدا

△ ئىلىم -بىلىمدىن قۇدرەتلىك بولغان ھېچقانداق كۈچ يوق، ئىلىم - بىلىم بىلەن قوراللانغان كىشىلەر ھامان غالىپتۇر.

— گوركى

△ ئۆزىنىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى بىلمەسلىك قوش بىلىمسىزلىكتۇر.

— پىلاتون

△ نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋېلىشنىڭ ئاچقۇچى، نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىر يوللا ئۆگىنىۋېلىش خىيالىدا بولماسلىق.

— لوك

△ بىرەر ئىشنى ئۆگىنىۋېلىشتا ئەڭ مۇھىمى، ئۆگەتكۈچىنىڭ كىشىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى ئەمەس، بەلكى ئۆزەڭدە شۇنداق ئاڭ ۋە ئىرادىنىڭ بولۇش - بولماسلىقى.

— فابور

# مەملىكىتىمىزنىڭ يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيانقى ئاساسىي قانۇنلىرىدا مىللى مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر تارىخىنى تەكشۈرۈش

لى رۇجۇڭ

## مىللى مەسىلە ۋە ئاساسىي قانۇن

مەملىكىتىمىز كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت بولۇپ، مىللى مەسىلە ئەزەلدىن تارتىپ ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ كەلمەكتە. بۇ ماقالىنىڭ مەقسىتى يېقىنقى زاماندا ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسى ھەركەت مەيدانغا كەلگەن ۋە ئاساسىي قانۇن بارلىققا كەلگەندىن بۇيانقى ئاساسىي قانۇنلاردىكى مىللى مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىنى مۇھاكىمە قىلىش؛ بۇ ئارقىلىق چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن بۇيانقى ھەرقايسى ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ مىللى مەسىلىگە بولغان قارىشى ۋە ئۇنى ھەل قىلىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلىش؛ پارتىيىمىزنىڭ مىللى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا دائىر نەزەرىيە ۋە سىياسەتلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىشتىن ئىبارەت.

مەملىكىتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان ئاساسىي قانۇنلۇق سىياسى ھەركىتى 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا قوزغالغان بولۇپ، ھازىرغا قەدەر يۈز يىللىق تارىختا ئىگە بولۇپ قالدى. مەملىكىتىمىزنىڭ بىرىنچى قېتىملىق ئاساسىي قانۇنى 1908 - يىلى بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭغىمۇ 75 يىل بولدى، بۇ مەزگىلدە ئۈچ خىل ئوخشىمىغان كۈچنىڭ تەلىۋى بويىچە، ئۈچ خىل ئوخشىمىغان تىپتىكى ئاساسىي قانۇندىن يىگىرمىسى بارلىققا كەلگەن ئىدى. بىرىنچى خىلى، چىڭ سۇلالىسى، شىمالىي مىللىتارىستلاردىن باشلاپ تاكى جياڭجيېشى گومىنداڭى تۈزگەن قورچاق قانۇنلار. بۇنىڭ ئىچىدە چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئىككى، شىمالىي مىللىتارىستلارنىڭ تۆت، جياڭجيېشى گومىنداڭىنىڭ تۆت بولۇپ، جەمئى 10 قىسىمدىن ئىبارەت. ئىككىنچى خىلى، جۇڭگو مىللى بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تۈزگەن بۇرژۇئا دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى، بۇ بىر قىسىم. ئۈچىنچى خىلى، ئىشچىلار سىنىپى رەھ-



AltunOq

بىرلىك قىلىنغان، ئىشچى - دىخانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنلىرى. بۇ سوتسىيالىستىك خاراكتىردىكى ئاساسىي قانۇنلار. بۇ 1949 - يىلى 9 - ئايدا تۈزۈلگەن «ئورتاق پۇروگىرامما»نى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، جەمئى ئۈچ قىسىمدىن ئىبارەت. پۈتۈن مەملىكەت ئازات بولۇشتىن ئىلگىرى ئىنقىلاۋىي بازىلاردا بارلىققا كەلگەن توت قىسىم ئاساسىي قانۇنلار ۋە ئاساسىي قانۇن خاراكتىرىنى ئالغان ھوججەتلەرمۇ مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ. (شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، يۇقۇرىدا زىكرى قىلىنغان ئاساسىي قانۇنلارنىڭ بەزىلىرى رەسمىي ئېلان قىلىنغان، بەزىلىرى ئېلان قىلىنمىغان، بەزىلىرى رەسمىي ھوججەت بولغان بولسا، بەزىلىرى لايىھە، بەزىلىرى ئاساسىي قانۇن ۋە بەزىلىرى بولسا، ئاساسىي قانۇندەك كۈچكە ئىگە بولغان ئاساسىي قانۇن خاراكتىرلىق ھوججەتلەردىن ئىبارەت ئىدى).

مىللىي مەسىلە بارلىق سىنىپلار ئۈچۈن ئوبيېكتىپ مەۋجۇت. تارىختا ھەرقايسى سىنىپلار مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقتى. لېكىن ھەرقايسى سىنىپنىڭ سىنىپىي ماھىيىتى ۋە تۇرۇۋاتقان تارىخىي شارائىتىنىڭ ئوخشىماسلىقى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتا قوللانغان ئۇسۇلى ۋە سىياسىتى مۇقەررەر ئوخشاش بولمىدى. دولەتنىڭ تۈپ چوڭ قانۇنى، سىنىپ ۋە سىياسىي پارتىيە مەنپەئەتىنىڭ ئەڭ يۈكسەك ھالدا مەركەزلەشكەنلىكىنىڭ گەۋدىلىنىشى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۇقۇرىدا زىكرى قىلىنغان ئۈچ خىل ئوخشىمىغان تىپتىكى ئاساسىي قانۇنلار ھەرقايسى سىنىپنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى پۇروگىرامما ۋە سىياسەتلىرىنى مەركەزلىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنداقتا مىللىي مەسىلە دېگەن نېمە؟ مەملىكىتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان ۋە ھازىرقى زاماندىكى مىللىي مەسىلىلىرى نېمىدىن ئىبارەت؟ مېنىڭچە، مىللىي مەسىلىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مىللىي مەسىلە — مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت مەسىلىسى، يەنى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باراۋەرسىزلىك، ئىتتىپاقسىزلىق مەسىلىسىدىن ئىبارەت. «ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، مىللىي مەسىلىمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. ھەرقايسى ئوخشىمىغان دەۋردە بىر بىرىگە ئوخشىمىغان سىنىپلار كۈرەش سەھنىسىدە بارلىققا كېلىدۇ، شۇنداقلا ھەرقايسى سىنىپلار ئۆز كوزقارىشى بويىچە مىللىي مەسىلىنى چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي مەسىلە بىر بىرىگە ئوخشىمىغان دەۋردە ھەر خىل ئوخشىمىغان مەنپەئەتكە خىزمەت قىلىدۇ، جۈملىدىن ھەر خىل تۈس ئالىدۇ»①. 1840 - يىلدىكى ئەپيۇن ئۇرۇشىدىن باشلاپ، جاھانگىرلىك، فېودالىزىم، بىيۇروكرات كاپىتالىزمىنىڭ ئېزىشى ۋە ھوكۇمرانلىقى تۈپەيلىدىن، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىندى، مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەر-

① «ستالىن ئەسەرلىرى» خەنزۇچە نەشرى، 1 - توم، 27 - بەت.

نىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە ئورنى بولمىدى. شۇنىڭ بىلەن «سىرتقا قارىتا، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇزۇل - كېسىل ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش تەلىۋى، ئىچكى جەھەتتە بولسا، مەملىكەت ئىچىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەڭ - باراۋەر بولۇش تەلىۋى تۇغۇلدى»②. دېمەك، بۇ تا 1949 - يىلى يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانغا قەدەر جۇڭگودىكى ھەرقايسى سىنىپلار مىللىي مەسىلىدە دۇچكەلگەن ئاساسىي ۋەزىيەت ئىدى.

## 1. چىڭ خاندانلىقى ئىككى ئاساسىي قانۇنىنىڭ ئەھۋالى

چىڭ خاندانلىق ھوكۇمىتى گۇاڭشۈينىڭ 34 - يىلى يەنى 1908 - يىلى «پادىشا ھوزۇرىدا بېكىتىلگەن ئاساسىي قانۇن پۇروگىرامما»سىنى جاكالىدى، بۇ جۇڭگو تارىخىدا ئېلان قىلىنغان بىرىنچى قېتىملىق ئاساسىي قانۇن بولدى. ئەينى زاماندا بۇ «ئاساسىي قانۇن پىروگىرامما»سى بۇرژۇئا ئىنقىلابچىلىرىنىڭ قارشى چىقىشى ئارقىسىدا، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تەرىپىدىن تۈكۈرۈپ تاشلانغاندىن كېيىن، ئىنقىلاپ ۋەزىيىتى تەرەققىياتىنىڭ قىستىشى بىلەن چىڭ خاندانلىقى ئۆزى ھالاك بولۇش ئەرپىسىدە شۈەنتۇڭنىڭ 3 - يىلى، 1911 - يىلى «چوڭ 19 ماددىلىق ئاساسىي قانۇن» نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ، خەلق ئاممىسى دائىم ئاتاپ كەلگەن «19 ماددا» دىن ئىبارەت. «پادىشا ھوزۇرىدا بېكىتىلگەن ئاساسىي قانۇن پۇروگىرامما»سى ئومۇمەن، "پادىشانىڭ ئالىي ھوقۇقى" ۋە "ئەمەلدارلار بىلەن خەلقلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى" دىن ئىبارەت ئىككى قىسىمدىن تەركىب تاپقان. "پادىشانىڭ ئالىي ھوقۇقى" دېگەن بەلگىلىمىدە "چىڭ ئىمپېرىيىسى مەڭگۈ ياشايدۇ، پادىشانىڭ ئورنى مۇقەددەس، ھېچقانداق دەخلى - تەرۇزگە ئۇچرىمايدۇ" دەپ كورسىتىلگەن. "ئەمەلدارلار ۋە خەلقلەرنىڭ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى" دېگەن قىسمىدا، قانۇن يول قويغان چەكلىمە ئىچىدە "ئەمەلدارلار ۋە خەلقلەر"دا پەقەت مەلۇم ئەركىنلىك ۋە ھوقۇق بولىدۇ دەپ كورسىتىلگەن بولسىمۇ، بۇ "ئەركىنلىك" ۋە "ھوقۇق" دېگەنلەرنى پادىشا زورۇر تاپقاندا، "بۇيرۇق چۈشۈرۈش، چەكلەش" ئۇسۇللىرى بىلەن تارتىۋالالايتتى.

«19 ماددا»نى چىڭ ھوكۇمىتى شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ مىلتىق ئاۋازىنىڭ تەھدىدى ئاستىدا، ئۈچ كۈن ئىچىدىلا ئالدىراپ - تېنەپ تۈزۈپ چىقىپ جاكالىغان ئىدى. ئۇنىڭ يادروسى ۋە مۇھىم مەزمۇنى "پادىشا ھوزۇرىدا بېكىتىلگەن ئاساسىي قانۇن پۇروگىرامما"سى بىلەن ئوپ - ئوخشاش بولۇپ، جىنىنىڭ بىرىچە پادىشانىڭ ھوقۇقىنى قوغداشتىن ئىبارەت.

بۇ ئىككى قىسىم ئاساسىي قانۇن شۇنى تولۇق ئىسپاتلايدۇكى، چىڭ خاندان-

② «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 2 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، - بەت.

لىغىنىڭ ھوكۇمرانلىغى جۇڭگودىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ زىندانى ئىدى. ئۇ، تا ھالاك بولغانغا قەدەر ھەر مىللەت خەلقلىرىگە قىلچە باراۋەرلىك، ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىيە ھوقۇقى بەرمىگەن. ئۇ، پەقەت «قانۇن تۇرغۇزۇش» نامى بىلەن «ھاكىم مۇتلەقلىق»نى يولغا قويغان، خالاس.

## 2. «جۇڭخۇا مىنگو ۋاقىتلىق قانۇن»دا مىللى مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر

شىنخەي ئىنقىلاۋى جۇڭگودا 2 مىڭ يىلدىن ئارتۇق ھوكۇمرانلىق قىلىپ كەلگەن فېودال ئىمپېرىيە تۇزۇمىگە خاتىمە بەردى. سۇن جۇڭسەن ئەپەندى باش چىلىغىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلاپچىلىرى نەنجىڭدا ۋاقىتلىق ئىنقىلاۋى ھوكۇمەت قۇرۇپ، ئارقىدىنلا 1912 - يىلى «جۇڭخۇا مىنگونىڭ ۋاقىتلىق قانۇنى»نى تۇزۇپ چىقتى (تۆۋەندە قىسقارتىپ «ۋاقىتلىق قانۇن» دەپ ئاتايمىز). بۇ جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇن تۇزۇش تارىخىدا، بۇرژۇئا دېموكراتىك خاراكتېرىغا ئىگە بىرىنچى ئاساسىي قانۇن بولۇپ، بەلگىلىك ئىلغار تارىخي ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ «ۋاقىتلىق قانۇن» نىڭ ئومۇمى پىروگراممىسىدا «جۇڭخۇا مىنگو خەلقلىرىنىڭ ھەممىسى بىردەك باراۋەر، ئىرقى، سىنىپ، دىن ئايرىمىسى بولمايدۇ» دېيىلگەن. شۇنىڭدىن باشلاپ، فېوداللىق تۇزۇمنىڭ خەلقلەردىكى «خوجايىن»، «قۇل»، «ئالى»، «پەس» دىگەن ئايرىملىقلار بىۋاستە ئىنكار قىلىنغان ھەمدە جۇڭگو تارىخىدا ھەممە مىللەت باراۋەر دىگەن سىياسى تەشەببۇس تۇنجى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولدى.

«ۋاقىتلىق قانۇن» نىڭ 18 - ماددىسىدا، چېگرا رايونلاردىكى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەلۇم ساندىكى خادىملارنى سايلاپ چىقىپ كېڭەش ئەزاسى قىلىش، مەلۇم دەرىجىدە دولەتنى ئىدارە قىلىش باراۋەرلىك ھوقۇقى بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. دەرۋەقە، بۇ «ۋاقىتلىق قانۇن» دا، يەنىلا جۇڭگو مىللى بۇرژۇئازىيىسىنىڭ چەكلىمىلىگى ئەكس ئەتكەن. ئۇنىڭدا بەلگىلەنگەن ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئەركىنلىگى ۋە ھوقۇقى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر، ئاتالمىش «جىددى زورۇرىيەت» ئاستىدا، لازىم تېپىلسا چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ ياكى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. كېڭەش پالاتاسىنىڭ تەشكىللىنىشىدە بولسۇن، مىنگو ھوكۇمىتىنىڭ تەشكىللىنىشىدە بولسۇن، ھېچقايسىسىدا دېموكراتىيە دىگەن نەرسە يوق. مانا بۇلار ئۇلارنىڭ تۇپ خاراكتېرلىق ئاجىزلىغىدۇر. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ قانۇندا، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، فېودالىزىمغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت ۋەزىپىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، شۇنداقلا بۇ توغرىدا بىرەر ماددىمۇ كىرگۈزۈلمىگەن، فېودا-

ئىزىمغا قارشى تۇرۇش توغرىسىدا مۇكەممەل «پىروگىرامما» ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان، جۈملىدىن مەملىكەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدىمۇ بىرەر كونكرېت سىياسەت بەلگىلەنمىگەن. ئەكسىچە، پۈتۈن دىققەت - ئېتىۋارىنى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتنىڭ ھۆكۈمەت قۇرۇلمىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، «مىنگو» دىن ئىبارەت شەكىلنى ساقلاپ قېلىشقا مەركەزلەشتۈرۈش بىلەنلا قانائەتلەنگەن، شۇڭا، ئىچكى - تاشقى كۈچلەرنىڭ ئېغىر بېسىمى، بۇرژۇئازىيىنىڭ خەلقتىن قورقۇپ، خەلق ئاممىسىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقى تۈپەيلى شىنخەي ئىنقىلاۋى مەغلۇپ بولۇپ ئاتالمىش «ۋاقىتلىق قانۇن» بەرباد بولۇش ئاقىۋىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

## 3. شىمالىي مىلىتارىست ھۆكۈمىتىنىڭ بىر نەچچە قېتىم ئاساسىي قانۇنىنىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرى

شىنخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، يۈەن شىكەي ئىنقىلاپ مېۋىلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، جاھانگىرلىك، فېئودالىزم، بيۇروكرات كاپىتالىزمىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىر گەۋدە قىلىنغان ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى تىكلەپ شىمالىي مىلىتارىست ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزدى.

شىمالىي مىلىتارىستلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان 17 يىل جەريانىدا، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، يۈەن شىكەي دەۋرىدە 1913 - يىلى 10 - ئايدا «تيەنتەن قانۇن لايىھىسى»ۋە 1914 - يىلدىكى «جۇڭخۇا مىنگو قانۇنى» نى، دۈەن چىرۇينىڭ 1925 - يىلى 12 - ئايدىكى «جۇڭخۇا مىنگو ئاساسىي قانۇن لايىھىسى» قاتارلىق بىر قانچە پەردە «قانۇن تۈرگۈزۈش» تىن ئىبارەت پەسكەش كومېدىيە ئوينالدى. «تيەن تەن ئاساسىي قانۇن لايىھىسى»ئادەتتە «تيەن تەن قانۇنى» دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇ قانۇن تۈزۈلگەن مەزگىللەردە بۇرژۇئا ئىنقىلاپچىلىرىنىڭ مەلۇم تەسىر كۈچى بار ئىدى، بۇلايىھىنى تۈزۈش ئىشىغا قاتناشقان دۆلەتلىك پالاتا ئەزالىرىنىڭ ئىچىدە دېموكراتىك سىياسىغا ئېتىقات قىلىدىغان كىشىلەر بىر قەدەر كۆپرەك بولغاچقا، ئۇلار يۈەن شىكەينىڭ ھاكىم مۇتلەق مۇستەبىت تۈزۈمىنى چەكلىيەلەيدىغان بىر خىل قانۇننى تۈزۈشنى ئويلۇشۇپ، «تيەنتەن قانۇن لايىھىسى»نى تۈزۈشتە«ۋاقىتلىق قانۇن»دىكى خېلى كۆپ دېموكراتىك سىياسى مەزمۇن، جۈملىدىن مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى ماددىلارغا ۋارىسلىق قىلغان ئىدى، لېكىن كېيىن، يۈەنشىكەي قانۇننىڭ ئىچىگە زۇڭتۇڭنىڭ ھوقۇقىغا دائىر مەزمۇنلارنى كىرگۈزۈشكە جېنىنىڭ بېرىچە ئورۇنغانلىقتىن، خەلق ئاممىسىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن يۈەنشىكەي چىچاڭ-

شىپ كېتىپ، دۆلەت پالاتاسىنى تارقىتىۋەتتى. نەتىجىدە «تيەنتەن قانۇن لايىھەسى» تاختاۋېشىغا ئېلىپ قويۇلغان بولدى.

يۈەنشىكەينىڭ «جۇڭخۇا مىنگو قانۇنى»نى تۈزدىتىشتىن مەقسىدى، خانلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈپ، ھاكىم مۇتلەق مۇستەبىت خانلىق تۈزۈمىنى يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى. جەمئى 10 باپ 68 ماددىدىن تەركىب تاپقان قانۇننىڭ 16 ماددىسىنىڭ ھەممىسىدىلا چوڭ زۇڭتۇڭنىڭ ھوقۇقلىرى بەلگىلەنگەن. چوڭ زۇڭتۇڭنىڭ ھوقۇق دائىرىسى شۇ قەدەر كېڭەيتىلگەنكى، پادىشالىق ھاكىم مۇتلەق دەۋرىدىكى پادىشاغا ئوخشاشلا نىمىنى قىلىمەن دىسە، شۇنى شەرتسىز قىلالايدىغان دەرىجىگە يەتكۈزۈلگەن. يۈەنشىكەي ھوكۇمىتى كېيىن تۈزۈپ چىققان «زۇڭتۇڭ سايلام قانۇنى»دا يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ زۇڭتۇڭ ھىچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، داۋاملىق زۇڭتۇڭلۇق قىلىدۇ،زۇڭتۇڭنىڭ ۋارىسى زۇڭتۇڭلۇق قىلىۋاتقان كىشى تەرىپىدىن كۆرسىتىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. شۇنداق قىلىپ، يۈەنشىكەي ئۆمۈرلۈك زۇڭتۇڭلۇق قىلغۇچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى زۇڭتۇڭلۇقنى بالىسىدىن بالىسىغا مىراس قالدۇرىدىغان زۇڭتۇڭ بولۇپ قالغان ئىدى. مۇنداق زۇڭتۇڭنىڭ ئىستىبدات پادىشادىن نىمە پەرقى بولسۇن. گەرچە «يۈەنشىكەي قانۇنى»دا خەلقلەرنىڭ ھوقۇقى توغرىسىدا 10 ماددا بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەر بىر ماددىسىدا قانۇن يولىغا قويىغان دائىرە ئىچىدىلا بەھرىمەن بولۇشقا بولىدۇ، دەپ چەك قويۇلغان. زۇڭتۇڭ گەرچە قانۇن بىلەن ئوخشاش كۈچكە ئىگە بولغان پەرمان چۈشۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئاتالمىش "خەلق ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكى" دىگەنلەر ئەمىلىيەتتە قۇرۇق سەپسەتىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. لېكىن، يۈەنشىكەي بۇنىڭغىمۇ قانائەتلەنمەي، ئاخىرى خانلىق تۈزۈمىنى تىرىلدۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىپ 83 كۈن پادىشا بولدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەيىپلىشى، نەپرەتلىنىشى بىلەن بۇ پادىشا ئۇزۇن ئۆمۈر سۈرەلمەي،ئۆزى تۈزۈپ چىققان «جۇڭخۇا مىنگو قانۇنى» بىلەن بىللە ھالاك بولدى.

ساۋكۈننىڭ«جۇڭخۇا مىنگو ئاساسىي قانۇنى»، («ساۋكۈن قانۇنى» ياكى "پارە بېرىپ سايلىنىش قانۇنى" دەپمۇ ئاتىلىدۇ) شەكىل جەھەتتىن قارىغاندا، بۇ كونا جۇڭگو ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنىڭ رەسمىي جاكالىغان بىرىنچى قېتىملىق ئاساسىي قانۇنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مۇھىم مەزمۇنى «يۈەنشىكەي قانۇنى» ۋە «تيەنتەن قانۇنى» دىگەنلەرنىڭ ئەينەن كوچۇرۇلمىسىدىنلا ئىبارەت. ئۇنىڭ بىرقاتار ماددىلىرىدا ئوخشاشلا زۇڭتۇڭنىڭ دولەت پالاتاسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقى كاپالەتلەندۈرۈلۈپ، ھىچقانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكى زىكرى قىلىنغان. ساۋكۈننىڭ پارە بېرىپ سايلىنىش قانۇنى كىشىلەر نەزىرىدىن چۈشۈپ كەتتى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قارشىلىق كورسىتىشى بىلەن «ساۋكۈن ئاساسىي



AltunOq

قانۇنى» ئېلان قىلىنىپ، بىر يىل بولا - بولمايلا ئۆزى بىلەن بىللە تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە چۆرۈپ تاشلاندى.

دۆەنچىرۇي"ۋاقىتلىق ئىجرائىيە ھوكۇمىتى" تۈزۈپ چىققان «جۇڭخۇا مىنگو ئاساسىي قانۇن لاھىيىسى»نى مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىغا سۇنۇپ، قۇرۇلتاي تەستىقلىغاندىن كېيىن ئىجرا قىلماقچى ئىدى. لېكىن پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن قۇرۇلتايىنى ئاچالمىدى. شۇڭا، دۆەنچىرۇي رېژىسسورلۇق قىلغان شىمالىي مىللىتارىستلارنىڭ ئەڭ ئاخىردا ئوينىغان قانۇن تۈزۈشتىن ئىبارەت بىر پەردە كومېدىيىسى ئاياقلاشماي تۇرۇپلا ئەمەلدىن قالدى. ئىسمى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، جىسمى ئۆزگەرمىگەن ئاتالمىش «دولەت قانۇن لاھىيىسى» مۇشۇنىڭ بىلەن كېرەكسىز قەغەز دۆۋىسىگە ئايلىنىپ قالغان ئىدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، جېنىنىڭ بېرىچە جاھانگىرلارغا تايىنىدىغان شىمالىي مىللىتارىستلار ھوكۇمىتىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقارغان ئاتالمىش قانۇنلىرى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئازاتلىقىنى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، جۇڭگو جەمئىيىتىنى مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكىدىن ئىبارەت جەھەننەمگە سورەپ كىرىپ، جۇڭگودىكى ھەرمىللەت خەلقلەرنى جاھانگىرلىك، فېودال مىللىتارىزمنىڭ ھوكۇمرانلىقى، ئېزىشى ئاستىغا تېخىمۇ چۆشۈرۈپ قويدى.

## 4. جياڭجيېشى گومىنداڭ ھوكۇمىتى قانۇنىدىكى مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمەلەر

مىللىي مەسىلە جەھەتتە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى، چىڭ خاندانلىقى ۋە شىمالىي مىللىتارىست ھوكۇمەتلىرىنىڭ جەندىسىگە ۋارسلىق قىلدى، سىرتقى جەھەتتە، جاھانگىرلىككە تېخىمۇ بېقىندى. ئىچكى جەھەتتە يېڭى مىللىتارىستلار كونا مىللىتارىستلارنىڭ ئورنىنى بېسىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈستىدىن رەھىمسىزلىك بىلەن فاشىستلىق ھوكۇمرانلىق يۈرگۈزدى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۈستىدىن ئىنتايىن ئەكسىيەتچى چوڭ خەنزۇچىلىقتىن ئىبارەت مىللىي زۇلۇم ۋە مىللىي ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزدى، سىياسى جەھەتتە، گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھوكۇمىتى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ "ھوكۇمەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش" ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي تارتىۋالغان ئىدى. شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى بىر قىسىم مىللىتارىست ۋە باشقا ئەكسىيەتچىلەرنى ئۆز يېنىغا تارتىپ، ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۇزغۇنچىلىق سېلىپ، مىللەتلەر ئارا ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىپ،

هەر مىللەت خەلقىنى باستۇردى ۋە قىرغىن قىلدى. ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئاز
سانلىق مىللەتلەرنىڭ يىلىكىنى شوراپ، تالان ـ تاراج قىلدى. جياڭ
جيېشى ئەكسىيەتچى گورۇھى جۇڭگودا كۆپ مىللەتنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ئىنكار قىلىپ،
خەنزۇلاردىن باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەرنى «نەسىلداش ئۇرۇق» دەپ ئاتاپكەل-
گەن ئىدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنى خەنزۇلارنىڭ «نەسىلداش ئۇرۇق»لىرىنىڭ چوڭ-
كىچىك تارمىقى دەپ ئەكسىيەتچى مەجبۇرى ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ،
خەنزۇ تىلى ۋە يېزىقىنى ئۆگىنىپ ئىشلىتىشنى مەجبۇرى تاڭدى. ئۇلارنى ئۆزىنىڭ
ئۆرپ ـ ئادەت ۋە مىللى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇرلىدى. ئۇلارنىڭ
دىنىي ئېتىقادىمۇ ھەرخىل كەمسىتىلدى، ھاقارەتلەندى، چەكلەندى. جياڭجيېشى
ئاللىقاچانلا «جۇڭخۇا مىللىتى «نەسىلداش ئۇرۇق» تارماقلارنىڭ ئۆزلۈكسىز قوشۇلۇشى
بىلەن نوپۇسى تەدرىجى كۆپەيگەن، بۇلار ھەممە يەرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
ھەرقايسى رايونلاردىكى «نەسىلداش ئۇرۇق» لار ئەسلى زاتى ئوخشاش بولمىسىمۇ،
يەنىلا ئۆز ئارا نىكاھلىنىش ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن بىر قان سىستېمىسىدىكى
چوڭ ـ كىچىك «نەسىلداش ئۇرۇق» لارنىڭ تارمىقىدىن ئىبارەت، جۇڭخۇا مىللىتى
(خەنزۇلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ) تۆت ئەتراپتىكى بارلىق «نەسىلداش ئۇرۇق»لاربىرلى-
شىپ، قەدىمقى مەدەنىيەتكە ئىگە بىر پۈتۈن مىللەت بولۇپ شەكىللەنگەن. تۆت
ئەتراپتىكى بارلىق «نەسىلداش ئۇرۇق» لار بولۇپمۇ ئىچكى ئۆلكىلەردىكىلەر ئال-
لىقاچان ئاسسىمىلاتسىيە بولۇپ بولدى» دەپ ئاشكارا جاكالىغان ئىدى. مەۋجۇت ما-
تېرىياللار شۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، گومىنداڭ بۇ خىل ئەكسىيەتچى مىللى
سىياسىتىنى تا بۈگۈنگە قەدەر ھېچقانداق ئۆزگەرتكىنى يوق.

جياڭجيېشىنىڭ ئەكسىيەتچى مىللى سىياسىتى ئۇنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا گەۋ-
دىلەنگەن. ئۇ خەلق ئاممىسىنى ئالداپ، ئۆزىنىڭ ئىستىبداتلىق ھۆكۈمرانلىقىغا بىر
خىل قانۇنلۇق تون كىيدۈرۈش ئۈچۈن، ئەكسىيەتچى
ھۆكۈمرانلىق يۈرگۈزۈپ كەلگەن 22 يىلدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 4 قېتىم
ئاساسىي قانۇن ۋە ئاساسىي قانۇن خاراكتېرلىق ھۆججەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقار-
دى. بۇلار 1928 ـ يىلدىكى «سىياسى پىروگىرامما»، 1931 ـ يىلدىكى «جۇڭخۇا
مىنگو ئاساسىي قانۇنى»، 1936 ـ يىلدىكى «جۇڭخۇا مىنگو ئاساسىي قانۇن لايىھە-
سى» (5 ـ ماي ئاساسىي قانۇن لايىھەسى)، 1946 ـ يىلدىكى «جۇڭخۇا مىنگو ئا-
ساسىي قانۇنى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«سىياسى پىروگىرامما» جەمى 6 ماددىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا
پەقەت بىرلا ئىشنى يەنى گومىنداڭ ئەڭ يۇقۇرى رەھبەرلىك قىلغۇچى دىگەن بەل-
گىلىمە بەلگىلەنگەن. بۇنداق دىگەنلىك، جۇڭگودىكى بارلىق چوڭ ھوقۇقتا گومىن-
داڭ ئىگە بولىدۇ دىگەنلىكتۇر. بۇ بىر پۈتۈن ماتېرىيالدا خەلق ئاممىسىنىڭ ھو-

قۇۋقى توغرىسىدا بىر ئېغىز گەپنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش توغرىسىدا بىرەر خەتنىمۇ ئۇچراتقىلى بولمايدۇ.

«قانۇن» ۋە «سىياسىي گاڭلىق» دىگەنلەر ئوخشاش بولۇپ، ماھىيەتتە گومىنداڭنىڭ بىر پارتىيە ھوكۇمرانلىق قىلىش قانۇنى، جياڭجيېشىنىڭ شەخسىي مۇستەبىت قانۇنىدۇر. جياڭجيېشىنىڭ 8 باپ 89 ماددىغا بولۇنگەن بۇ قانۇنىنى ئېچىپ كورىدىغان بولساق، جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئازاتلىغىنى قولغا كەلتۇرۇش توغرىسىدا، شۇنداقلا مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىگى، ئاپتونومىيە ھوقۇقى توغرىسىدا بىرەرمۇ ماددىنى ئۇچراتقىلى بولمايدۇ. گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ نەزىرىدە ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرى ئۇلارنىڭ ئېزىدىغان، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان، ھوكۇمرانلىق قىلىدىغان ئوبيېكتىدىنلا ئىبارەت. شۇڭا، باراۋەرلىك، ئەركىنلىك دىگەنلەردىن سوز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئەلۋەتتە. جياڭجيېشى «5 - ماي قانۇن لايىھەسى»-نى ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش باشلىنىش بىلەن چورۇپ تاشلىۋېتىپ 10 يىلدىن كېيىن 1946 - يىلى ئاران دىگەندە ئوزگەرتىپ چىققان «جۇڭخۇا مىنگو ئاساسىي قانۇنى»نى كوتىرىپ چىقىپ،قورچاق دولەت قۇرۇلتىيىدا تەستىقلىتىپ ئېلان قىلغان ئىدى. بۇ قورچاق ئاساسىي قانۇن جياڭجيېشىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە، خەلققە قارشى ئەكسىلئىنقىلاۋىي فاشىستلىق ۋە مۇستەبىتلىك يۇرگۇزىدىغان، ئىچكى ئۇرۇش ئېلىپ بارىدىغان ۋەتەن ساتقۇچ قانۇندۇر. ئۇ جياڭجيېشىنىڭ ھاكىم مۇتلەق، مۇستەبىت ھوكۇمرانلىغىنى يادرو قىلغان دولەت تۇزۇمىنى ئېتىراپ قىلدى. مەركەز بىلەن يەرلىكنىڭ مۇناسىۋىتىدە، ھەممە ھوقۇق مەركەزدە بولۇش، ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەردە ھېچقانداق ئاپتونومىيە ھوقۇقى بولماسلىقنى يولغا قويدى، مىللىي باراۋەرلىك ھەققىدە تېخىمۇ سوز ئاچقىلى بولمايتتى. قورچاق قانۇننىڭ 119 - ۋە 120 - ماددىلىرىدا موڭغۇل، زاڭزۇ رايونلىرىنىڭ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۇزۇمى توغرىسىدا «قانۇندا بەلگىلەنگەن بەلگىلىمە» بويىچە كاپالەتلىك قىلىنىدۇ،دىگەن بىر جۇملە سوز يېزىلغان. ئۇنى ئىجرا قىلىش توغرىسىدا ھېچقانداق كونكرېت بەلگىلىمە بىلەن كاپالەتلەندۇرۇلمىگەن. موڭغۇل، زاڭزۇلاردىن باشقا 50 نەچچە ئاز سانلىق مىللەتلەر پۇتۇنلەي تىلغا ئېلىنمىغان. بۇئۇنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ مەۋجۇتلىغىنى ئىنكارقىلغانلىغىنى كورسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، ھەرقايسى ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ قانداقتۇرھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى ئۇستىدە سوز ئېچىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، پۇقرالارنىڭ ھوقۇق ئەركىنلىگى جەھەتتە، گەرچە قورچاق ئاساسىي قانۇندا مەخسۇس باپ ئاچقان بولسىمۇ، لېكىن شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، باشقىلارنىڭ ئەركىنلىگىنى بوغۇپ، ئۇنىڭغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۇ-چۇن، خەۋپ - خەتەردىن ساقلىنىش، جەمىيەت تەرتىۋىنى قوغداش ياكى ئومۇم-

نىڭ مەنپەئەتىنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرى كەلسە، خالىغان چاغدا قانۇن ئارقىلىق چەكلەشكە بولىدۇ، دەپ يېزىلغان. بۇنداق دىگەنلىك ئاساسي قانۇندا بەلگىلەنگەن گىراۋدانلارنىڭ ئەركىنلىك هوقۇقىنى خەلقنىڭ ئۆزىگە قارشى تۈزىدىغان قانۇن ئورنىدا ئىشلىتىشكە، يەنە قانۇنى بۇيرۇق بىلەن ئۇنى ئىنكار قىلىشقا بولىدۇ، دىگەنلىكتىن ئىبارەت.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، جياڭ جيېشىنىڭ تۈزۈپ چىققان يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان 9 خىل قورچاق ئاساسي قانۇنىنىڭ ماهىيىتىنى مۇنداق بىر جۈملە سوزگە يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ: «خەلق هوقۇقسىز، ئۆزى هاكىم مۇتلەق»، ياكى خەلق هوقۇقسىز، يەرلىك هوقۇقسىز (ئاز سانلىق مىللەتلەر ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايونلارنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ)، ئەكسىچە، هەممە هوقۇق زۇڭتۇڭغا مەركەزلەشكەن، شەخس مۇستەبىتلىكتىن ئىبارەت. جياڭ جيېشى هوكۇمرانلىق قىلغان پۈتكۈل دەۋردە، جۇڭگودىكى هەر مىللەت خەلقلەر 3 چوڭ تاغنىڭ دەهشەتلىك ئېزىشى ئاستىدا تۇرمۇش كەچۈردى. سىرتقى جەهەتتە، مىللىتىمىز باشتىن - ئاخىر مۇستەقىللىقتا ئېرىشەلمىدى، ئىچكى جەهەتتە، هەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ باشتىن - ئاخىر باراۋەرلىك، ئەركىنلىك هوقۇقىغا ئىگە بولالمىدى.

## 5. ئىنقىلاۋىي بازا ئاساسي قانۇنى ۋە ئاساسي قانۇن خاراكتېرلىق هوججەتلەردە مىللى مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر

پارتىيىمىز ئەزەلدىن بۇيان، مىللى مەسىلىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلاۋىدا تۇتقان ئورنى ۋە رولىغا ئىنتايىن ئەهمىيەت بېرىپ كەلدى. «سىرتقى جەهەتتە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى ئۆزۈل - كېسىل ئازات قىلىشنى تەلەپ قىلىش، ئىچكى جەهەتتە، مەملىكەت ئىچىدىكى هەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەر بولۇشىنى تەلەپ قىلىش» جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلاۋىنىڭ مىللى مەسىلە جەهەتتىكى مۇهىم ۋەزىپىسى، شۇنداقلا جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ شۇ دەۋردىكى مىللى پىروگىراممىسى بولدى، بۇ ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، 3 چوڭ تاغنىڭ هوكۇمرانلىغىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش لازىم ئىدى. شۇڭا، جۇڭگونىڭ يېقىنقى زاماندىكى مىللى مەسەلىسى — جۇڭگو ئىنقىلاۋىدىكى ئومۇمى مەسىلىنىڭ بىر تەركىۋىي قىسمى بولۇپ قالدى. جۇڭگونىڭ يېقىنقى زاماندىكى مىللى مەسىلىسىنى پەقەت جۇڭگو ئىنقىلاۋى يولى ئارقىلىقلا هەل قىلغىلى بولاتتى، پارتىيىمىز مۇشۇلارنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، بىر قاتار توغرا مىللى سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى، پارتىيىنىڭ مىللى پىروگىراممىسى ۋە سىياستى پارتىيىمىز شۇ دەۋرلەردە رەهبەرلىك قىلىپ تۈزۈپ چىققان 4 ئاساسي قانۇن ۋە ئاساسي قانۇن خاراكتېرلىق هوججەتلەر جىياڭشى

ئىنقىلاۋىي بازىدا ئېلان قىلىنىپ ئىجرا قىلىنغان «جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇن پروگراممىسى» ۋە «شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونىدا تۈزۈلگەن 3 قىسىم ئاساسىي قانۇن خاراكتېرلىق ھۆججەتلەر) دە تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

1931 - يىلى 11 - ئايدا جياڭشىنىڭ رۈيجىن دېگەن يېرىدە چاقىرىلغان جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك قۇرۇلتىيىدا تەستىقلانغان «جۇڭخۇا سوۋېت جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇن پروگراممىسى»سى جۇڭگو تارىخىدا بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان ھەقىقىي خەلق قانۇنىدۇر. ئۇنىڭدا جۇڭگونى جاھانگىرلىكنىڭ تالان - تاراج قىلىشىدىن ئۈزۈل - كېسىل ئازات قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ تامامەن ئەركىن ۋە مۇستەقىل بولىدىغانلىقى جاكالانغان. جۇڭگو تېررىتورىيىسى ئىچىدىكى ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزىنىڭ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسىنى قۇرىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن ھەمدە ئارقىدا قالغان ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ جاھانگىرلىك، گومىنداڭ مىلىتارىستلىرى، ۋاڭ گۇڭ، لاما، تۇسى قاتارلىقلارنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيىسى، ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلۇپ، تولۇق ئەركىنلىككە، ئۆز ئۆزىگە خوجا بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشلىرىگە ياردەم بېرىلىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭدىن باشقا، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ۋە دىنغا قارشى تەشۋىق قىلىش ئەركىنلىكى، سىياسى بىلەن دىننى ئايرىش پرىنسىپىنى قەتئىي يولغا قويۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي مەدەنىيىتى ۋە مىللىي تىل - يېزىقىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرمۇ بەلگىلەنگەن. دېمەك، بۇ جۇڭگونىڭ ئاساسىي قانۇن تۈزۈش تارىخىدا ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسىنى يۈرگۈزۈش سىياسىتى، جۈملىدىن دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، سىياسى بىلەن دىننى ئايرىشتەك پرىنسىپلىرىنىڭ بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ئىدى.

1939 - يىلى شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق كېڭەش يىغىنىدا تۈزۈلگەن «شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايونىنىڭ ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە يۈرگۈزۈلىدىغان سىياسى پروگرامما»، 1941 - يىلى 2 - قېتىملىق كېڭەش يىغىنىدا تۈزۈلگەن «شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايوندا يۈرگۈزۈلىدىغان سىياسى پروگرامما»، 1946 - يىلى 3 - قېتىملىق كېڭەش يىغىنىدا تۈزۈلگەن «شەنشى، گەنسۇ، نىڭشيا چېگرا رايون ئاساسىي قانۇن پرىنسىپلىرى» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت 3 قىسىم ئاساسىي قانۇن ھۆججەتلىرىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىدا ياپون جاھانگىرلىكىگە قارشى ئۇرۇشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، قەتئىي ئىتتىپاقلىشىش، چېگرا رايونلاردا ئىنقىلاۋىي سەنئەتجۇيىنى،



AltunOq

يېڭى دېموكراتىيىنى ئۈزۈل - كېسىل ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، ياپون جاھانگىرلىگىنى ۋەتىنىمىزدىن قەتئىي قوغلاپ چىقىرىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتقۇزۇش قەيت قىلىنغان. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن، بۇ ئۈچ ھوججەتتە ياپون جاھانگىرلىگىگە قارشى بىرلىكسەپ، ياپون جاھانگىرلىگىگە قارشى دولەت مۇداپىيە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى، ھاكىمىيەت قۇرۇلۇشى، شۇنداقلا ۋەتەن خائىنى، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش مەسىلىلىرى توغرىسىدا بىر قاتار تەپسىلى بەلگىلىمىلەرنى بەلگىلەپ، ياپون جاھانگىرلىگىگە قارشى ئۇرۇشنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا غەلىبە قىلىشىغا تولۇق كاپالەتلىك قىلدى.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان 3 ھوججەتتە: «مىللى باراۋەرلىك پىرىنسىپى ئاساس قىلىنىپ» ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ «خەنزۇلار بىلەن سىياسى، ئىقتىسادىي، مەدىنىيەت جەھەتلەردە ھوقۇقتا باراۋەر بولۇشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ «دىنىي ئېتىقات، مەدىنىيەت، ئۆرپ - ئادەتلىرىگە ھورمەت قىلىش، جۇملىدىن ئۇلارنىڭ مەدىنىيىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا يېقىندىن ياردەم بېرىش» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ سايلام ئىشلىرى توغرىسىدا يەنە مەخسۇس كونكرىت بەلگىلىمىلەر بەلگىلىنىپ، ئۇنىڭ ھەقىقى ئىجرا قىلىنىشى كاپالەتلەندۇرۇلگەن. 31 - يىلدىكى «سىياسى پىروگرامما»دا موڭغۇل، مۇسۇلمانلار ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايونلاردا «مىللى تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قۇرۇش» دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. بۇ بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن، دىڭ بيەن ناھىيىسىدە بىرىنچى بولۇپ، خۇيزۇ ئاپتونوم يېزىسى قۇرۇلدى، يەنە چىڭ چۈەندە موڭغۇل خەلقلىرىنىڭ تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ناھىيىسى بىرىنچى قېتىم قورۇلدى. 46 - يىلى «ئاساسىي قانۇن پىرىنسىپى»دا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان چېگرا رايونلارنى مىللى رايونلارغا ئاجرىتىپ، مىللى ئاپتونومىيە ھاكىمىيىتىنى تەشكىللەپ، ئاساسىي قانۇن پىرىنسىپلىرىنىڭ كورسەتمىسى بويىچە، ئاپتونومىيە قانۇن بەلگىلىمىلىرىنى تۈزۈپ بېكىتىش دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن، بۇ بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن 46 - يىلى موڭغۇل، خۇيزۇلارنىڭ ئوز ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تەسىس قىلىندى، ئىككىنچى يىلى يەنە موڭغۇل رايونىدا دولىتىمىز بويىچە بىرىنچى قېتىم ئاز سانلىق مىللەتنىڭ ئولكە دەرىجىلىك مىللى تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە رايونى — ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ مىللى تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنىڭ كونكرىت ئەمەلگە قويۇلۇشى، پارتىيىمىزنىڭ مەملىكەت ئىچىدە مىللى مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بۈيۈك ئىجادىيىتىدۇر. شۇنداقلا، ئازات رايونلاردا ئېلىپ بېرىلغان پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا مىللى تېرىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى يۈرگۈزۈشتىكى بىر قېتىملىق كورەك بولدى.

## 6. يېڭى جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلە ۋە يېڭى جۇڭگونىڭ بىر نەچچە قېتىم ئاساسىي قانۇنلىرىدىكى مىللىي مەسىلە توغرىسىدا بەلگىلىمىلەر

يېڭى جۇڭگونىڭ قۇرۇلۇشى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئازاتلىق كۈرىشىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل غەلىبە قىلغانلىقىنىڭ بەلگىسى. ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت تۈپتىن ئاغدۇرۇلۇپ، مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى يوقىتىلغانلىقتىن ھەر قايسى مىللەتلەر ئارا باراۋەرلىكنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىشتىكى توسالغۇلار سۈپۈرۈپ تاشلىنىپ يوللار تۈزلەندى، لېكىن بۇ مىللىي باراۋەرلىكنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ھېساپتا تامامەن ئەمەلگە ئاشقانلىقى، مىللىي مەسىلىنىڭ ئۈزۈل - كېسىل ھەل بولغانلىقى ئەمەس، چۈنكى بۇ ۋاقىتتا، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتىدىكى خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق تۈزۈمى تېخى ئۆزگەرتىلمىگەن ئىدى، مىللىي ئايرىمچىلىق ۋە مىللىي ماجرالارنىڭ تۈپ مەنبەسى تېخى ھەقىقىي سۈپۈرۈپ تاشلانمىغان ئىدى.

يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاپنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى مۇستەھكەملەپ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى تىكلەپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ بىردەك باراۋەرلىكىنى ھەقىقىي ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، يېڭى جۇڭگو دۇنياغا كېلىش ئەرپىسىدە ۋە قۇرۇلغاندىن كېيىن ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ «جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭىشىنىڭ ئورتاق پروگراممىسى» ۋە 1954 -، 1975 -، 1978 - يىللىرى جەمئىي 3 قېتىم ئاساسىي قانۇن ئېلان قىلىندى.

«ئورتاق پروگرامما» دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە ۋاقىتلىق ئاساسىي قانۇنلۇق رولىنى ئوينىدى. ئۇنىڭدىكى مىللىي مەسىلە جەھەتتىكى بەلگىلىمىلەر توغرىسىدا جۇئېنلەي زۇڭلى ئۆز دوكلاتىدا ئومۇملاشتۇرۇپ: «ئۇنىڭ ئاساسىي روھى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنى مىللەتلەرنىڭ ئىناق، دوستلۇق، ھەمكارلىق چوڭ ئائىلىسىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئورتاق دۈشمەنگە ۋە تاشقى جەھەتتىكى جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇش لازىم. مىللەتلەرنىڭ بۇ چوڭ ئائىلىسىدە بولسا، چوڭ مىللەتچىلىك ۋە تار مىللەتچىلىك خاھىشلىرىغا داۋاملىق قارشى تۇرۇش لازىم. ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىسى، قوراللىنىش ھوقۇقى ۋە دىنىي ئېتىقادىغا ھۆرمەت قىلىنىدىغانلىقى ئېنىق بەلگىلىنىپ، ماددىلارغا كىرگۈزۈلدى» دېگەن ئىدى.

1954 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇندا «مەملىكىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك مەملىكەت»، «ھەر قايسى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە رايونلىرىنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى»، «ھەرقايسى

مىللەتلەر باپ - باراۋەر» دەپ ئېنىق ئېلان قىلىنغان. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تۈرلۈك ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقلىرى توغرىسىدا «ئورتاق پروگرامما»دىكىگە نىسبەتەن تېخىمۇ كونكرېت بەلگىلىمىلەر كۆرسىتىلگەن ئىدى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم يەر ئورگانلارنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى، تەشكىلىي شەكلى، ئاپتونومىيە ھوقۇقى، خىزمەت قىلىشتا تىل - يېزىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 6 مادda، 9 پاراگرافتىن ئىبارەت مەخسۇس تەپسىلى بەلگىلىمىلەر قەيت قىلىنغان. 1954 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن، دۆلىتىمىزدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، ئۆلكە دەرىجىلىك 5 ئاپتونوم رايون، 29 ئاپتونوم ئوبلاست ۋە 74 ئاپتونوم ناھىيە قۇرۇلۇپ، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. 1954 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئوخشاشمىغان تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، سوتسىيالىزم دەۋرىگە ئىلگىرى - كېيىن قەدەم قويۇش بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى — ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، دوستلۇق، ھەمكارلىق سوتسىيالىستىك چوڭ ئائىلىسىگە ئايلاندى. شۇندىن باشلاپ، جۇڭگودا مىللى مەسىلە بىر يېڭى تارىخىي باسقۇچ — سوتسىيالىزم باسقۇچىغا قەدەم قويدى.

1975 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇندا مىللى ئىتتىپاقلىق، مىللى باراۋەرلىك، مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قاتارلىق ئاساسىي پرىنسىپلار يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئانا تىلىنى ئىشلىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئۆزلىرىنىڭ ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ياكى ئۆزگەرتىشتىن ئىبارەت ئەركىنلىك ھوقۇقلىرى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر چىقىرىۋېتىلگەندىن تاشقىرى، 1954 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مىللى ئاپتونومىيە ئورۇنلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى توغرىسىدىكى 6 ماددا قىسقارتىلىپ 2 ماددىغا قالدۇرۇلغان. بۇنىڭ بىلەن ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشكە دائىر ئاساسىي مەزمۇنلار توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر چىقىرىپ تاشلانغان. شۇنداق قىلىپ، ئەمەلىيەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ نۇرغۇنلىغان ئەركىنلىك، مەنپەئەت ھوقۇقلىرى تارتىۋېلىنىپ، مىللى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى ۋە مىللى باراۋەرلىك پرىنسىپىدىن چەتنەپ كېتىلدى.

1978 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇن 1954 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ مىللى مەسىلە جەھەتتىكى نۇرغۇن مۇھىم بەلگىلىمىلەرنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا تولۇق بولمىدى. بۇ بىرىنچىدىن، 1954 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇندىكى مىللى ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى «قانۇندا بەلگى-

لەنگەن ھوقۇقىغا ئاساسەن، ئۆز يېرىنىڭ مالىيە - ئىقتىسادىي ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرىدۇ»، «دۆلەتنىڭ ھەربىي ئىشلار تۈزۈمى ئاساسىدا ئۆز يېرىنىڭ جامائەت خەۋپسىزلىك قىسىملىرىنى تەشكىللەيدۇ» دېگەنگە ئوخشاش مۇھىم بولغان ئاپتونومىيە ھوقۇقلىرى توغرىسىدا يېڭىۋاشتىن بەلگىلىمىلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلمىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئىككىنچىدىن، يېڭى ئەھۋاللارغا، تەجرىبىلەرگە ئاساسەن، سوتسىيالىزم دەۋرىدە مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەل قىلىش توغرىسىدا ھېچقانداق يېڭى سىياسەتلەرنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلمىغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

## 7. ھازىرقى باسقۇچتىكى مىللىي مەسىلە ۋە 1982 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇندىكى مىللىي مەسىلە توغرىسىدا بەلگىلىمىلەر

مەملىكىتىمىز سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئېكسپىلاتاتسىيىچى سىنىپلار سىنىپ سۈپىتىدە يوقىتىلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ، بىر مىللەت ئىككىنچى بىر مىللەتنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان، مىللەتلەر ئارا دۈشمەنلىشىشتەك مۇناسىۋەتمۇ يوقىتىلدى. ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇزۇندىن بېرى، مىللىي مەسىلىدە ساقلىنىپ كەلگەن مىللىي زۇلۇم، مىللىي ئېكسپىلاتاتسىيىدىن ئىبارەت ئانتاگونىستىك زىددىيەت ھەل قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن تارىخ قالدۇرۇپ كەتكەن مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىكى ئەمەلىيەتتىكى باراۋەرسىزلىك مەسىلىسى يەنىلا مىللىي مەسىلىدىكى مۇھىم زىددىيەت بولۇپ قالدى، بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان مىللىي مەسىلە بولۇپ تۇرماقتا.

تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى مىللىي مەسىلە دۆلىتىمىز سوتسىيالىزم دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن كېيىن تۈزۈپ چىقىلغان ئىككى قېتىم ئاساسىي قانۇندا(1975 - ، 1978 - يىللاردىكى ئاساسىي قانۇن) دېگەندەك ياخشى ھەل قىلىنمىدى، پەقەت 1982 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇندا بىرىنچى قېتىم ئەتراپلىق، توغرا بەلگىلىمىلەر تۈزۈلۈپ چىقىلدى. 1982 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇن «ئورتاق پروگرامما» ۋە 1954 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى توغرا پرىنسىپ ۋە مۇھىم مەزمۇنلىرىغا ۋارىسلىق قىلدى ھەمدە ئەمەلىيەتتىكى تەجرىبىلەرگە ئاساسەن نۇرغۇنلىغان مۇھىم يېڭى بەلگىلىمىلەرنى كىرگۈزدى، بۇ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ۋە ئاساسىي روھى: مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى مۇستەھكەملەش، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسى-

ۋەتەنني راۋاجلاندۇرۇش، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كېڭەيتىش، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت بولدى. ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، مىللىي باراۋەرلىك، مىللىي ئىتتىپاقلىق، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت بۇ 4 ماددا 1982 - يىلدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدۇر، شۇنداقلا پارتىيە ۋە دولەتنىڭ سوتسىيالىزىم باسقۇچىدا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى ئاساسىي سىياسىتىدۇر. ئۇنىڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت بۇ بەلگىلىمە دولىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا بىرىنچى قېتىم ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولدى.

يېڭى ئاساسىي قانۇننىڭ ھەر قايسى قىسىملىرىنىڭ ھەممىسىگە دېگۈدەك مىللىي مەسىلە توغرىسىدا بەلگىلىمىلەر كىرگۈزۈلگەن. «كىرىش قىسمى»، «ئومۇمىي پىروگىرامما» ۋە 3 - بابىغا نۇرغۇنلىغان يېڭى مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن. «كىرىش قىسمىدا»، «جۇڭگو دۇنيادا تارىخي ئەڭ ئۇزۇن دولەتلەرنىڭ بىرى، جۇڭگونىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى ھەر مىللەت خەلقى بىرلىكتە ياراتقان. ئۇلار شانلىق ئىنقىلاۋىي ئەنئەنىگە ئىگە»، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى مەملىكىتىمىزدىكى ھەممە مىللەت خەلقى بىرلىكتە بەرپا قىلغان كوپ مىللەتلىك دولەت، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ئورنىتىلدى ۋە بۇ مۇناسىۋەت داۋاملىق كۈچەيگۈسى» دەپ كورسىتىلگەن. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنى ۋە رىياللىقىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخي ئورنىنى ۋە مەملىكىتىمىزدىكى ھازىرقى مىللىي مۇناسىۋەتنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

«ئومۇمىي پىروگىرامما»نىڭ 4 - ماددىسىدا «دولەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق ھوقۇقىغا ۋە مەنپەئەتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ. مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى قوغدايدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. ھەر قانداق مىللەتنى كەمسىتىش ۋە ئېزىش مەنئى قىلىنىدۇ. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدىغان، مىللىي بولگۈنچىلىك قىلىدىغان ھەركەتلەرنى مەنئى قىلىنىدۇ»، «دولەت ھەر قايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋەئېھتىياجىغا قاراپ، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە ياردەم بېرىدۇ» دېگەن بىر قاتار مۇھىم بەلگىلىمىلەر بەلگىلەندى.

3 - باپتا، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى توغرىسىدا تۆۋەندىكىدەك مۇھىم يېڭى بەلگىلىمىلەر قوشۇلۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ھوقۇقى



AltunOq

كېڭەيتىلدى، مەزمۇنى تولۇقلاندى: «مىللى ئاپتونوم رايونلاردىكى خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىر ۋە مۇئاۋىن مۇدىرلىرى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىمى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يولغا قويۇلغان مىللەتنىڭ پۇقرالىرىدىن بولىدۇ. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، يەرلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ ۋە باشقۇرىدۇ. ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايىنىڭ مائارىپ، ئىلىم - پەن، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ. دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ياردەم بېرىپ، يەرلىك مىللەتلەرنىڭ ھەردەرىجىلىك كادىرلىرىنى تۈرلۈك ئىختىساسلىق كەسپىي خادىملىرىنى ۋە تېخنىك ئىشچىلارنى كۆپلەپ تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدۇ». بۇ بەلگىلىمىلەردە دۆلەتنىڭ ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزلىرى باشقۇرۇشتىكى دېموكراتىك ھوقۇقىغا تولۇق ھۆرمەت قىلىدىغانلىقى ۋە كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت روھ تولۇق گەۋدىلەنگەن.

يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، يېڭى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جانىجان مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق تۈپ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن شۇنداقلا، مەملىكىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات يۈنۈلۈشىگىمۇ مۇۋاپىق كېلىدۇ. بۇنىڭدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرمىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇ - ئۈمىدى گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، سوتسىيالىزم دەۋرىدە مەملىكىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تامامەن توغرا بولغان ماركسىزملىق پىروگراممىسى ۋە سىياسەتلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇنى ئېيتىشقا ھەقلىقمىزكى، يېڭى ئاساسىي قانۇننىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئەگىشىپ، دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مۇناسىۋەتتە تېخىمۇ چوڭ ياخشىلىنىش بارلىققا كېلىدۇ، مىللىي ئىتتىپاقلىق تېخىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللەپ ياشنىشىدەك يېڭى ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ.

## ئاخىرقى سوز

دۆلىتىمىزنىڭ يۈز يىلدىن بۇيانقى ئاساسىي قانۇنلىرىدىكى مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلەرنى تارىخىي نۇقتىدىن تەكشۈرگىنىمىزدە، بىز قانداق بىر خۇلاسىغا كېلەلىشىمىز مۇمكىن؟ مېنىڭچە، ئاساسلىقى تۆۋەندىكى 3 ماددىدىن ئىبارەت:

بىرىنچى، مىللىي مەسىلە توغرىسىدا ئاساسىي قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن بەلگىلىمىلەرنىڭ يۈز يىللىق تارىخى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، چىڭ خاندانلىقىدىن تارتىپ

شىمالىي مىلىتارىستلار ھاكىمىيىتى، جياڭجيېشى گومىنداڭ ۋەتەن ساتقۇچ ھاكىمىيىتىگە قەدەر بۇلارنىڭ ھەممىسى جاھانگىرلىككە تايىنىدىغان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلار سىنىپى بولۇپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنى ئېزىپ ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان، ئۇلار ئارىسىغا بۆلگۈنچىلىك سالغان باش جىنايەتچىلەر، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق دۈشمىنى، ئۇلارنىڭ يېقىنقى زاماندا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئازاتلىقىنى ۋە ھەرمىللەت خەلقىنىڭ باراۋەرلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سۇڭجۇڭسەن ئەپەندى رەھبەرلىك قىلغان بۇرژۇئازىيە جەمئىيىتىمۇ سىنىپ ۋە تارىخنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئاساسىي قانۇن پىروگراممىسىدا مىللى مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى، پەقەت پۈرولېتارىيات تارىخ سەھنىسىگە چىققاندىن كېيىنلا، جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگو تارىخىدا مىللى مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا پىروگراممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ بۇ پىروگراممىنى ئەمەلگە ئاشۇردى.

جۇڭگو تارىخىدا ئازسانلىق مىللەتلەرنى بىرىنچى بولۇپ ھەقىقى ئېتىراپ قىلغان، شۇنداقلا مىللەتلەرنى چوڭ - كىچىك، كۈچلۈك - ئاجىز دەپ ئايرىماي، ئۇلارنى ئىجتىمائى تۇرمۇش ۋە دولەت تۇرمۇشى دائىرىسىدە بىردەك باراۋەرلىك سىياسىتىنى بەھرىمەن قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدۇر. ئەسىرلەردىن بېرى جەبرى - زۇلۇم دەستىدىن جېنىدىن جاق تويغان ئازسانلىق مىللەت خەلقلىرىنى قۇتقۇزۇپ، ئۇلارنى بۈگۈنكى كۈندە ۋەتىنىمىز چوڭ ئائىلىسىنىڭ باراۋەر ھوقۇقلۇق بىر ئەزاسىغا ئايلاندۇرغانمۇ يەنىلا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىدۇر. باشقىسىنى ئېيتمايلى، كونا جۇڭگودا مەملىكىتىمىزدە 50 نەچچە مىللەت بارلىقىنى كىم بىلىسۇن؟ پەقەتلا ئازاتلىقتىن كېيىنلا كوپلىگەن قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ بارلىقى بىلىندى ۋە ئېتىراپ قىلىندى.

ئىككىنچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللى مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى يېتەكچى ئىدىيىسىنىڭ نەزىرىيە ئاساسى ماركسىزم - لېنىنىزم. ئەكسىچە چىڭ خاندانلىقى ۋە شىمالىي مىلىتارىستلارنىڭ يۈرگۈزگىنى فېئودال مۇستەبىتلىك ۋە فېئودال بيۇروكراتىزم، جاڭجيېشىنىڭ بولسا، فېئودال فاشىزم بولغاچقا، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى جۇڭگودىكى مىللى مەسىلىنى ھەل قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلالمايتتى. سۇڭجۇڭسەن ئەپەندىنىڭ سەنمىنجۇيىسىمۇ جۇڭگودىكى مىللى مەسىلىنى ئۈزۈل - كېسىل ھەل قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلالمىدى. پەقەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزم قورالىنى قولغا ئېلىشى بىلەن تەڭ جۇڭگودىكى مىللى مەسىلە ئىلمىي، تەڭداشسىز تارىخىي كۈچكە ئىگە نەزىرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەل قىلىنىش يولىنى تاپتى. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئازاتلىقى،

دۆلەت ئىچىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى توغرا نىشان، توغرا يول ۋە توغرا ئۇسۇلغا ئىگە بولدى. ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپى مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدۇر. پارتىيىمىز بۇ ئومۇمىي قانۇنىيەتنى زېمىنى كەڭ، بايلىقى مول، نوپۇسى كۆپ، كۆپ مىللەتلىك، تارىخى ئۇزۇن دۆلىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن ھەقىقىي بىرلەشتۈرۈپ، ئىنقىلاب تەرەققىياتىنىڭ ھەربىر باسقۇچلىرىدا مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى. 10 يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق دەۋرىدە «4 كىشىلىك گۇرۇھ» ھېچنېمىدىن ئەيمەنمەي، قانۇننى ئاياق-ئاستى قىلىپ، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى خالىغانچە ئاياق - ئاستى قىلدى، مىللىي خىزمەتلەرگە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاپ، پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق مىللىي سىياسىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ۋە راۋاجلاندۇردى. مىللىي خىزمەتلىرىمۇ تەدرىجىي ھالدا ساغلام تەرەققىي قىلىش يولىغا چۈشتى. مەركىزىي كومىتېت 11 - نۆۋەتلىك 6 - ئومۇمىي يىغىن قارارى، 12 - قۇرۇلتاي دوكلاتىدا، 32 يىلدىن بۇيانقى مىللىي خىزمەتلەر ئىلمىي ئاساستا خۇلاسىلىنىپ، يېڭى دەۋردە مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ تېخىمۇ مۇكەممەل فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرى بەلگىلەندى، شۇنداقلا يېڭى ئاساسىي قانۇندا ماددا شەكلىدە ئېنىق بەلگىلىمىلەر بەلگىلەندى. شۇنىڭ بىلەن مىللىي خىزمەتلىرىمىزنى ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن يېڭى خىزمەت پروگراممىسىغا ئىگە بولدۇق.

ئۈچىنچى، دۆلىتىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئورتاق گۈللىنىش يولى ئەگرى - توقاي ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىكتۇر، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ ھەر بىر ئالغا تاشلانغان قەدىمىمىزنىڭ ئىستىقبالى پارلاق. مەملىكىتىمىزدىكى 56 مىللەت 1840-يىلدىن كېيىن تەدرىجىي رەۋىشتە ئىچكى-تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ قىرىش- چېپىشىدىن ئىبارەت دەھشەتلىك زۇلمىغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرى ئۆز ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ، باراۋەرلىككە ئىگە بولۇش يولىدا ئۇزۇن مۇددەت قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ، سانسىز ئېغىرچىلىق، ئىنتايىن خەتەرلىك كۈنلەرنى ئۆز بېشىدىن كەچۈردى، ئاخىرى يېڭى جۇڭگونىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن تەڭ ھەر قايسى مىللەتلەر ئازاتلىققا ئېرىشىپ قەد كۆتەردى.

ئازاتلىقتىن كېيىنكى 30 نەچچە يىل جەريانىدا، گەرچە ئەگرى - توقايلىقلار، ئارقىغا چېكىنىشلەر بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھەرقايسى مىللەتلەر دېموكراتىك ئىسلاھات، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشلەرنى غەلىبىلىك ئورۇنلاپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە قەدەم قويدى ھەمدە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش سا-

ھەسسىدە ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئۇلۇق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۈگۈنكىدەك باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىق ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللى مۇناسىۋىتى بولغان، دەسلەپكى قەدەمدە گۈللەپ - ياشناۋاتقان سوتسىيالىستىك كۆپ مىللەتلىك بىر چوڭ ئائىلىنى شەكىللەندۈردى. تارىخنى ئەسلەپ يىراققا نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، بىزدە يېڭى ئاساسي قانۇن ۋە 12 - قۇرۇلتاي ھوججەتلىرىنىڭ يېتەكچىلىكى بار تۇرۇقلۇق، جۇڭخۇا ئېلىدىكى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق ئاساستا ئورتاق تەرەققىي قىلىپ گۈللىنىشتىن ئىبارەت گۈزەل كېلەچىگىدە يەنە نېمە گۇمان قالسۇن؟

يېقىنقى يۈز يىللىق تارىختىن چىقىرىلغان خۇلاسە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، جۇڭگودىكى مىللى مەسىلىنى باشقا سىنىپلار ھەل قىلالمىغان، پەقەت پرولېتارىيات سىنىپىلا ھەل قىلدى. باشقا پارتىيىلەر ھەل قىلالمىغان، پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيىلا ھەل قىلدى. باشقا مەسلەكلەر ھەل قىلالمىغان، پەقەت ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىلا ھەل قىلدى، تارىخنى ھورمەتلەيدىغان بارلىق سەممى كىشىلەر جۇڭگودىكى مىللى مەسىلىنى ھەل قىلىش جەھەتتە، ئىلگىرى - كېيىن بولسۇن ھەممىسى جۇڭگودىكى مىللى مەسىلىنى ھەل قىلىش جەھەتتە، پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزىملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە مىللى سىياسىتىنىڭ ئاستىدا تۇرغۇسى.

خالىق ساقى تەرجىمىسى

## بىلىم توغرىسىدا

△ توغرا يول شۇكى، ئەجداتلىرىڭ ئىشلىگەنلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىۋېلىش، ئۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ئىلگىرىلەش.

— لېۋ. تولستوي

△ سىلەر ئەجداتلاردىن ئۆگىنىشىڭلار كېرەك، ئىنسانىيەت ئېرىشكەن ئەڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلەرنى ئىگەللىۋېلىشىڭلار كېرەك ھەمدە شۇ ئاساستا يېڭىلىق يارىتىشىڭلار كېرەك.

— كالىنىن

△ ھەرقانداق بىلىملىك كىشى، نەتىجە ياراتقان كىشى توپلاش ئىشىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن، بىلىم دېگەن توپلىنىپ مول بولىدۇ، تەجرىبە دېگەنمۇ توپلىنىپ مول بولىدۇ، بىز ھەممە ئىشنى كۆز ئالدىمىزدىن غىلپال قىلىپ ئۆتكۈزۈۋەتسەك بولمايدۇ.

— دېڭ تو

# سەنئەتنىڭ ئېستېتىك تەربىيىۋى رولى ھەققىدە

مەھەممەت ئىمىن

بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك جەمىيىتىمىزدە كىشىلەرگە ئېستېتىك (گۈزەللىك) تەربىيىسى بېرىش كوممۇنىستىك تەربىيىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى. كىشىلەرگە گۈزەللىك تەربىيىسى بېرىشتە سەنئەتنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيىتى ئىنتايىن ئېغىر. سەنئەت خىلمۇ - خىل گۈزەل، جانلىق بەدىئى ئوبرازلار ئارقىلىق جەمىيەتتىكى باي، رەڭمۇ - رەڭ رېئال ھايات مەزمۇنلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تەبىئەت دۇنياسىدىكى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشىدىكى بارلىق گۈزەل شەيئىلەرنى ھەممە كىشىلەرنىڭ ئالىجاناپ-ئەخلاقىي پەزىلەتلىرىنى مەدھىيىلەپ، كونا جەمىيەتتىن قېپقالغان بارلىق قالاق، چىرىك، يىرگىنىشلىك شەيئىلەرنى پاش قىلىپ ۋە ئۇنى قامچىلاپ كىشىلەرنىڭ ساغلام ئېستېتىك كوزقاراشلىرىنىڭ يېتىلىشىگە، ئوسۇشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئەگەردە سەنئەت بۇ ۋەزىپىدىن چەتنىسە، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ رولى ۋە قىممىتى بولمايدۇ.

ھېكايە - رومان، شېئىر، دىراما، ئوپېرا، كىنو، گۈزەل - سەنئەت، ھەيكەلتاراشلىق، مۇزىكا - ئۇسسۇل، سىرىك...... قاتارلىقلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ سەنئەت دەپ ئاتايدۇ. سەنئەتنىڭ ئوخشاش بولمىغان بۇ تۈرلىرىنىڭ شەكىللىرى ئىنتايىن باي ۋە رەڭگا - رەڭ بولۇپ، ھەممىسىنىڭ ئۆز كىتابخانلىرى ۋە تاماشىبىنلىرى بار، بۇلار بىرىنىڭ ئورنىنى بىرى باسالمايدۇ. بۇلار تۇرمۇشنى، تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنى، كىشىلەرنىڭ ئاڭ - چۈشەنچىلىرىنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن ئەكس ئەتتۈرۈپ، مۇئەييەن ئېستېتىك غايىنى ۋە مەقسەتنى ئالغا سۈرىدۇ. سەنئەت ئەسەرلىرى تۇرمۇشنى، تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنى، كىشىلەرنىڭ ئاڭ - چۈشەنچىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈشتە ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەننىڭ باشقا تارماقلىرىدىن پەرق قىلىدۇ. سەنئەتنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ ئوبرازچانلىقىدۇر. سەنئەت ئەسەرلىرى بىلەن تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەننىڭ باشقا تارماقلىرىنى سېلىشتۇرغاندا بۇ پەرقنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەننىڭ باشقا تارماقلىرىغا ئائىت ئىلمىي ما-

Altunoq

قاللارنى ئوقۇغاندا كىشىلەر ئۇنىڭ روشەن، توغرا نۇقتىئىنەزەرلىرى: تولۇق، كۈچلۈك بولغان نەزىرىيىۋى ئاساسلىرى (دەلىللىرى) ۋە پۇختا، ئەتراپلىق بولغان دەلىللەشلىرىدىن قايىل بولىدۇ، لېكىن ئۇ كىشىلەرنى ھېسسىيات جەھەتتىن ھاياجانغا سالالمايدۇ، بىر پارچە ياخشى رومان كىشىنى ئۇيقۇدىن، تاماقتىن ۋاز كەچتۈرىدۇ، بىر پارچە ياخشى رەسىم كىشىنى ئۆزىگە قاتتىق مەپتۇن قىلىدۇ، بىر پەدە مۇڭلۇق ساز كىشىنىڭ روھىغا ئەڭ تۈپلىك تەسىر قىلىدۇ. ئىلمىي ئەسەرلەر بىلەن سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ كۈچلۈك پەرقى ھەققىدە رۇس خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي دېموكراتى بېلىنىسكى: «پەن مەنتىقى چۈشەنچىلەر بىلەن پىكىر يۈرگۈزسە، سەنئەت ئوبرازلار ئارقىلىق پىكىر يۈرگۈزىدۇ» دىگەن ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن جەمئىيەت ھاياتىنى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى، ھېسسىيات ۋە ئارزۇ - ئۈمىتلىرىنى مەلۇم سىنىپ ياكى ئىلغار گورۇھ نۇقتىئىنەزىرىدىن جانلىق ئوبرازلار ۋە كارتىنىلاردا بەدىي تەسۋىرلەر ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان ئەسەرلەر سەنئەت ئەسەرلىرى دىيىلىدۇ.

ھاياتنى، ھايات ۋەقەلىكلىرىنى ئوبرازلار ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈش ئومۇمەن سەنئەتنىڭ بارچە تۈرلىرى ئۈچۈن ئورتاق بولغان خۇسۇسىيەتتۇر. لېكىن سەنئەتنىڭ تۈرلۈك تارماقلىرى ئۆز ئالدىغا قويغان ۋەزىپىنى بېجىرىشتە تۈرلۈك ۋاستىلاردىن پايدىلىنىدۇ، مەسىلەن: بەدىي ئەدەبىيات تىل ۋاستىسى بىلەن خاراكتېر ۋە مەنزىرە ياراتسا، مۇزىكا تۈرلۈك - تۈرلۈك تاۋۇش ۋە ئاھاڭلاردىن؛ ھەيكەلتاراش مەرمەر، ھەرخىل تاش ۋە باشقا ماددى ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ مەزمۇنلۇق ئوبرازلار ۋە بەدىي كورۇنۇشلەرنى يارىتىدۇ. سەنئەت ئۈستىلىرى تەرىپىدىن يارىتىلغان بۇخىلمۇ - خىل سەنئەت ئەسەرلىرىنىڭ كىشىلىك جەمئىيەتدىكى ئىجتىمائى تەربىيىۋى رولى ئىنتايىن يۈكسەكتۇر. رۇس خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئىنقىلاۋىي دېموكراتى چېرنىشېۋسكى بەدىي ئەدەبىياتنى «ھايات دەرسلىكى» دەپ ئاتىغان ئىدى. چۈنكى ئىلغار بەدىي ئەدەبىيات كىشىلەرگە پەقەت تۇرمۇش ھەققىدە بىلىم بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي، بەلكى قانداق ياشاش كېرەكلىكىنىمۇ ئۆگىتىدۇ ۋە كىشىلەرنىڭ پىكىرلىرىدە يۈكسەك ئاڭ پەيدا بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. سەنئەتكار ھاياتنى ۋە ھايات ۋەقەلىكلىرىنى تەسۋىرلىگەندە، ئۇ ھاياتنىڭ نۇسخىسىنى كوچۇرۇپلا قويماي، بەلكى ئۇنىڭغا ئۆزى مەنسۇپ بولغان ئىجتىمائى كۈچ نۇقتىئىنەزىرىدىن قاراپ مەلۇم غايە ۋە مەقسەتنى ئىپادە قىلىدۇ. تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنى ۋە ھەر خىل ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان كورۇنۇشلەرنى ئۆزىنىڭ شۇ غايە ۋە مەقسەتلىرىگە ئۇيغۇن ھالدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. سەنئەتكار تەرىپىدىن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھايات ۋەقەلىكلىرى قانچىلىك كەڭ، قانچىلىك چوڭقۇر ۋە قانچىلىك توغرا بولسا، ئۇ كىتاپخان ۋە تاماشىبىنلاردا شۇنچىلىك كەڭ، باي ۋە ئومۇمى تە-

سەۋۋر ھەممە گۈزەل ئېستېتىك ھېسسىيات پەيدا قىلىدۇ. تۇرمۇش ۋەقەلىكلىرىنىڭ سەنئەت ئەسەرلىرىدە قانچىلىك كەڭ، چوڭقۇر ۋە توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، سەنئەتكارنىڭ ئىجتىمائى مەۋقەسىگە، دۇنيا قارىشىغا، ھايات تەجرىبىسىگە ۋە بەدىي ماھارىتىگە باغلىق بولىدۇ، ئەگەردە سەنئەتكار بۇ شەرتلەرنى ھازىرلاپ، شۇ ئاساستا ھايات ۋەقەلىكلىرىنى ھەققانىي يوسۇندا، ھاياتنىڭ ئۆزى قانداق بولسا، شۇ بويىچە چوڭقۇر، كەڭ ۋە توغرا ھالدا ئەكس ئەتتۈرسە، بۇنداق ئەسەرنىڭ كىتاپخانلارغا ۋە تاماشىبىنلارغا بېرىدىغان ئېستېتىك تەربىيىۋى رولى شۇنچىلىك كەڭ، چوڭقۇر ۋە ئومۇمى بولىدۇ. سەنئەت ئەسەرلىرى كىشىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارلىرى بىلەن ئېلىپ بارىدىغان ئېستېتىك زوقلىنىش پائالىيىتى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل تەسىر كۆرسىتىش شەكىلسىز، شۇنداقلا ئىنتايىن چوڭقۇر بولىدۇ؛ ئۇ كىشىلەرنى بىلىندۈرمەي ئۈن - تۈنسىز ئۆزگەرتىۋېتىدۇ، شۇنداقلا بۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتكىلى بولمايدۇ. «پولات قانداق تاۋلاندى» رومانىنىڭ ئاپتورى نىكولاي ئوستروۋىسكى ياشلىق دەۋرىدە قەيسەر كوكۈيۈن بىلەن قەھرىمان سپارتاكقا قاتتىق ئىخلاس قىلغان. شۇڭا ئۇ، ئۇلاردىن تەربىيە ۋە تەسىر ئېلىپ، ئۆزىنىڭ كۈرەش سەرگۈزەشتىلىرىنى ئاساس قىلىپ، پاۋېل كورچاگىننىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازىنى ئىجاتچانلىق بىلەن يارىتىپ، بۇ كوممۇنىزم جەڭچىسىنىڭ شانلىق ئوبرازىنى پرولېتارىياتنىڭ ياش ئەۋلاتلىرىنىڭ كۈرەش جەريانىدىكى يول باشلىغۇچىسى ۋە ئىنقىلاپ مۇساپىسىدىكى تۇنجى ھەمراسىغا ئايلاندۇرغان ئىدى. ئاتاقلىق پرولېتارىيات ئىنقىلاپچىسى گېئورگى دىمىتروۋ: «مەن تېخى بىر ئىشچى، شۇنداقلا بۇلغارىيىنىڭ ئىنقىلاۋىي ھەركەتلىرىدە ئەندىلا بىر نەچچە قەدەم باسقان چېغىمدا «نېمە قىلىش كېرەك؟» رومانى ماڭا ئىنتايىن چوڭقۇر، قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. مەن يەنە شۇنىمۇ ئېيتىشىم كېرەككى، مەيلى ئۇنىڭدىن ئاۋال ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن بولسۇن، ھېچقانداق بىر ئەدەبى ئەسەر مېنىڭ ئىنقىلاۋىي جەھەتتىكى تەربىيىلىنىشىمگە ن. گ. چېرنىشېۋسكىنىڭ بۇ رومانىدەك كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن ئەمەس»① دېگەن ئىدى. بۇنىڭدىن ئەدەبى جەھەتتىكى ئېستېتىك زوقلىنىشنىڭ سەل قارىغىلى بولمايدىغان ئىجتىمائى رولىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

يازغۇچىلار، شائىرلار، دراماتورگلار، مۇزىكانتلار، رەسساملار، ھەيكەلتاراشلار، ئاكتيورلار ۋە باشقا سەنئەتكارلار ئۆز ئەسەرلىرىنى يۈكسەك بەدىي ماھارەت، گۈزەل تىل، يېقىملىق ئوبرازلار بىلەن ياراتقانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ كىتاپخان، تاماشىبىنلارنىڭ ئېڭىغا تەسىر قىلىشى، ئۇلارنىڭ چۈشەنچىلىرىنى، نەزەر دائىرىلىرىنى كېڭەيتىشتە ياردەمدە بولۇشى،

① ماكسىم گوركى: "رۇسىيە ئەدەبىيات تارىخى"، 2 - قىسىم، خەنزۇچە نەشرى، 902 - بەت.

ۋە ئۇلارنىڭ ئىدىيە، ئېستېتىك جەھەتلەردىن تەربىيىلىنىشىگە ياردەمدە بولۇشى ئىسپات تەلەپ قىلمايدىغان ھەقىقەتتۇر. ماركس: ئىنسانىيەت «گۈزەللىك قانۇنىيىتى بويىچە ياشايدۇ» دەيدۇ. مەيلى تەبىئەت دۇنياسىدا بولسۇن، مەيلى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بولسۇن، ئومۇمەن خىلمۇ - خىل گۈزەل بولغان شەيئىلەر مەۋجۇت. سەنئەتكار مۇئەييەن ئېستېتىك كوز قاراشقا ئاساسەن بۇ گۈزەل شەيئىلەرنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تاللاپ، ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە قايتا ئىشلەپ گۈزەل، جانلىق بەدىئىي ئوبراز يارىتىدۇ، بۇ سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ھەركىتى تەقدىرى، خىلمۇ-خىل جانلىق تۇرمۇش كورۇنۇشلىرى كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتلىرىدا مۇقەررەر يوسۇندا كۈچلۈك ئىنكاس پەيدا قىلىپ، گۈزەل ياكى سەت، ياخشى ياكى يامان، يېقىملىق ياكى نەپرەتلىك بولغان ھېس - تۇيغۇ قوزغايدۇ، بۇنىڭ نەتىجىسىدە كىتابخان، تاماشىبىنلار كەيپىيات جەھەتتە خوشاللىققا ئېرىشىدۇ ياكى ئۇنىڭدىن تەربىيە-ساۋاق ئالىدۇ. سەنئەت ئۇستىلىرى تەرىپىدىن يارىتىلغان مۇنەۋۋەر سەنئەت ئەسەرلىرى كىشىلەرنىڭ رىياللىقنى ئېستېتىك جەھەتتىن بىلىشىدىكى مۇھىم شەكىل بولۇپ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەر تۇرمۇشتىكى ھەق - ناھەق، گۈزەل - سەت، ياخشى-يامان ھادىسە ۋە شەيئىلەرگە ھوكۇم قىلىش قابىلىيەتلىرىنى ئوستۇرىدۇ. رىيال تۇرمۇشتىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسىدە گۈزەل شەيئىلەردىن مەلۇم دەرىجىدە لەززەتلىنىش ئىقتىدارى بولغان بولىدۇ. مەسىلەن، گوركى: «كىشىلەرنىڭ ھەممىسى سەنئەتكاردۇر، ئۇلار مەيلى قانداق جايدا بولمىسۇن ئومۇمەن گۈزەللىكنى ئوزلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا ئېلىپ كىرىشنى ئارزۇ قىلىدۇ» دەيدۇ. كىشىلەرنىڭ گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولۇش قابىلىيەتلىرىدە يۇقۇرى - تۆۋەن، كۈچلۈك - ئاجىز ۋە نىسبىي بولۇشتەك پەرقلەر بولىدۇ، كىشىلەرنىڭ گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولۇش قابىلىيەتلىرىنى، خاراكتېرلىرىنى، سەنئەت ھەۋەسلىرىنى ۋە ساغلام ئېستېتىك قاراشلىرىنى تەربىيىلەشتە سەنئەت ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. مۇنەۋۋەر سەنئەت ئەسەرلىرى كىشىلەرگە نېمىنىڭ ھەقىقىي نېمىنىڭ ساختا ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىش بىلەن بىللە يەنە نېمىنىڭ گۈزەل، نېمىنىڭ سەت ئىكەنلىكىنىمۇ ئېيتىپ بېرىدۇ.

ئىدىيە ھەر قانداق سەنئەت ئەسىرىنىڭ جېنى. بىر پارچە سەنئەت ئەسىرىدە ئىپادە قىلىنغان ئىدىيىۋى مەزمۇن، رىيال تۇرمۇشتىن ئېلىنغان ئوبرازلارغا، ۋەقەلىكلەرگە سىڭگەن بولىدۇ. چۈنكى، سەنئەتكار ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيە بىلەن ئەسەردە تەسۋىرلەنگەن شەيئىلەر باشتىن - ئاخىر بىرلىشىپ كەتكەن بولىدۇ، ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا بىر پارچە سەنئەت ئەسىرىنى ئوقۇغان - كورگەن ۋاقىتتىكى ھېسسىيات بىلەن بىر پارچە سىياسىي دوكلاتنى ئاڭلىغان ۋاقىتتىكى ھېسسىيات ئوخشاش بولمايدۇ. سەنئەت ئەسىرىنى كورگۈچىلەر ئەسەرنى كورۇشكە باش-

قىلغاندىن تارتىپلا بىرخىل ھوزۇلىنىشقا ۋە خۇشاللىققا ئېرىشىدۇ ياكى بولمىسا ئەسەردىكى ئوبرازلار كورگۈچىلارنى بىر خىل جەلپ قىلىش كۈچى بىلەن ئۆزىگە مەپتۇن قىلىۋالىدۇ. بۇ ئوبرازلار كىتابخانىلارنىڭ ھېسسىياتلىرىدا ئەكس سادا پەيدا قىلغاندىن كېيىنلا، كىتابخانلار قايتا ئويلاش، مۇلاھىزە قىلىش، ئەسلەش ئارقىسىدا ئۆزلىرى سەزمەيلا ئىدىيە جەھەتتە بەلگىلىك تەربىيىگە ئىگە بولىدۇ. كىتابخانىنىڭ ئىدىيە جەھەتتە مۇنداق تەربىيىگە ئىگە بولۇشى، پەقەت ئەسەردىن ئالغان ئېستېتىك لەززەت ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشقان بولىدۇ. سەنئەتكار ئىجات قىلغان سەنئەت ئەسىرىنىڭ ئېستېتىك تەربىيىۋى رولىغا ھەرگىز سەل قارىغىلى بولمايدۇ، سەنئەت ئەسىرىدىكى ئاپتورنىڭ ئېستېتىك غايىسىگە سەل قارايدىغان ۋە ئۇنى «ئابىستراكىت»، «قۇرۇق» نەرسە دەپ ھېساپلايدىغان كوز قاراشلارنىڭ ھەممىسى ئۇچىغا چىققان بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىقنىڭ ئىپادىسى، بىر پارچە مۇنەۋۋەر سەنئەت ئەسىرىدە ئوز ئىپادىسىنى تاپقان ئاپتورنىڭ ئېستېتىك غايىسى «ئابىستراكىت»، «قۇرۇق» نەرسە بولماستىن، بەلكى ئۇ، مۇئەييەن تۇرمۇش مەزمۇنىنى ئوز ئىچىگە ئالغان. كىشىلەرنىڭ ھايات ۋەقەلىكلىرىنى ئېستېتىك جەھەتتىن بىلىشكە ياردەم بېرىدىغان مەنىۋى كۈچتۇر. ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، گۈزەل نەرسىلەر ئومۇمەن چىن، ساپ نەرسىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، مۇنەۋۋەر سەنئەت ئەسىرىنىڭ كۈچلۈك بەدىي تەسىرلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولالىشىدىكى ھەمدە ۋاقىتنىڭ سىنىغىدىن ئوتۇش ئارقىلىق ئۆزلۈكسىز تۈردە كىشىلەرگە بەدىي لەززەت بېرەلىشىدىكى تۆپكى سەۋەپ، ئۇنىڭ گۈزەل شەكلى ۋە يۈكسەك بەدىي ماھارەت بىلەن بەلگىلىك دەۋر ئىجتىمائى ھاياتىنىڭ ھەقىقى قىياپىتىنى جانلىق سۈرەتلەپ، ئۇنى باي، چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇنغا ئىگە قىلغانلىقىدا. شۇڭا جەمئىيەتنىڭ ھەربىر ئائىلىق ئەزاسى، تەربىيىچىلەر، ئوقۇتقۇچىلار، خىزمەتچىلەر خەلقىمىزنىڭ ئىسىل سەنئەت مىراسلىرىدىكى ئىلغار ئىرادىتسىيىلىرىنى ۋە ھازىرقى زامان سەنئىتىنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى بولغان نەمۇنىلىرىنى ئوقۇتۇش قوللانمىلىرى ۋە ھەر خىل ۋاسىتىلار ئارقىلىق كىشىلەرگە تونۇشتۇرۇپ ئۇلارنىڭ ئوزلەشتۈرۈۋېلىشلىرىغا ياردەم بېرىشلىرى كېرەك. چۈنكى سەنئەتنىڭ قايسى تۈرى بولمىسۇن كىشىلەرنى تەربىيىلەشتە پەۋقۇلئاددە ئۇنۇملۈك رول ئوينايدىغان مۇھىم ۋاستە.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، جەمئىيەت ئەزالىرىنى تەربىيىلەشتىكى ئاساسىي ۋەزىپە، ئۇلارنى سوتسىيالىستىك جەمئىيەت قۇرۇشقا بەجانىدىل قاتنىشىدىغان، ئىلىم - پەن ئاساسلىرىنى ئىگەللىگەن، كىشىلىك تۇرمۇشقا ماركسىزملىق كوز قاراش بىلەن قارايدىغان، كوممۇنىستىك ئەخلاقىي - پەزىلەت بىلەن قوراللانغان كىشىلەردىن قىلىپ چىقىش. بۇنداق ئېغىر ۋە مۇشەققەتلىك ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن جەمئىيەت بۇ ئىشقا كوڭۈل بولۇشى ۋە خىزمەت قىلىشى كېرەك.

كىشىلەرگە ئىستېتىك (گۈزەللىك) تەربىيىسى بېرىش ئاساسەن سەنئەتۋاسىتىسى بىلەن بولىدۇ، سەنئەتنىڭ ئىستېتىك كۈچى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئېڭىدا جەمئىيەتتىكى، تەبىئەتتىكى ھەر خىل مۇناسىۋەتلەرنىڭ ۋە كىشىلەر بىلەن كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئەۋزەللىكلىرى روشەنلەشتۈرۈلىدۇ، ۋەتەنگە، خەلققە سادىق بولۇش، ئەمگەككە سوتسىيالىستىك مۇناسىۋەتتە بولۇش، ئەمگەكچىلەرگە مۇھەببەت بىلەن قاراش، مەردلىك، قەھرىمانلىق، جەسۇرلۇق، دوستلۇق، كەمتەرلىك، راستچىللىق، سەمىمىلىك، جەمئىيەت تەرتىۋى ۋە كوللېكتىپ ئىنتىزامغا ئاڭلىق رىئايە قىلىش، خەلقنىڭ مال - مۈلكىگە كۆيۈنۈش ۋە ئۇنى ئاسراش، مۇھاپىزەت قىلىش قاتارلىق گۈزەل ئەخلاقىي - پەزىلەتلەر يېتىشتۈرۈلىدۇ ھەم ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى گۈزەل ۋە ئالىجاناپ نەرسىلەرنى، ۋەتەننىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى، تەبىي بايلىقلىرىنى، ۋەتەننى باي، قۇدرەتلىك قىلىش ئۈچۈن باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى قىزغىن سۆيۈش تۇيغۇلىرى شەكىللەندۈرۈلىدۇ.

ئەگەر تەشۋىقاتچىلار، ئاخباراتچىلار، تەربىيىچىلەر، ئوقۇتقۇچىلار سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنى ئىستېتىك جەھەتتىن ئىنچىكىلىك بىلەن تەربىيىلەشنى ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس بۇرچى دەپ بىلسە، ئۇ ھالدا شەك-شۈبھە يوقكى، بۇ ئىشتا پارلاق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، مۇھىم بىر سەنئەت ئەسىرىنى جەمئىيەت ئەزالىرىغا كۆرسەتكىنىمىزدە ياكى بىلدۈرگىنىمىزدە ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئاجايىپ جانلىق تۇرمۇش مەنزىرىسى پەيدا بولىدۇ، شۇنىڭدەك ئەسەردە ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلەنگەن ئەخلاقلىق، چىدامىلىق، ئەمگەكچان، غەيرەتلىك، سادىق، تېتىك، روھلۇق، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى جېنىدىن ئېزىز كۆرىدىغان، قانائەتچان، راستچىل، سەمىمى، كەمتەرئوبرازلارغا قارىتا ھېسداشلىق قىلىش، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشتەك روھىي كەيپىيات پەيدا بولىدۇ؛ شەخسىيەتچى، ئالدامچى، ھورۇن، ئىككى يۈزلىمچى، خوشامەتچى، تاماخور، قارا نىيەت، سۇيىقەستچىلەرگە قارىتا قاتتىق نەپرەت بىلدۈرۈش، ئۇلارنى يامان كۆرۈش كەيپىياتى پەيدا بولىدۇ، بۇلار ئارقىلىق كىشىلەر ھايات بىلىملىرىنى ئۆگىنىدۇ ۋە ئۆزلىرىنىڭ بولمىغۇر ئىدىيىلىرىنى ئۆزگەرتىدۇ.

سەنئەت ئۇستازلىرى تەرىپىدىن يارىتىلغان سەنئەت ئەسەرلىرىدە تۇرمۇشنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلىرى تەسۋىرلەنگەن بولماستىن، بەلكى ھاياتنىڭ زور ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ماھىيەتلىك تەرەپلىرى «رىيال ھاياتتىكى ئۆزگىرىشلەرنىڭ ئاساسىي غولى ۋە مېغىزى» تەسۋىرلەنگەن بولىدۇ، ئۇ قان ۋە گۆش بىلەن ئىدىيىنى تويۇندۇرىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، بۇ ياكى ئۇ خىل ئىدىيىنى تەشەببۇس قىلىشتا تولىمۇ بەك ئومۇمىي ۋە تولىمۇ ئۇنۇملۇك ۋاستە ھېساپلىنىدۇ.


AltunOq

سەنئەتكار ئومۇمەن گۈزەل دەپ بىلگەن شەيئىلەرنى، ئوبرازلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئالاھىدە ئىنچىكىلىك بىلەن تەسۋىرلەيدۇ؛ يامان، سەت، رەزىل دەپ بىلگەن شەيئى ياكى ئوبرازلارنى پاش قىلىدۇ، قامچىلايدۇ، سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى ئوبرازلارغا سەنئەتكارنىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى سىڭگەن بولىدۇ، سەنئەتكار بۇ ئوبرازلارنى ئېستېتىك (گۈزەللىك) قانۇنىيەتلىرى بويىچە ياراتقان بولىدۇ، مۇنداق سەنئەت ئەسەرلىرىنى كىشىلەرگە تونۇشتۇرغاندا ياكى كۆرسەتكەندە كىشىلەرنىڭ ھېسسىيات ياكى مەۋقەسىدە ۋەقەلىكلەرنىڭ تەرەققىياتىغا، ئۆزگىرىشىگە ۋە تىپىك ئوبرازلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تۈردە ئۆزگىرىش بولىدۇ. بەزى ئوبرازلار كىشىلەرنىڭ مۇھەببىتىگە، ھۆرمىتىگە، ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولسا؛ بەزى ئوبرازلار ئۇلارنىڭ نەپرىتىنى، ئۆچمەنلىكىنى، غەزىپىنى قوزغايدۇ، بەزىدە باش قەھرىمانلارنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن چەكسىز خۇشال بولسا، بەزىدە بۇ باش قەھرىماننىڭ خەۋپ - خەتەرگە ۋە ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق قايغۇرىدۇ ۋە ئەندىشە قىلىدۇ ياكى بۇ باش قەھرىماننىڭ بەختسىزلىكى، پاجىئەلىك تەقدىرى ئۈچۈن كۆز يېشى قىلىپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر ھېسداشلىق قىلىدۇ؛ بەزىدە قارا كۆڭۈل، ۋىجدانسىز، ياۋۇز تەبىئەتلىك سەلبىي ئوبرازلار جازاغا تارتىلسا ۋە قاتتىق كۈلكە ئاستىغا ئېلىنسا ئۇنىڭغا چەكسىز خۇشال بولىدۇ. سەنئەت ئەسىرىنىڭ ئىنسان بالىسىغا بېرىدىغان مۇنداق ئېستېتىك مەنىۋى قۇۋۋىتىنى باشقا ھەرقانداق ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى ئەسەرلەر بېرەلمەيدۇ.

سەنئەتتىكى ئېستېتىك ھېسسىيات تىپىك ئوبرازلار ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ، ئاپتور خەلق مەيدانىدا تۇرۇپ ئىجابىي ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئۇنى گۈزەل، نەپىس قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ ھەمدە ئۇنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش غايىسى ۋە ئېستېتىك غايىسىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى قىلىدۇ، سەنئەتكارنىڭ تۇرمۇش غايىسى بىلەن ئېستېتىك غايىسىنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدىسى بولغان بۇ تىپىك ئوبرازلار كىشىلەرنىڭ يۈرىكىگە تەسىر قىلىدىغان بەدىئىي قۇۋۋەت بىلەن كىشىلەرنى ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان شارائىتنى ئۆزگەرتىش ۋە ھاياتنى قايتا قۇرۇشتەك گۈزەل غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدۇ.

بۇيەردە يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، بەزى ئەسەرلەردە ئالاھىدە كۆڭۈل قويۇپ، ئېتىۋار بىلەن تەسۋىرلەنگەن سەلبىي ۋەقەلەر، سەلبىي ئوبرازلار، مەسىلەن، گوگولنىڭ «رېۋىزور» ناملىق كومېدىيىسىدىكى پېرسوناژلارمۇ گۈزەل ھېساپلىنامدۇ؟ بۇ پېرسوناژلارمۇ بىزنىڭ ئېستېتىك ھېسسىياتىمىزنى قوزغىيالامدۇ؟ دېيىلىشى مۇمكىن. بۇ پېرسوناژلار ۋە سەلبىي ۋەقەلەرنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، گۈزەل ئەمەس، ئەۋەتتە. لېكىن ئاپتور مۇنداق ئەسەرلەردە ھەممۇئەييەن ئېستېتىك غايىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ. مەسىلەن، گوگول ئۆزىنىڭ

ئۇلەس كومېدىيىسى «رېۋىزور» ئۈستىدە مۇھاكىمە قىلىپ «كومېدىيەمدە قەدىرلىگىدەك پېرسوناژلارنىڭ تېپىلمىغىنى ئۈچۈن ئەپۇ سورايمەن، ئەمما كومېدىيەمدە باشتىن ـ ئاخىر كىتابخان ۋە تاماشىبىنلار بىلەن كورۈشۈپ تۇرىدىغان، قەدىرلەشكە بولىدىغان بىرگىنە كىشى بار، قەدىرلەشكە بولىدىغان بۇ قىممەتلىك كىشى بولسا «كۈلكە» بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ پارلاق پەزىلەتلىرىدىن ئورغۇپ چىققان» دەيدۇ. بۇشۇنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇكى، يازغۇچى تۇرمۇشتىكى سەلبىي هادىسىلەرنى هامان يەنە گۈزەل غايىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ يازىدۇ. يازغۇچىنىڭ ئۇنى يېزىشتىن مەقسىدى، ئۇنىڭغا تەنقىدىي باها بېرىش، خەلقنىڭ ئۇچمەنلىكىنى قوزغاش، ياماننى كورسىتىش، ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتۈرۈش شۇيول بىلەن خەلقنى گۈزەللىككە باشلاشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇپاكىتلار ئاساسىدا شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىلغار، گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرى مۇئەييەن دائىرە ئىچىدە خەلقنىڭ ئىجتىمائىي ئەمەلىيىتىگە تەسىر قىلىدىغان ۋە يېتەكچىلىك قىلىدىغان بىر خىل كۈچلۈك مەنىۋى قورالدۇر، تۇرمۇش دەرسلىگىدۇر، ئىنقىلاپ دەرسلىگىدۇر.

بىز يۇقۇرىدا سەنئەت ئەسەرلىرى ئارقىلىق جەمىيەت ئەزالىرىغا ئىستېتىك تەربىيە بېرىشنىڭ ئەھمىيىتى، رولى ھەققىدە توختىلىپ ئوتتۇق. بۇ مەسىلىنى يولداشلارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا مۇهاكىمە قىلىپ كورۈشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

## ھەقىقەت توغرىسىدا

△ ھەقىقەتكە هورمەت قىلىش — ئەقىل ـ پاراسەتكە ئېرىشىشنىڭ بىرىنچى قەدىمىدۇر. — گېرتسىن

△ ھەقىقەت شۇنداق قۇدرەتكە ئىگىكى، سىز ئۇنىڭغا قانچىكى هۇجۇم قىلسىڭىز، سىزنىڭ هۇجۇمىڭىز ئۇنى شۇنچە تولۇقلايدۇ، شۇنچە ئىسپاتلايدۇ. — گالىلى

△ بىر كىشىنىڭ كوزلىگەن نىشانىسى قانچىكى ئالىجاناپ بولسا، شۇ كىشىنىڭ تالانتى شۇنچە تېز راۋاج تاپىدۇ ھەمدە جەمىيەتكە شۇنچە كوپ مەنپەئەت يەتكۈزىدۇ؛ مەن ئىشىنىمەنكى، بۇمۇ بىر ھەقىقەت. — گوركى

△ ئوز تىرىشچانلىقى ئارقىلىق بىلگەن يېرىم ھەقىقەت، خەق نىمە دىسە شۇنى دەپ بىلگەن پۈتۈن ھەقىقەتتىن ياخشىراق. — رومان. رولان

△ كىچىك ئىشلاردا ھەقىقەتكە يېنىكلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان كىشىلەرگە چوڭ ئىشلاردىمۇ ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ. — ئېينىشتېين

# سەنئەتتىكى مۇھەببەت مەسلىسى ھەققىدە

**ھابىل مەخسۇت**

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 12 - قۇرۇلتىيىدا يۈكسەك دەرىجىدە ماددى مەدەنىيەت يارىتىش ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش لازىملىقىنى قايتىدىن تەكىتلىدى. مەنىۋى مەدەنىيەت سوتسىيالىزىمنىڭ مۇھىم بەلگىسى ئىكەنلىكىنى ئىنتايىن روشەن ھالدا كۆرسەتتى.

سەنئەتنىڭ جۇملىسىگە كىرىدىغان رەسساملىق، نەققاشچىلىق، ئارخىتىكتورا، مۇزىكا ۋە ئۇسۇل قاتارلىقلار بولسا، ئىجتىمائىي ئاڭ ساھەسىگە تەئەللۇق مەسىلە بولۇپ، ئۇمۇمەن ئالغاندا مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىۋى قىسمى بولۇپ سانىلىدۇ.

سەنئەت، ئىجتىمائىي ھايات كۆرۈنۈشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرخىل تەرەپلىرىنى ئەتراپلىق ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەينەك، ئۇنىڭ بىلەن جەمئىيەت ۋە تۇرمۇش تەرەققىيات جەريانلىرىدىكى زىددىيەت كۆرۈنۈشى ھالەتلىرىنى ئوبرازلىق، تىپىك ۋە جانلىق بايان قىلىپ، كىشىلەرنى ھامان قەتئىي ھالدا ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەشكە دەۋەت قىلىدۇ.

جەمئىيىتىمىزدە كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى ئىلغار ھەركەتلىرىنى تەسۋىرلەپ، كىشىلەرنىڭ كوممۇنىستىك غايە، كوممۇنىستىك ئەخلاق، سوتسىيالىستىك ئاڭ، يۇقىرى ئىجابىي ھىسسىيات - تۇيغۇلىرىنى قوزغىتىپ، يۈكسەك ئىرادىدە ھەركەتلىرىگە ئىلھام بېرىشتە سەنئەتنىڭ تۇتقان ئورنى بەكمۇ مۇھىمدۇر.

ھاياتلىقنىڭ ئىگىسى، تۇرمۇشنى ئۈزلۈكسىز ئالغا تەرەققىي قىلدۇرغۇچى، جەمئىيەتتە ھەممە ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقلارنى ياراتقۇچى ئادەمدۇر. ئادەمنىڭ بىلىش جەريانى ۋە ئۇنىڭ مىجەز - خاراكتىر، قابىلىيەت - ماھارەت قاتارلىق ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى ئادەمنىڭ پسىخىكىسىغا مەنسۇپ. كىشىنىڭ بۇنداق روھىي ھالەت جەريانلىرىنى ئەينەن چۈشىنىش ۋە توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش مەقسەت قىلىنغاندا «پسىخولوگىيە» ئىلمىنى ئاز - تولا تەتقىق قىلىش زۆرۈر ۋە ئەھمىيەتلىك.

پسىخولوگىيە دىگەن نام گرېكچە پسىخى (روھ، جان) ۋە لوگوس (سۆز، ئىلىم) دىگەن ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەن. پسىخولوگىيە سۆزىنىڭ ئۇيغۇرچە مەنىسى روھ ئىلمى دىمەكتۇر. ئەمما پسىخولوگىيە دىگەن بۇ نام پەننىڭ تېمىسىنى ۋە ئۇنىڭ نىمە ئۈستىدە بەھىس قىلىشىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ.

پسىخولوگىيە — پسىخىكا (روھىي ھالەت) ھەققىدىكى، روھىي ھالەتنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققى قىلىش قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى پەندۇر.

پسىخىك (روھى) ھادىسىلەرنىڭ يىغىندىسى پسىخىكا دىگەن سۆز بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ. سەزگۈ، ئىدراك، تەسەۋۋۇر، پىكىر، ھىسسىي ئىنتىلىشلەر ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى پسىخىك ھادىسىلەرگە كىرىدۇ. شەخسنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكلىرى ياكى ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرى دەپ ئاتالغان نەرسىلەر: ئادەمنىڭ مىجەزى، خاراكتىرى (پىئىل - ئىقتىدارى) قابىلىيەت ۋە ھەۋەسلىرى ھەم پسىخىكا دائىرىسىگە كىرىدۇ. پسىخىكا ئۆزىگە ئالاھىدە بىر ئالەم ئەمەس. ئۇ — ئورگانىك ھاياتنىڭ يۈكسەك فورمىلىرىغا ئائىت خۇسۇسىيەت بولۇپ، پەقەت ھايۋان ۋە ئادەملەرگىلا خاستۇر. ھايۋان ۋە ئادەم ئوسۇملۈكلەردىن پەرق قىلغان ھالدا ، يالغۇز ئورگانىك ھاياتقىلا ئىگە بولۇپ قالماي، بەلكى شۇنىڭ بىلەن بىرگە پسىخىك ھاياتقا ھەم ئىگىدۇر. لېكىن مەلۇمكى، ھايۋانلارنىڭ پسىخىك ھاياتى ئادەمنىڭ پسىخىك ھاياتىغا قارىغاندا، ساددىراق ۋە ئاددىراق بولىدۇ.

ئادەم پسىخىكىسى ھايۋانلار پسىخىكىسىدىن تامامەن پەرق قىلىدۇ. ئادەم پسىخىك ھاياتنىڭ يۈكسەك فورمىسىغا — ئاڭغا ئىگىدۇر، ئادەم ئاڭلىق زاتتۇر.

پسىخىكىنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن شەكىلدە پەيدا بولۇشى، تەرەققى قىلىشى ۋە ئۆزگىرىشى پسىخىك ھاياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىگە مۇۋاپىق بولىدۇ.

پسىخولوگىيىنىڭ ۋەزىپىسى — پسىخىك ھاياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى ۋە پسىخىكىنىڭ تەرەققى قىلىش قانۇنىيەتلىرىنى ئېچىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

پسىخىكا بىلەن ئاڭ دىگەن مەسىلىنىڭ نىمە ئىكەنلىگى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئادەم ئورگانىزمىدا پسىخىك جەريانلار بىلەن فىزىولوگىيىلىك جەريانلارنىڭ ئۆتتۈرىسىدىكى باغلىنىش مەسىلىسى ھەققىدە ھەرخىل قاراش كۆرۈشى بار.

دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزىم نۇقتىئىنەزىرىدىن قارىغاندا، پسىخىكا يۈكسەك دەرىجىدە تەشكىل تاپقان ماددىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ماتېرىيىنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتى ئوبيېكتىپ ۋەقەلىكنى ئالاھىدە بىر يوسۇندا ئەكس ئەتتۈرۈش قابىلىيىتىدىن ئىبارەت. پسىخىكا توغرىسىدا بېرىلگەن بۇ تەبىر، پسىخىكا ماددىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيىتى بولۇپ، ئوبيېكتىپ ۋەقەلىكنى ئالاھىدە بىر رە-

ۋىشتە ئەكس ئەتتۈرۈش قابىلىيىتىدىن ئىبارەت دىگەننى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئەكس ئېتىش سەزگۈلەردە، خاتىرىدە، تەپەككۇردا ۋە باشقا شۇنىڭغا ئوخشاشلاردا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

«ئومۇمەن، ئاڭ بارلىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. پۈتۈن ماتېرىيالىزمنىڭ ئومۇمى قائىدىسى ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت» دىگەن لېنىننىڭ ئىلمىي تەرىپى ئادەمنى ئۇزۇل - كېسىل قايىل قىلىدۇ.

× × ×

جەمىيەت ۋە تۇرمۇشتا ھەر ۋاقىت ۋە ھەر قەدەمدە يۈز بېرىپ تۇرىدىغان ھادىسىلەرنى چۈشىنىش، ئۇ ھادىسىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىپ ئۇنىڭغا توغرا قاراش ۋە توغرا پوزىتسىيىدە بولۇش ناھايىتى تەس ۋە مۇرەككەپ ئىش. ھادىسىنى، ۋەقەلىكنى كۆزىمىز بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپ، ئادەم كەلتۈرۈپ چىقارغان روھىي مەسىلىلەرنى ئەينەن چۈشىنىش ۋە توغرا باھا بېرىشمۇ خېلى مۈشكۈل ئىش. ئىجتىمائى ھادىسە ۋە ئىجتىمائى تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ۋەقەلىكنى ئادەمنىڭ روھىي دۇنياسى ياكى پسىخىك جەريانلىرى يۈزىسىدىن كۆزىتىش ئىنتايىن ئەھمىيەتلىكتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن پسىخىكىنى بىلىشنىڭ ئەھمىيىتى ناھايىتى زور.

دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمغا ئاساسلانغاندا، پسىخولوگىيىنى ئۆگىنىش بىزگە ۋەقەلىكنىڭ پۈتۈن سۈپىتى بىلەن ئۆزىگە خاس بولغانچوڭ بىر ساھەسى «پسىخىك ھايات» ھەققىدە بىلىم بېرىدۇ.

بارلىق تەلىم - تەربىيىچىلەر، دوختۇرلار، قانۇنچىلار، سوتچىلار، ئىشلەپچىقارغۇچىلار ۋە تەشكىلاتچىلار ئەمەلىي ئىشلىرىدا پسىخولوگىيىدىن خەۋەردار بولۇشى پايدىلىق. بۇ ھەقتە تولۇق نەزىرىيىۋى بىلىم ۋە ئەمەلىي تەجرىبىگە ئىگە بولالىغاندىلا، ئۆز ئىشلىرىنى روشەن ھالدا ئىشەنچلىك نەتىجىگە ئېرىشتۈرەلەيدۇ.

ئوقۇتۇش خادىملىرىنىڭ ۋەزىپىسى ئوقۇغۇچىلارنى ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتە ئەتراپلىق تەربىيىلەش، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پسىخىكىسىنى يۈكسەلدۈرۈپ، ئۇلارنى تولۇق كامالەتكە يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. ئۇلۇغ رۇس پېداگوگى ۋە پسىخولوگىك. ك. د. ئۇشىنسكى: «ئەگەر پېداگوك ئادەمنى ھەر جەھەتتىن تەربىيىلىمەكچى بولسا، ئۇ ئاۋال شۇ ئادەمنى ھەر جەھەتتىن بىلىۋېلىشى لازىم» دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

دوختۇرلار ھەر خىل روھىي كېسەللەرنى ۋە باشقا كېسەللەر تۈپەيلىدىن تۇغۇلغان روھىي ھالەتلەرنى توغرا ئىگەللىۋالغاندىلا، كېسەلگە روھىي تەسىر كۆرسىتىش ۋاستىلىرىنى توغرا تاللاپ، ئىشەندۈرۈش، مەسلىھەت بېرىش قاتارلىق ئىشلارنى دەل ئىشلىتىپ ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلالايدۇ.


AltunOq

سوت ئىشلىرىدا، سوراقچىلار جاۋاپكارنىڭ، گۇۋاچىلارنىڭ سوزلىرى ۋە پىسخىك هالىتىگە چوڭقۇر نەزەر سېلىپ، سوتلانغۇچىنىڭ ئىندىۋىدۇئال خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەينەن ئىگەللىگەندە، خىزمەتنىڭ ئاسان ۋە ئادىل هەل قىلىنىشىغا ئىمكانىيەت تۇغۇلۇپلا قالماي، جاۋاپكارنى تەربىيىلەپ ئۆزگەرتىش ۋە باشقىلارغا ئىجابى تەسىر كورسىتىشكە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

ئەدىبىياتچىلار ۋە بارلىق سەنئەتكارلارنىڭ بەدىئى ئىجادىيەت ئىشلىرىدا پسىخولوگىيە ئىلمىنىڭ ئەهمىيىتى مىسلىسىزدۇر. هەر بىر سەنئەت خادىملىرىدىن — ئارتىست، مۇزىكانت، رەسسام، نەققاش، هەيكەلتاراش، ئارخىتېكتور ۋە باشقىلار، بولۇپمۇ يازغۇچىلاردىن ئۆز ئىجادىيەتلىرى بىلەن كىشىلەرگە ياكى تاماشىبىنلارغا ۋە ئاڭلىغۇچىلارغا چوڭقۇر تەسىر كورسىتىشتەلەپ قىلىنىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ قانداق تەسەۋۇر قىلىشى، قانداق پىكىر يۈرگۈزۈشى ۋە قانداق هىسسىي كەچۈرمىلىرىنى تېگى - تەكتىدىن چۈشىنىش ئىنتايىن زورۇر.

سەنئەت ئەرباپلىرى ئوبراز يارىتىشتا بىرەر بەدىئى ۋاستىلار بىلەن گەۋدىلەندۈرۈشكە تىرىشىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن سەنئەتكار ئوبرازنىڭ قانداق ئېلېمېنتلاردىن ۋە قايسى تەرتىپتە يارىتىلىشى ئۈستىدە باش قاتۇرىدۇ.

شۇڭا، ۋەقەلىكتە قاتناشقۇچى باش قەهرىمان ۋە شەخسلەرنىڭ خاراكتېرى، هەۋەس، كەيپىياتلىرىنى بىلىۋېلىشقا، ئۇلارنى روهىي جەهەتتىن بىر بىرىدىن ئاجرىتىشقا ماهىر بولۇش هەربىر ئەدىبىياتچى ۋە سەنئەتكارلار ئۈچۈن زورۇر. بۇنداق ئاساستا تۈزۈلگەن رېيال ئەدىبىيات ۋە سەنئەت كىشىلىرىمىزنىڭ ئېڭىنى، ئۇلاردىكى غايىۋى - سىياسىي سەۋىيە ۋە يۈكسەك مەنىۋى سۈپەتلەرنى بەرپا قىلىشقا ۋە ئالغا قاراپ تەرەققى قىلىشقا ياردەم قىلالايدۇ. شۇنداقلا، كىشىلەرنىڭ ئېڭىنى قانداق ئۆزگەرتىش مۇمكىنلىگىنى كورسىتىپ بېرىپ، كىشىلەردە يۈكسەك مەنىۋى پەزىلەتلەرنى ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىدۇ.

× × ×

ئەدىبىيات - سەنئەت ئۆزىنىڭ گۈزەللىگى بىلەن ئالدى بىلەن ئادەملەرنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئاڭدا چوڭقۇر هىسسىيات قوزغايدۇ. ئۇنداق هىسسىي قوزغىلىشنىڭ تېزلىگى، كۈچلۈكلىگى، تۇرغۇنلىغى، هىسسىي ئىنتىلىشلارنىڭ جەسۇرانىلىغى ۋە جۇشقۇنلىغى ئەدىبىيات - سەنئەتنىڭ بەدىئىلىگىگە ۋە مەزمۇندارلىغىغا باغلىق بولىدۇ.

هىسسىيات دېگىنىمىز — ئىنسان پسىخىك جەريانلىرىنىڭ مۇهىم ۋە جانلىق تەركىۋىي قىسمى. كەيپىيات، قىزىقىش (ئېهتىراس) روهلىنىش، روهسىزلىنىش، تە-

ئەجۈپلىنىش، ھەيران قېلىش، كوللېكتىۋىزىملىق، دوستلۇق، ئار ـ نومۇس، ۋىجدان، ۋەتەنپەرۋەرلىك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ھېسسىياتقا مىسال بولالايدۇ.

كىشىلەر ئارىسىدا يۈز بېرىدىغان ئىشقى ـ مۇھەببەت بولسا، ھېسسىياتنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، بۇ ئىنسان بالىسىدا ئومۇمىي ئۇچرايدىغان ۋە ھەر بىر ياشلىق باھارىدا باشتىن كەچۈرۈلىدىغان ئالاھىدە پسىخىك ھالەتتۇر.

ئىشقى ـ مۇھەببەت ھېسسىياتنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرى ئاساسەن تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولىدۇ.

ياشلىقتا ئوغۇل ـ قىزلار ئوتتۇرىسىدا ئىشقى ـ مۇھەببەت پەيدا بولىدۇ. بۇ بىر جۈپ ئىشقى ئوتى تەڭلا قوزغىلىشى مۇمكىن ياكى بىرىسىدە بالدۇر قوزغىلىپ، ئىككىنچىسىدە كېيىنرەك قوزغىلىشىمۇ مۇمكىن. ئىشقى ـ مۇھەببەتنىڭ ئىچىدە چىن مۇھەببەت بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ساختا مۇھەببەتمۇ بولىدۇ. مۇھەببەت باشلىنىپ تەرەققىي قىلىپ كۈچىيىدۇ. ئادەمنىڭ پۈتكۈل ئۆمرىدە داۋام قىلىپ خۇددى چولپان يۇلتۇزغا ئوخشاش ئۇچمەي يېنىپ تۇرىدۇ. بەزىلىرى ساماندەك تېز تۇتىشىپ تېزلا كۈلگە ئايلىنىدۇ. بىر جۈپ مۇھەببەتنىڭ بىر قۇتۇبى لاۋۇلداپ يانسا، يەنە بىر قۇتۇبى سۇسلىشىپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە قايتا يېنىشى مۇمكىن. مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ ھېسسىياتنىڭ باشلىنىشى تەرەققىي قىلىپ كامالەتكە يېتىشى ياكى پەسىيىپ يوقىلىشىدا قانۇنىيەت بولىدۇ.

ھېسسىيات ــ ئادەمنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىگە بولغان بىر خىل پوزىتسىيىسى، ھېسسىياتنى ئوبيېكتىپ شەيئى قوزغايدۇ. ھېسسىيات شەيئىگە قارىتا ئادەمنىڭ ياخشى كۆرۈش ياكى يامان كۆرۈش خاھىشىدىن ئىبارەت. ئادەمنىڭ ئېھتىياجىغا لايىق كېلىدىغان نەرسىلەر ئاكتىپ پوزىتسىيە قوزغىتىپ، خۇشاللىق بىلەن رازى بولۇشى ۋە ياخشى كۆرۈشتە ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئادەمنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان ياكى زىت كېلىدىغان نەرسىلەر بىر ئادەمدە پاسسىپ پوزىتسىيە پەيدا قىلىپ، ئۆ يىرگىنىش، نەپرەتلىنىش، غەزەپلىنىشتەك ھېسسىياتلارنى قوزغايدۇ.

يازغۇچىلار ۋە سەنئەتكارلار ئۆزلىرىنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرىدە مۇھەببەتتىن ئىبارەت بۇ ئالىي ھېسسىياتنى سىمۋول قىلىپ، ئۇنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى ۋە بۇ ۋەقەلىكنىڭ ئەتراپلىق ئىچكى باغلىنىشلىرىنى ئېچىپ، مۇھەببەتكە گىرىپتار بولغان قەھرىمانىنىڭ ئۆز جانانىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى قەتئىي ئىرادىلىق كۈرەشلىرىنى بايان قىلىدۇ. بۇ ئارقىلىق ئىنسانىنىڭ تۈمەن مىڭ خىل شەكىلدىكى باشقا پسىخىك جەريانلىرىنى تەسۋىرلەپ كىتابخانلارنىڭ ياكى تاماشىبىنلارنىڭ روھىدا يۈكسەك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

قوزغىتىلغان ھېسسىياتلار خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنىڭ مەزمۇنلىرىغا قاراپ بىر بىرىدىن پەرق قىلىدۇ. ھېسسىياتنىڭ قوزغىلىشىدا تېزلىكىنىڭ بولۇش ـ بولماسلىقى

ھىسسىياتنى پەيدا قىلغۇچى مەنبەلەرگە باغلىق بولىدۇ. خوشاللىق ۋە خاپىلىقنىڭ دىلدا بىر مەزگىل ساقلىنىپ قېلىش ھالىتى كەيپىيات دەپ ئاتىلىدۇ.

ھىسسىياتلارنىڭمۇ كۈچى بولىدۇ. ھىسسىياتنىڭ كۈچى شۇ ھىسسىياتنى شەخسنىڭ نەقەدەر قىزىقىش بىلەن كەچۈرۈۋاتقانلىقى بىلەنمۇ بەلگىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مۇھەببەت ھىسسىياتلىرى جەريانىدا ئەقلىي جەريانلار سېزىلەرلىك ھالدا ئىشتىراك قىلىدۇ. ھىسسىي قوزغىلىشنىڭ مەلۇم بىر دەرىجىسىدە ئەقلىي جەريان كورۇنەرلىك ھالدا كۈچىيىدۇ. تەسەۋۋۇرلار روشەنلىشىدۇ. تەپەككۇر جەريانلىرى ناھايىتى جىددىلىشىدۇ. لېكىن بەزى كۈچلۈك ھىسسىي كەچۈرمىلەر ۋاقتىدا ئەقلىي جەريانلار چەكلىنىشكە ئۇچراپ، پاراسەت سۇسلىشىپ ئەقىل قاچىدۇ، ئادەم ئۆز ھىسسىياتلىرىنى باشقۇرالماي قالغاندا پەيدا بولغۇچى تەسەۋۋۇرلار، پىكىر قىلىشلار تورمۇزلىنىپ قېلىپ، پىكىردىكى مەنتىقى باغلىنىشلار بۇزۇلىدۇ ياكى تامامەن يوقىلىدۇ. تەپەككۇرنىڭ تەنقىدىي پائالىيىتى سۇسلىشىدۇ ياكى پۈتۈنلەي توختاپ قالىدۇ. كىشى ھىسسىياتىنىڭ مانا شۇنداق جىددى ۋە كەسكىن ھالىتىدە ئادەم قاتتىق ھاياجانغا چۈشۈپ قېلىپ، مىسلىسىز ھودۇقۇپ بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىپ قويىدۇ ـ دە، مەنتىقىغە سىغمايدىغان سۇبيېكتىپ خاتا خۇلاسىلەرنى چىقىرىپ، مۇھەببەت يولىدىكى ناھايىتى ئاددى مەسىلىلەرنى ھەل قىلالماسلىق ھالىتىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئۆز ئەتراپىدىكى ۋەزىيەتنى ئاڭقىرالمايدۇ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەي قالىدۇ.

ئەسەرلەردىكى ئىشقى ـ مۇھەببەت تىراگېدىيىلىرى كۆپىنچە مانا شۇنداق پىسخىكىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئەگەر كۈچلۈك ھىسسىياتلارنى بىزنىڭ ئېڭىمىز باشقۇرۇپ تۇرسا، بۇنداق ھىسسىياتلار بىزنىڭ پىرىنسىپلىرىمىز تۈپەيلى تۇغۇلغان بولسا، بۇنداق كۈچلۈك ھىسسىياتلار روشەن ئىجابىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولىدۇ. ياش قەھرىمان دۇڭ سۇنرۇيىنىڭ ۋەتەن ئازاتلىقى ئۈچۈن بولغان بىر جەڭنىڭ ھەل قىلغۇچ پەيتىدە ئاڭلىق ھالدا ئۆزىنى قۇربان قىلغانلىق ۋەقەلىكى بۇنىڭغا جانلىق مىسال بولىدۇ. ھىسسىيات قانچە كۈچلۈك بولسا، تۇيغۇ ئىگىسىنىڭ ھەركىتى، تاشقى ئىپادىلىرىدە كەسكىن ۋە روشەن كورۇنىدۇ. مۇھەببەتتىكە كۈچلۈك ئىنتىلگەن ھەركەتلەر جەسۇرانە ئىرادىلىك ھەركەت بولۇپ، چوڭ توسالغۇلارنى غالىبانە يېڭىشتا نامايەن بولىدۇ.

سۈت قايىنىغاندا كۆۋۈكلىنىپ تاشىدۇ، بۇ بىر قانۇنىيەت. «مۇھەببەت ھىسسى»دىن ئىبارەت ئادەمنىڭ بۇ پىسخىك جەريانىنىڭمۇ قانۇنىيىتى بولىدۇ. مۇھەببەت ئەسلىدە ئويۇن ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي ھايات ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ھادىسە، شۇنىڭ بىلەن ئىنساننىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا بولىدىغان روھىي ھالەت.

«باشتا ئوتتەك قىزغىن، گۈلدەك خۇشپۇراقلىق، ئۆزئارا ھەسەلدەك تاتلىق

ئىدۇق. ئاخىرى مېنى تاشلىۋەتتى. سەۋەبىنى بىلەلمەي، كۆزۈمنى باغلاپ قىرىق چوگىلىتىپ قويۇۋەتكەندەك گاڭگىراپ قالدىم» دەپ مەستانىلىقنى بايان قىلىدىغانلارمۇ بار. بۇنداق بولۇشنىڭ سەۋەبىنى نېمە ئۈچۈن بىلگىلى بولمىسۇن؟ پەقەت روشەن بىلىۋېلىش ئۈچۈن، ھېسسىياتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىش ۋە چۈشىنىش مۇھىمدۇر.

ھېسسىيات كىشىلەرنىڭ تاشقى ئالەمگە، نەرسە ۋە ھادىسىلەرگە ھەمدە ئۆز ئۆزىگە بولغان مۇناسىۋىتىدىن تۇيغۇنى ئېيتىمىز. باشقىچە قىلىپ ئېيتساق، ھېسسىيات كىشىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىنىۋاتقان نەرسىگە، ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىش - ھەرىكەتلىرىگە ۋە كۆزلىگەن مەقسەت - مۇددىئاسىغا بولغان مۇناسىۋەتلىرىدىن كېلىپ چىقىدىغان تۇيغۇدۇر.

ھېسسىياتلار ئوبيېكتىپ ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى جەھەتتە ئىجابىي ۋە سەلبىي بولىدۇ. ھېسسىياتقا ئىجتىمائىي نۇقتىئىنەزەردىن باھا بەرگەندە، بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىمى، يۈكسەك غايىۋىلىك ۋە پىرىنسىپاللىققا ئاساسلىنىشتۇر. بارلىق سەنئەتتە تەسۋىرلەنگەن مۇھەببەت ھېسسىياتلار بىزنىڭ ئېھتىياجلىرىمىز، مەنپەئەتلىرىمىز بىلەن مەلۇم دەرىجىدە باغلانغانلىقى ئۈچۈن بىزدە ھەر خىل تۇيغۇلار تۇغدۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ھېسسىياتلار بىر تەرەپتىن بىزنىڭ ئېڭىمىزدا ئەكس ئېتىۋاتقان نەرسىلەر سەۋەبلىك تۇغۇلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بىزنىڭ ئېھتىياجلىرىمىز سەۋەبىدىن تۇغۇلىدۇ.

قېشىڭ ئەسلى قارادۇر، ئۇسما قويغىنىڭ يالغان،
مەن ساڭا كويۇپ قالدىم سېنىڭ كويگىنىڭ يالغان.

بۇ قوشاقنىڭ خەلقنىڭ ئىچىدە تارىختىن بېرى ساقلىنىپ كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبى، ئۇنىڭدىكى چىن رىياللىق بىرىنچى ئورۇندا تۇرسا، يەنە بىر تەرىپى مۇھەببەتتىكى پىسخىك جەرياننىڭ ھەقىقىي ئەينەن ئىپادە قىلىنغانلىقىدىندۇر. بۇقوشاقنى ئېيتقۇچىنىڭ ئېڭىدا، مۇھەببەت ئوبيېكتىنىڭ قېشىنىڭ ئەسلى قارا بولغانلىقىدىن ئىبارەت گۈزەللىك ئەكس ئەتكەنلىكىنى كورسەتسە ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە گۈزەلگە بولغان ئېھتىياج ۋە ئىنتىلىشلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن ئىككىنچى تەرىپىنىڭ ئېڭىدا بۇنداق تۇيغۇ ۋە ئىنتىلىشلارنىڭ ئېھتىياج سۈپىتىدە شەكىللەنمىگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ دەپ چۈشىنىشكىمۇ بولىدۇ.

ھېسسىياتنى تۇغدۇرىدىغان سەۋەبلەر — ھېسسىياتنىڭ مەنبەلىرى دەپ ئاتىلىدۇ.

كوپ ھاللاردا بىزنىڭ ھېسسىيكەچۈرمىشلىرىمىزنىڭ مەزمۇنى بىرەر نەرسىگە بولغان ئىنتىلىشلىرىمىز بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئىنتىلىشلار بولسا، ھەمىشە ئېھتىياجنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. لېكىن ھېسسىياتلار، ئېھتىياجلار سەۋەبىدىن پەيدا بولۇش

تۇپەيلى، ھېسسىياتلار ئىنتىلىشلار بىلەن قوشۇلۇپ، بىرلا تۇيغۇ سۈپىتىدە نامايەن بولىدۇ. بۇنداق ھاللاردا ھېسسىياتلار ئادەتتە قايتا ئىنتىلىشلارنى تۇغدۇرىدۇ. ياكى مەۋجۇت ئىنتىلىشلارنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھېسسىياتلارنىڭ ئۆزى ھەم ئاكتىپ تۇيغۇلار بولۇپ قالىدۇ. ھېسسىياتلارنىڭ يۈزلىنىش ئاكتىپلىقى پەقەت شىددەتلىك ئىنتىلىشلاردا نامايەن بولىدۇ. شۇنداق ھېسسىياتلارمۇ بولىدۇكى، بۇنىڭدا ئىنتىلىشلار ناھايىتى سۇس بولىدۇ ياكى تامامەن ھەركەتتە بولمايدۇ. بۇ خىل پاسسىپ ھېسسىياتلار ھەركەتسىز بولۇپ، پەقەت سۆز بىلەنلا چەكلىنىپ، قۇرۇق ئاھ - ۋاھلار بىلەن تۈگەيدۇ ياكى ئانچە - مۇنچە كۆز يېشى تۆكۈشتىن نېرى بارمايدۇ.

كىشىنىڭ ھاياتى پائالىيەتچانلىقىنى ئاشۇرىدىغان، غەيرەتنى ئارتتۇرىدىغان ھېسسىياتلارمۇ بولىدۇ. يەنە ئارتۇقچە خۇشال بولۇش، قاتتىق غەزەپلىنىشلەر بۇنىڭغا مىسال بولىدۇ. غەم - قايغۇ، مەيۈسلۈك، ئەپسۇسلىنىش قاتارلىق كىشىنىڭ ھاياتى پائالىيەتلىرىنى پەسەيتىدىغان ھېسلارمۇ بولىدۇ. ئوبيېكتىپ دۇنيا ۋە ئۇنىڭدىكى ھاياتلىق كۆرۈنۈشى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى رەڭگا - رەڭ بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىنكاسىمۇ، جۈملىدىن، ھېسسىياتىمۇ تۈمەن - مىڭ خىل شەكىلدە پەيدا بولىدۇ. زادى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدىغىنى شۇكى، ئادەمنىڭ بارلىق پسىخىك جەريانى ۋە ھادىسىلىرى مۇتلەق يەككە - يېگانە بولماي، ئۆزئارا زىچ ئىچكى باغلىنىشلىق بولىدۇ. يۈكسەك قىممەتكە ۋە يۇقۇرى ئىززەتكە ئىگە بولغان ئەسەرلەر ھەرگىز رېياللىقتىن يىراقلاشقان بولمايدۇ، بەلكى ئۇ ئەسەر ھەقىقى رېياللىققا بەك يېقىن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنداق ئەسەر زور قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە بولالايدۇ.

بەزى ئەسەرلەردە مۇھەببەتنى نۇقتا قىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئىجتىمائى تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئاچماقچى بولغان بولسىمۇ، مۇھەببەتتىن ئىبارەت مەسىلىنىڭ تۇغۇلۇشى، تەرەققى قىلىشى ياكى يوقىلىشىنى سۇبيېكتىپ ئۆي بويىچە بىر تەرەپ قىلغانلىق سەۋەبىدىن يەنى رېياللىقتىن خېلىلا يىراق بولغانلىقتىن، ۋەقە بىلەن تەسۋىردىكى تۇيغۇ - ھەركەتلەر جىپسىلاشمايدۇ. ئەقەللىي ۋەزىيەتنى تولۇق ئادا قىلالمىغانلىق سەۋەبىدىن تۇغۇلغان قانائەتلىنەلمەسلىك تۇيغۇ بىلەن ۋىجدانى ئازاپتىن تۇغۇلىدىغان كەيپىياتنى پسىخىكىلىق پەرقلەندۈرۈشكە ئاجىزلىق قىلىدۇ.

× × ×

ھېسسىياتنىڭ مۇھەببەتتىن باشقىچە ئىپادىلىنىدىغان شەكىللىرى كۆپ، تەئەججۈپلىنىش ۋە ھەيران قېلىش، بىرەر نەرسىنى كۆرۈش ۋە بىلىشكە قىزىقىش، ئىشەنچە


AltunOq

ۋەشۇبىلىنىش ھىسلىرى ئەقلىي ھىسلاردۇر ئاددەملەر ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان ئەخلاقىي پىرىنسىپلارنى ئادا قىلىشلىرى ياكى بۇزۇلۇشلىرى سەۋەپلىك، ئاددەملەردە بولىدىغان ھىسسىياتلار مەنئۇي ياكى ئەخلاقىي ھىسلاردۇر. بۇ پىرىنسىپلار ۋە شۇنىڭدەك ئادەت كۈچى قاتارىغا كىرىپ قالغان ئەخلاقىي نورمىلار ۋە قائىدىلەر نىمىلەرنى «ياخشى»، «يامان» نىمىلەرنى «ئادالەتلىك» ۋە «ئادالەتسىزلىك» نىمىنى «ھەق» ۋە «ناھەق» دەپ ھىساپلاش كېرەكلىكىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ.

ئەخلاق ئۇستقۇرۇلمىغا — ئىدىئولوگىيە ساھەسىگە كىرىدىغان ھادىسىدۇر. كىشىلەرنىڭ ئەخلاق نورمىلىرى، قائىدىلىرى ۋە قاراشلىرى تارىخىي تۇرمۇش داۋامىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن ۋە بازىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ تەرەققى قىلىپ كەلگەن. سىنىپىي جەمئىيەتتە ئەخلاق سىنىپىلىككە ئىگە. كوممۇنىستىك ئەخلاق يۈكسەك ئەخلاق بولۇپ، بۇرژۇئازچە ئەخلاقتىن تامامەن پەرقلىقتۇر، كوممۇنىزىمنى قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىش كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ ئاساسىدۇر.

بىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە كوللىكتىۋىزىملىق ھىسسى، ئورتاقلىق، دوستلۇق ھىسسى، ئار - نومۇس، ۋىجدان ھىسسى ئىستېتىك ھىسلا، ۋەتەنپەرۋەرلىك ھىسلىرى كىشىلەردە مەۋجۇتتۇر. بۇنداق ھىسلارنىڭ ھەممىسى مۇھەببەت ھىسسىياتى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولىدۇ.

سەنئەتكارلار ۋە يازغۇچىلار ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە ئىجتىمائىي ھايات ۋە تۇرمۇشتىكى ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىشتا، ئومۇمەن ھىسسىياتقا، جۈملىدىن، كىشىلەر ئارىسىدىكى مۇھەببەت تۇيغۇلارغا توغرا - ئادىل مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇزۇن ئۇتمۇش سەنئەت تارىخىدىمۇ شۇنداق بولۇپ كەلگەن.

كىلاسسىك تارىخىي ئەسەر «غېرىپ - سەنەم» دىرامىسىنىڭ ھازىرمۇ قەدىر - قىممەتكە ئىگە بولۇشى، ئۇنىڭ يۈكسەك بەدىئىلىكى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىرگە زامانىسىغا يارىشارىيال بولۇشىدىندۇر.

بۇتارىخىي ئەسەردە، غېرىپ بىلەن سەنەمدىن ئىبارەت بۇ بىر جۈپ ياشنىڭ ساپ مۇھەببىتىنى چورىدىگەن ھالدا، جەمئىيەتتىكى ئوتكۇرسىنىپىي كۈرەشنى، گۈزەللىك بىلەن خۇنۇكلۇك مۇناسىۋىتىنى، ھەق بىلەن ناھەق ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى، ئادالەتلىك بىلەن ئادالەتسىزلىك توقۇنۇشلىرىنى، مەرتلىك بىلەن نامەرتلىك ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن ئېلىشىشنى، چىن ھەقىقەتنىڭ ئىگىلىشى مۇمكىنكى، ئۇنىڭ سۇنماسلىقىنى، چىن دوستلۇق بىلەن رەزىللىك ئارىسىدىكى شىددەتلىك جەڭنى، چوڭ غەلىبە بىلەن ئاخىرلاشقان كۈچلۈك ئىرادىلىك ھەركەتلەرنى جانلىق ئوبرازلار ئارقىلىق تەسۋىرلەيدۇ.

ئەسەردىكى بارلىق ئىجابى ۋە سەلبى ئادەملەرنىڭ پىسخىك ھالەتلىرى تەبىي ۋە قانۇنىيەتلىك ھالدا ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەر شۇنىڭ ئۈچۈن تاماشىبىنلارنىڭ ئېڭىدا يۈكسەك تەسىر قوزغاش ئىقتىدارىغا ئىگە، بۇنداق ئەسەر، ئارتىستلارنىڭ روھىدا چوڭقۇر ئورۇن ئالىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، رولنى ئىنتايىن يۇقۇرى سۈپەت بىلەن ئورۇنلاشقا ئېلىپ بارىدۇ. بەزى ياش سەنئەتكار ۋە يازغۇچىلىرىمىزنىڭ سەنئەتتىكى «مۇھەببەت مەسىلىسى» گە، پىسخولوگىيىلىك مەسىلىگە ئاگلىق قارىشى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ۋەقەلىكتىكى كەچۈرمىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان شەخسىنىڭ پىسخىكىسىنى توغرا ئىپادىلەشتىكى نۇقسانلار، ئەسەرنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە جانلىق بولۇپ چىقالماسلىقىغا سەۋەپ بولىدۇ. بىزنىڭ پىسخىك ھاياتىمىزدا ھېسسىياتلار ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. بىزنىڭ ئەقلىي جەريانلىرىمىزدا، دۇنيانى بىلىشكە قەتئىي ئىنتىلىشىمىزدە ھېسلار چوڭ رول ئوينايدۇ. بىزنىڭ ھېسلىرىمىز پۈتۈن پائالىيەتلەرگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىمۇ نەزەردە تۇتۇشىمىز كېرەككى، خاتىرجەمسىزلىك، تەشۋىش، غەمكىنلىك، مەيۈسلۈك، ئۆز كۈچىگە ئىشەنمەسلىك، قورقۇنچاقلىق قاتارلىق سەلبى ھېسلار پائالىيەتنى پەسەيتىدۇ. ئىجابى ھېسلار ھەممە ئەقلىي جەريانلاردا ۋە ئىرادىلىك ھەركەت جەريانلىرىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەگەر ھېسسىيات بولمىسا، بىزنىڭ ئويلاش، ئەسلەش، تەپەككۇر قىلىشلىرىمىز جانسىز ۋە نۇرسىز بولۇپ، سۇس ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى. ھېسلار فانتازىيىگە مەدەت بېرىپ فانتازىيىلىك ئوبرازلارنى يارقىنلاشتۇرىدۇ، ھېسلار ئادەمنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى ئاكتىپلاشتۇرىدىغان ئۇچقۇندۇر ۋە گۈلخاندۇر. كىشىلەرنىڭ ئىجادىي ئىشلىرىدا ھېسلار ئىشتىراك قىلىدۇ. ئىجاتكارلاردا ياخشىغا مۇھەببەت، يامانغا نەپرەتنىڭ بار بولۇشى بىرەر نەرسىنى يارىتىش ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشقا چوڭ ئىلھام بېرىدۇ.

ماركس، ئېنگېلس، لېنىنلار كۆرەشچى ۋە ئىجاتچى شەخسلەرگە خاس بولغان زور قىزىقىش بىلەن ئىشلىيەلەيدىغان ئۇلۇغ ھېسلار ئىگىسىدۇر.

جەمئىيەتتىكى يۈكسەك ئىجابى ھېسلارنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈش، ياش بوغۇنلارنىڭ ساپ ھېسسىياتلىرىنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرىدىغان جانلىق ئەسەرلەرنى يارىتىشتا، ھېسسىياتنى چۈشىنىشى ۋە ئۇنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈش ناھايىتى مۇھىم بىر مەسىلىدۇر.

بوۋاق يېشىغا تولۇشنىڭ ئالدى - كەينىدە، ئۆز تىلى بىلەن سۆزلەشكە باشلاپ ئىككى ياشقا يەتمەي ئۆز ئانا تىلىدا خېلىلا توغرا سۆزلەيدىغان تەرەپكە قاراپ تەرەققى قىلىدۇ. بۇ ئاجايىپ تەقلىتچىنىڭ چۈچۈك سۆزىدە، تىلنىڭ گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرى ھەتتا لوگىكىلىق بەلگىلىرى خېلىلا ئېنىق بولىدۇ.

بۇنىڭ سەۋىۋىشۇكى، ئانا تىلنىڭ ئۆزىدە تىل قانۇنىيەتلىرى روشەن مەۋجۇتلىقتا ئىگە. مەكتەپتىن ئىبارەت كەڭ تەربىيەشارائىتىدا تىل قائىدىلىرىنى ئۆگىنىپ بىلىش بىر قەدەر تەرەققىي قىلىپ، ئۇنىڭ تىلى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە، كامالەتكە يېتىشكە قاراپ ماڭىدۇ.

ياش سەنئەتكارلارنىڭ، جۈملىدىن، يازغۇچىلارنىڭ يازغان دەسلەپكى ئە-سەرلىرىدىمۇ ھاياتلىق گەۋدىلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ۋەقەلىكنى ئوبرازنى بىۋاستە تۇرمۇشتىن ئالىدۇ. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ياكى تۇرمۇشتىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ ئۆزى چىن ربيا للقتىن ئىبارەتتۇر.

ۋەقەلىكتىكى ئادەملەرنىڭ پسىخىكىسى تۇرمۇشتا تەبىي ھالدا ئەكس ئېتىدۇ. لېكىن سەنئەت ئىجادىيەت ئىشلىرىدا يۇكسەك مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن پسىخو-لوگىيە ئىلمى بىلەن تونۇشۇشنىڭ ئەھمىيىتى، كىچىك بالا ۋە ئوسمۇرلەرنىڭ گىرامما-تىكا ۋە تىل قائىدىلىرىنىڭ تەرەققىياتىدىكى بىلىشنىڭ ئەھمىيىتىگە ئوخشاپ كېتىدۇ.

ياش سەنئەتكارلار ۋە ياش يازغۇچىلارنىڭ تىرىشىپ پسىخولوگىيە ئۆگىنىشى ئىنتايىن زورۇردۇر.

---

### ۋاقىت توغرىسىدا

△ سىز ئۆمۈرنى قەدىرلەمسىز؟ ئۇنداق بولسا ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماڭ، چۈنكى ۋاقىت ئۆمۈرنى ھاسىل قىلغۇچى ماتېرىيالدۇر.

— فرانكلىن

△ ئۆمۈر ۋاقىتنى بىرلىك قىلىدۇ، باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئىسراپ قىلى-غانلىق — ئۇنىڭ ئۆمرىگە زىيانكەشلىك قىلغانلىق بولىدۇ؛ ئۆزىنىڭ ۋاقتى-نى ئىسراپ قىلغانلىق ئۆزىنى ئاستا - ئاستا ئۆلتۈرگەنلىك بولىدۇ.

— لۇشۈن

△ ئەڭ ياخشىسى كۈن پاتقاندىن كېيىن خام - خىياللارغا چوكۇپ كەت-مەي، قىزىل قۇياش كوتىرىلگەن ھامان ئىشلەشكە كىرىشىش كېرەك.

— شې جۇيزەي

△ ۋاقىتنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش—ۋاقىتنى تېجەپ قالغانلىق بولىدۇ.

— بېكون

△ سەن ۋاقىتنى تاشلاپ قويساڭ، ۋاقىتمۇ سېنى تاشلاپ قويىدۇ.

— شېكىسپىر

# ئەپەندى لەتىپىلىرىنىڭ مەنتىقىلىق كۈچى

شىرىن قۇربان

ئەپەندى لەتىپىلىرى ئۆزىنىڭ تېماتىك مەزمۇنىنىڭ كەڭلىكى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ روشەنلىكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ زىچلىغى، شەكلىنىڭ رەڭگا - رەڭلىكى، بەدىئىي تۈزۈلۈشىنىڭ گۈزەللىكى، تىلىنىڭ جانلىق، ئاممىباپ ۋە يۇمۇرلىغى، ئوخشىتىشلارنىڭ جايىدا ۋە قىزىقارلىغى جەھەتتە كىشىلەرنى جەلپ قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى لوگىكىلىق تەپەككۇر (مەنتىق كۈچى)نىڭ كۈچلۈكلىكى بىلەن كىشىلەرنى جەلپ قىلىش ۋە قايىل قىلىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

ئەپەندى لەتىپىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرسەك، ئۇنىڭدا ئومۇمىيۈزلۈك بولغان مۇنداق بىر ئەھۋالنى كۆرەلەيمىز:

ھەرقانداق مەيدان ياكى سورۇندا، كىشىلەر ئەپەندىمدىن سوئال سورايدۇ، ئەپەندىم جاۋاپ بېرىدۇ. كىشىلەرنىڭ مەيلى ئىجتىمائىي زور مەسىلىلەر توغرىسىدا بولسۇن، ياكى تۇرمۇشتىكى ئاددىي مەسىلىلەر توغرىسىدا بولسۇن، سورىغانلىكى ھەرقانداق سوئالى ئالدىدا ئەپەندىم قىلچىمۇ تەمتىرەپ قالمايدۇ، بەلكى كۈچلۈك ھەجۋى، چوڭقۇر يۇمۇر ۋە ئۆتكۈر كۈلكە ئارقىلىق دەل جايىدا جاۋاپ قايتۇرىدۇ. بولۇپمۇ، ئەزگۈچى سىنىپلارنىڭ ۋەكىللىرى بولغان — پادىشا، خان، ھاكىم، ۋەزىر، بەگ، قازى... قاتارلىقلار ئەپەندىمنى مەسخىرە قىلىش، گەپتە چۈشۈرۈش مەقسىدىدە ئەپەندىمدىن سوئال سورايدۇ. نەتىجىدە، ئۇلار ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە، ئەپەندىمنىڭ ئۆتكۈر تىلى ئالدىدا لام - جىم دېيەلمەي مات بولۇشىدۇ، ئەپەندىم مەمنۇن ھالدا ئۆز يولىغا راۋان بولىدۇ.

ئەپەندىم نېمە ئۈچۈن گەپتە چۈشمەيدۇ؟ ئۇنىڭدا نېمە سىر بار؟ بۇ چوڭقۇر تەھلىل قىلىشقا ۋە جاۋاپ بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلە.

بىزنىڭچە، ئەپەندىمدە ھېچقانداق غەيرىي سىر يوق. ئەگەر سىر بار دېيىلسە، ئۇ مەنتىقىلىق كۈچنىڭ سىرىدىنلا ئىبارەت، خالاس.

ئەپەندىم تەپەككۇرنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلغان، لو-

گىگىنىنىڭ غايەت زور قايىل قىلىش كۈچىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلانغان، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئەپەندى لەتىپىلىرى ھەر قانداق كىشىنى قايىل قىلىدۇ.

بىزگە مەلۇم، تەپەككۇر ئوبيېكتىپ رىيالىقنىڭ كىشى ئېڭىدا ئەكس ئېتىشى، تەپەككۇرمۇ خۇددى ئۆزى ئەكس ئەتتۈرگەن ئوبيېكتىپ دۇنياغا ئوخشاشلا قانۇنىيەتلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى ئوبيېكتىپ دۇنيا قانۇنىيەتلىرىنىڭ كىشى ئېڭىدا ئەكس ئېتىشىدۇر. ئوبيېكتىپ رىياللىقنى سادىقلىق بىلەن ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈش دېمەك، توغرا، ئېنىق پىكىر قىلىشتۇر. توغرا پىكىر قىلىش دېگىنىمىز— بايان قىلىنغان پىكىر ئېنىق بولۇش، زىددىيەتسىز بولۇش، ئىزچىل بولۇش، يېتەرلىك ئاساسقا ئىگە بولۇش دېگەنلىك. ھالبۇكى، تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرى توغرا پىكىر قىلىشنىڭ زورۇر شەرتى. بۇ قائىدە - قانۇنىيەتلەر تەپەككۇر شەكىللىرى بولغان — ئۇقۇم، ھۆكۈم، خۇلاسە (جۈملىدىن، ئىسپات، رەددىيە) قاتارلىقلاردا ئومۇمىيۈزلۈك رول ئوينايدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، تەپەككۇر قائىدە - قانۇنىيەتلىرى ئاسماندىن چۈشكەن ئەمەس. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئۇزاق زامانلار مابەينىدە ئۇقۇم، ھۆكۈملەردىن توغرا پايدىلىنىش، توغرا خۇلاسىلاش، توغرا ئىسپاتلاش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنىڭ يىغىنچاقلىنىشى ۋە يەكۈنلىنىشى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، تەپەككۇر قائىدە - قانۇنىيەتلىرى ئىنسانلارنىڭ پىكىر قىلىش ئەمەلىيىتىدىن كەلگەن، شۇ جەرياندا ئىسپاتلانغان. ئۇ يەنە كېلىپ ئىنسانلارنىڭ پىكىر قىلىش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئىنسانلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش پائالىيىتىگە قارىتا تىزگىنلەش رولىنى ئوينايدۇ. قىسقىسى، ئۇ توغرا پىكىر قىلىشنىڭ قېلىپى. ئۇنىڭغا ھەرگىز خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدۇ. ئەگەر خىلاپلىق قىلىنىدىكەن، مۇقەررەر ھالدا لوگىكىلىق خاتالىق سادىر بولىدۇ - دە، ھەقىقى ئىشەنچلىك يەكۈنگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ.

لوگىكا ئىلمى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئەپەندى لەتىپىلىرىدىكى ئەپەندىمنىڭ جاۋاپلىرى پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ، لېكىن كوپلىگەن سوئال سورىغۇچىلارنىڭ سوئاللىرى مەنتىقىغە خىلاپ. چۈنكى، ئۇلار لوگىكىنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىگە ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا خىلاپلىق قىلىدۇ. ئەپەندىم كوپ ھاللاردا سوئال سورىغۇچىلارنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ، «ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئۇلارغا ئۇنۇملۇك جاۋاپ قايتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، لوگىكىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچى ئالدىدا سوئال سورىغۇچىلار مات بولىدۇ.

تۆۋەندىكى مىساللار بۇ نۇقتىنى ئېنىق ئىسپاتلايدۇ:

«ئەپەندىم كول بويىدا ئولتۇرغىنىدا پادىشا ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، پەمىڭىز بولسا، مۇنۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىڭا، مۇشۇ كولنىڭ سۈيى قانچە چېلەك چىقىدۇ؟

— ئەگەر چىلەكىنىڭ چوڭلۇغى كولچىلىك بولسا، كولنىڭ سۇيى بىر چىلەك چىقىدۇ. ئەگەر چىلەكنىڭ چوڭلۇغى كولنىڭ يېرىمىچىلىك بولسا، كولنىڭ سۇيى ئىككى چىلەك چىقىدۇ...... دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ئەپەندىم».

مۇشۇنداق تەس سوئالغا ئەپەندىم نىمىدىگەن جايىدا جاۋاپ بەرگەن ـ ھە!

ئەسلىدە ئەقىللىق ئەپەندىم قايتۇرما سوراق ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كول بىلەن چىلەكنىڭ ھەجمىنى ھەممە بۇ ئىككى ھەجىم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ئېنىقلاشتىن ئىبارەت قېيىن مەسىلىنى پادىشانىڭ ئۆزىگە ھاۋالە قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشانى جاۋاپ بېرىشكە ئامالسىز قالدۇرۇپ، بۇ سوئالغا جاۋاپ بېرىشتەك قېيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلىدۇ. دىمەك، ئەپەندىم بۇ مىسالدا لوگىكىدىكى «شەرتلىك ھوكۇم» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، كول بىلەن چىلەكنىڭ ھەجمىنىزورۇرى ۋە يېتەرلىك شەرت قىلىپ: «ئەگەر سىز چىلەك بىلەن كولنىڭ ھەجمىنى دەپ بەرسەڭىز، مەنمۇ كولنىڭ سۇيىنىڭ قانچە چىلەك چىقىدىغانلىغىنى دەپ بېرەلەيمەن. ئەگەر سىز چىلەك بىلەن كولنىڭ ھەجمىنى دەپ بېرەلمىسىڭىز، مەنمۇ سوئالىڭىزغا جاۋاپ بېرىشكە ئامالسىز قالىمەن» دىگەن.

دىمەك، ئەپەندىم بۇ يەردە تەپەككۇرنىڭ قائىدە ـ قانۇنىيەتلىرىدىن ناھايىتى جايىدا پايدىلىنىپ، نەتىجىدە لوگىكىدىن ساۋادى بولمىغان پادىشانى مات قىلغان.

يەنە مۇنۇ مىسالغا قارايلى:

«بىركىشى ئەپەندىمدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، ئاكىڭىز چوڭمۇ، سىزمۇ؟»

ئۇقۇمى ئېنىق بولمىغان، ئادەمنى تەڭلىككە سالىدىغان مۇشۇنداق قېيىن سوئالغا قانداقمۇ جاۋاپ بەرگىلى بولسۇن؟

قاراڭ، ئەقىللىق ئەپەندىمنىڭ جاۋاۋىغا:

— «ئىككى يىل بۇرۇن ئاكام مەندىن ئىككى ياش چوڭ ئىدى، بۇيىل ئىككىمىز تەڭلىشىپ قالدۇق».

ئەپەندىمنىڭ جاۋاۋى ئەسلىدە مەنتىقىغە ئۇيغۇن ئەمەس، ئەمما ئۇقۇمى ئېنىق بولمىغان، ئەڭ ئەقەللىسى ئەقىلغا سىغمايدىغان ئاشۇنداق سوئالغا ئاشۇنداق جاۋاپ قايتۇرماي نىمە ئامال؟

ئەپەندىم بۇ يەردە سوئال سورىغۇچىغا سوئالنىڭ مۇنداق خاتا، ئۇنداق خاتا دىمەي، ئەكسىچە سەن سوئالنى ئاشۇنداق سورىغان ئىكەنسەن، ئۇنداق سوئالغا مۇنداق جاۋاپ، دەپ سوئال سورىغۇچىنى پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويغان، ئەپەندىمنىڭ ئوتكۇر جاۋاۋى ئالدىدا سوئال سورىغۇچى نىمە دىيەلىسۇن؟ چۈنكى ئۇنىڭ سوئالىدا ئۇقۇم ئېنىق ئەمەس، ناۋادا ئۇ ئەپەندىمدىن: «سىلەر ئىككى بالىدىن قايـ

سىڭلار چوڭ، قايسىڭلار كىچىك؟» ياكى «ئاكاڭىنىڭ بويى ئىگىزمۇ، سىنىڭمۇ؟»دەپ سورىغان بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا جەزمەن ئەپەندىمنىڭ ئىنىق جاۋابىغا ئېرىشەتتى ئەمەسمۇ؟!

يەنە بىر مىسال:

«سەپەرگە چىققان بىر مۇساپىر سودىگەر شەھەر سارايلىرىدىن بىرىدە قونۇپتۇ. سارايۋەن ئۇنىڭغا بىر توخۇ ۋە ئىككى تۇخۇم پىشۇرۇپ بېرىپتۇ. ئەتىسى سودىگەر يولغا چىقىش ئالدىدا سارايۋەنگە:

— قايتىشىمدىمۇ مۇشۇ سارايغا چۈشىمەن، شۇ چاغدا ھىساپلىشارمىز، – دەپ كېتىپ قاپتۇ.

ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى مۇساپىر قايتىپ كېلىپ، يەنە شۇ سارايغا چۈشۈپتۇ، سارايۋەن بۇ قېتىممۇ ئۇنى توخۇ گۆشى ۋە تۇخۇم بىلەن كۈتۈۋاپتۇ.

ئەتىسى سودىگەر سارايۋەندىن سوراپتۇ:

— بەرگەن تامىقىڭىزنىڭ ھەققى ئۈچۈن نەچچە تولەيمەن؟

سارايۋەن ئۇياق – بۇياق ھىساپلاپ كورۇپ:

ئىككى يۈز تەڭگە بەرسىڭىز بولىدۇ! – دەپتۇ.

— ئىككى توخۇ بىلەن توت تۇخۇم ئىككى يۈز تەڭگە بولامدۇ؟ – دەپتۇ سودىگەر ھەيران بولۇپ.

— ئەلۋەتتە، شۇنداق بولىدۇ! – دەپتۇ سارايۋەن، – ئوزىڭىز ئويلاپ كورۇڭ، بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇن يىگەن توخۇ تىرىك بولىدىغان بولسا، ھەريىلى ئاتمىش – يەتمىش تۇخۇم تۇغاتتى، تۇخۇمنى باسۇرساق ھىچبولمىغاندا، قىرىق – ئەللىك چۈجە چىقاتتى. شۇنداق بولىۋەرسە، ئۈچ يىل دىگەندە پۈتۈن ئەتراپنى توخۇ بېسىپ كېتەتتى. ھىساپلاپ كورۇڭ، تېخى مەن ئىنساپ بىلەن ئاران ئىككى يۈز سوملا سورىدىم

سودىگەر بىلەن سارايۋەن كېلىشەلمەي قازىغا بېرىشىپتۇ. سارايۋەن قازىغا ئاستا ئىشارەت قىلىپ: «مېنىڭ پايدامغا ھوكۇم قىلساڭ، ئالىدىغان پارەڭمۇ ئاز بولمايدۇ، دىگەن مەنىنى ئۇقتۇرۇپتۇ.

قازى سودىگەردىن سوراپتۇ:

— سىز توخۇنى يىيىشتىن ئاۋال نەرقىنى سوزلەشكەنمۇ؟

— ياق، توخۇدىگەننىڭ نەرقى ھەممىگە مەلۇم بولغاندىن كېيىن سوراپ نىمە قىلاتتىم، – دەپتۇ سودىگەر.

— ئۇنداقتا، سىزقاچان قايتىپ كېلىشىڭىزنى سارايۋەنگە ئۇقتۇرغانمۇ؟

— ياق!

— يا توخۇنىڭ نەرقىني سوزلەشمىگەن بولسىڭىز، يا قايتىپ كېلىدىغان

مۇددىتىڭىزنى ئېيتىپ قويمىسىڭىز؛ توخۇ تىرىك بولغان بولسا، ھە، يەنە تېخى تۇخۇم تۇغۇپ چۈجە چىقارغان بولسا، ئۇنداقتا، ئۇنىڭ نەرقى ئىككى يۈزتەڭگىدىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ. ھىلىمۇ سارايۋەن ئىنساپلىق ئىكەن. ئىككى يۈز تەڭگە تولەڭ!- دەپ ھوكۇم چىقىرىپتۇ قازى.

سودىگەر قازىدىن نارازى بولۇپ، ئەپەندىمنى ئىزلەپتۇ ۋە بولغان ۋەقەنى سوزلەپ بېرىپتۇ. ئەپەندىم قازىخانىغا كېلىپ، بۇ دەۋانى قايتا سوراپ، باشقىدىن ھوكۇم چىقىرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. قازى ئىلاجىسىز ماقۇل بولۇپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن قايتا سوراق قىلماقچى بوپتۇ.

بەلگىلەنگەن كۈنى ئەپەندىم قازىخانىغا كېچىكىپ قاپتۇ. قازى ئەپەندىمنىڭ يولىغا قاراپ، تاقىتى تاق بولۇپ تۇرغىنىدا، ئەپەندىم كىرىپ كەپتۇ.

— ئەپەندىم، نىمىشقا ۋاقتىدا كەلمىدىڭىز؟ ئادەمنى شۇنچىمۇ ساقلىتامسىز؟- دەپ ئاچچىغلاپتۇ قازى.

— رەنجىمىسىلە، تەخسىر، - دەپتۇ ئەپەندىم، - خۇشنىمىز بىلەن ئوتاق بۇغداي تەرمەكچى ئىدۇق، يەرنىڭ ئوسسى كېلىشىپ قاپتىكەن، ئۇرۇقلۇق بۇغداينى قورۇپ بېرىمەن دەپ كېچىكىپ قالدىم.

يالغان گەپ قىلماڭ دەپ كولۇپتۇ قازى، - قورۇلغان ئۇرۇقمۇ ئۇنەمدۇ؟

— بەللى، - دەپتۇ ئەپەندىم، - قورۇلغان ئۇرۇقنىڭ ئۇنۇشىگە ئىشەنمەيسىزكەن، ئەمىسە نىمىشقا پىشۇرۇلغان توخۇ تۇخۇم تۇغىدۇ دەپ ھوكۇم چىقاردىڭىز؟

قازى كوپچىلىك ئالدىدا شەرمەندە بولۇپ، قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كېتىپتۇ ۋە ئىلاجىسىز ئاۋال چىقارغان ھوكۇمنى بىكار قىلىپتۇ. مۇساپىر سودىگەر ئەپەندىمگە كوپ رەھمەتلەر ئېيتىشىپتۇ».

ئەقىللىق ئەپەندىم بۇيەردە سېلىشتۇرما خۇلاسە شەكلىدىن ئۇنۇملۇك پايدىلىنىپ، سارايۋەن ۋە قازىنىڭ ئولۇك توخۇنى تىرىك توخۇ قىلىشتىن ئىبارەت ئۇقۇمنى ئوغرىلىقچە ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، ئالماشتۇرۇۋېتىش ئارقىلىق بىچارە سودىگەرنى قاقتى - سوقتى قىلىشتەك ھىلىسىنى ئېچىپ تاشلىغان. مۇساپىر سودىگەر ئۇچۇن ناھايىتى ئوبدان ئادۋوكات بولۇپ، ئۇنى بالا - قازادىن قۇتقۇزۇپ قالغان.

ئەپەندىم بۇيەردە ئايرىم تۇرغاندا ساختا ۋە خاتا بولغان «پىشۇرۇلغان توخۇ تۇخۇم تۇغىدۇ» دىگەن ھوكۇم بىلەن «قورۇلغان ئۇرۇق ئۇنىدۇ» دىگەن ئىككى ھوكۇم ئوتتۇرىسىدىكى مۇئەييەن شەرتلىك - تايىنىشلىق مۇناسىۋەتنى مەنتىقى ھالدا ئەكس ئەتتۇرۇپ، لوگىكىلىق شەرتلىك ھوكۇم ئۇسۇلى بىلەن ئۇنىڭ ھوكۇمنىڭ ناھەق ماھىيىتىنى ئېچىپ تاشلاپ، شەرمەندە قىلغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئەپەندى لەتىپىلىرىدە سوئال سورىغۇچىلارنىڭ سوئالىدا ئۇقۇم ئېنىق بولماسلىق ۋە ئۇقۇمنى ئوغرىلىقچە ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، ئال-

ماشتۇرۇۋېتىش، ھوكۇم مۇۋاپىق بولماسلىقتەك لوگىكىلىق خاتالىقلار ناھايىتى كوپ. ئەپەندىم لوگىكىلىق تەپەككۇرنىڭ قائىدە - قانۇنىيەتلىرىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى قورال قىلىپ، بىر تەرەپتىن سوئال سورىغۇچىلارنىڭ سوئالىدىكى لوگىكىلىق خاتالىقلارنى كورسىتىپ بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەسىلىنىڭ مېغىزىنى يېشىپ بېرىشتىن ئىبارەت ھالقىلىق مەسىلىنى سوئال سورىغۇچىنىڭ ئوزىگە ئىتتىرىپ قويىدۇ، نەتىجىدە ئوزى ئاكتىپ ئورۇندا تۇرۇپ، سوئال سورىغۇچىلارنى پاسسىپ ئورۇنغا چۇشۇرۇپ قويۇپ مات قىلىدۇ ياكى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ.

ئەپەندى لەتىپىلىرىدىن بىز شۇنى چۇشىنىۋالىمىزكى، ھەر قانداق بىر ساھەدە ئۇقۇملارنى ئېنىقلىۋېلىشنىڭ زورۇرلىگىنى، شۇنداقلا ئۇقۇملارنى ھەقىقەتەن ئېنىق، توغرا ئىگەللىۋېلىش زور نەزىرىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ناھايىتى زور ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

ئەگەر ئۇقۇم ئېنىق بولمىسا ياكى ئۇقۇم قەستەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلسە ياكى ئالماشتۇرۇۋېتىلسە، ھوكۇم توغرا بولماي قالىدۇ - دە، ئوبيېكتىپ رېياللىقنى ئەينەن ئەكس ئەتتۇرگىلى بولمايدۇ.

ئۇقۇملارنى ئېنىقلىۋېلىش دىگەنلىك — ئۇقۇمنىڭ مېغىزى بىلەن ھەجمىنى ئېنىقلاۋېلىشقا قارىتىلغان. يەنى شۇ ئوبيېكتىنىڭ ئورتاق، ماھىيەتلىك بەلگىلىرى — شۇ ئوبيېكتىنى ئوبيېكتىپ قىلىپ تۇرغان، شۇنداقلا شۇ ئوبيېكتىنى باشقا ئوبيېكتلاردىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرغان بەلگىلىرىنى ئېنىقلاش بىلەن شۇ ئۇقۇمدا ئەكس ئەتتۇرۇلگەن ئوبيېكتىنىڭ پۇتۇن دائىرىسى (ياكى مىقدارى)نى ئېنىقلاش كېرەك دىگەنلىك. يۇقۇرىدا كەلتۇرۇلگەن مىساللارنىڭ بىرىنچىسىدە، «كول» بىلەن «چىلەك» ھەجمى جەھەتتىن ئېنىق ئەمەس، ئىككىنچىسىدە («سىز چوڭمۇ، ئاكىڭىزمۇ؟») مەسىلىنىڭ ئوزى ئېنىق ئەمەس. قالغان مىساللاردىمۇ ئۇقۇم ئېنىق ئەمەس ياكى ئۇقۇم ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن.

ئۇقۇملارنى ئېنىق، توغرا ئىگەللىۋېلىش — پىكىر يۇرگۇزۇشتە، ئوگىنىشتە، ئىلمىي تەتقىقاتتا، مۇھاكىمە - مۇنازىرىدە، توغرا نەتىجىگە ئېرىشىشتە ئاساسىي مۇھىم شەرت، ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. ئەگەر ئۇقۇم ئېنىق بولمىسا، توغرا نەتىجىگە ئېرىشىش مۇمكىن بولمايلا قالماستىن، بەلكى ئەمەلىي پائالىيەتلەردە ناھايىتى زور قالايمىقانچىلىقلار كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، ئۇقۇملارنى ئېنىقلىۋېلىش، ئۇقۇملاردىن توغرا پايدىلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز لازىم.

# ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى تەتقىقاتىدىكى بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدا

خەمىت تۆمۈر

مەملىكىتىمىز ئازات بولغاندىن كېيىن، بىر تۈركۈم تىلچىلار يېتىشىپ چىقىپ، ئۇيغۇر تىلى، جۈملىدىن، ئۇيغۇر گىراماتىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ باردى ۋە بارماقتا. بۇ جەرياندا ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى بويىچە ئاز بولمىغان مەخسۇس ئەسەر، دەرسلىك ۋە ئىلمىي ماقالىلار بارلىققا كەلدى.ئۇيغۇر تىلىدىكى سوز تۈركۈملىرى، ئاساسلىق گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىلار ۋە بىر مۇنچە گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىلەر بويىچە خېلى بىرلىككە كەلگەن ۋە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىلمىي خۇلاسىلار ھاسىل بولدى. دېمەك، بۇ جەھەتتىكى نەتىجىلەر خېلى زور ۋە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك.

بىراق، ئۇيغۇر تىلى بويىچە ھازىرغىچە بارلىققا كەلگەن گىراماتىكا كىتابلىرىنى ئۇيغۇرتىلى گىراماتىكىسى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتنىڭ دەسلەپ قەدەمدىكى نەتىجىسى ھېساپلاشقىلا بولىدۇ. شۇنى ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بىز تېخى ئۇيغۇر تىلىنىڭ مول ۋە خىلمۇ - خىل گىراماتىكىلىق قائىدىلىرىنى بىر قەدەرتولۇق ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەم بۇ قائىدىلەرنى ئۇيغۇر تىلىنى ئۆزىگە خاس گىراماتىكىلىق سىستېمىسى بويىچە تەھلىل قىلىپ، بىر قەدەر توغرا ۋە تەپسىلى ئىزاھلاپ بەرگەن، قىسقىسى، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بىر پۈتۈن گىراماتىكىلىق قۇرۇلمىسىنى ئاساسەن ئەكس ئەتتۈرگەن بىر قەدەر نوپۇزلۇق بىر گىراماتىكا كىتاۋىغا ئىگە ئەمەسمىز. ئەگەر بىز كىشىلەرنىڭ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھازىرقى تەرەققىيات باسقۇچىدىكى ھالىتىنى ئىلمىي يوسۇندا چۈشىنىپ، ئۇنىڭ بايلىقىدىن ئاڭلىق پايدىلىنىشىغا ياردەم بېرىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى بېيىتىش ۋە قېلىپلاشتۇرۇشتا مۇشۇنداق بىر گىراماتىكا كىتاۋىنىڭقانچىلىك زۆرۈر كەنلىگىنى كوز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى ئۈستىدىكى تەتقىقاتنىڭ يەنىلا ئېغىر ۋەزىپىلەرگە دۇچكېلىپ تۇرغانلىغىنى ھېس قىمەن بۇ ماقالىدا تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنىقوزغاشنى مەقسەت

قىلىپ، ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى گىرامماتىكا كىتاپلىرىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدىلا ئۆزەمنىڭ ھېس قىلغانلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچى.

1. ھازىرقى گىرامماتىكا كىتاپلىرىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى پېئىلنىڭ بايان رايى (بەزى كىتاپلاردا «خەۋەر رايى» ياكى «ئېنىق مەيىل» دېيىلىدۇ) غا تەۋە بولغان گىرامماتىكىلىق شەكىللىرىنىڭ تەھلىلىدە كورۈلىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلايدۇكى، ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ بايان رايى ئىنتايىن مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ بىر كاتېگورىيە. بىزنىڭ تەكشۈرۈشىمىزچە، پېئىلنىڭ بۇ كاتېگورىيىسىگە كىرىدىغان گىرامماتىكىلىق شەكىللىرى 35 خىلغا يېتىپ بارىدۇ*. ئەگەر «يازماق» پېئىلنى مىسال قىلىپ، ھەر خىلنىڭ 3 ـ شەخس تۈرىنى كورسەتسەك، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

يازىدۇ، يازىدىكەن، يازغىدەك، يازار،
يېزىۋاتىدۇ، يېزىۋېتىپتۇ، يېزىۋاتقىدەك، يېزىۋاتقاندۇ،
يازماقچى، يازماقچى ئىكەن، يازماقچىدەك، يازماقچىدۇر،
يازدى، يېزىپتۇ، يېزىپتۇدەك، يازغانمىدۇ،
يازغان، يازغان ئىكەن، يازغانمىش، يازغاندۇ،
يازغان ئىدى، يازغان ئىكەندۇق، يازغان ئىكەنمىش، يازغان بولغىدى،
يازاتتى، يازىدىغان ئىكەن، يېزىۋاتقان ئىكەنمىش، يېزىۋاتقان بولغىدى،
يازماقچى ئىدى، يازماقچى ئىكەندۇق، يازماقچى ئىكەنمىش، يازماقچى بولغىدى،

لېكىن ھازىرقى گىرامماتىكا كىتاپلىرىدا پېئىلنىڭ بايان رايى كاتېگورىيىسى بىۋاستە زامان كاتېگورىيىسى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، دەپ ھېساپلىنىپ، يۇقۇرىدىكى پېئىل شەكىللىرىنىڭ ئازلا بىر قىسمى بايان قىلىنماقتا. بىز بۇ يەردە بىرقانچە گىرامماتىكا كىتاپلىرىدا زامان كاتېگورىيىسىنىڭ قانداق تەھلىل قىلىنغانلىغىنى كورۈپ باقايلى:

بىرىنچى تەھلىل①

ھازىرقى زامان: يېزىۋاتىدۇ، تۇرىدۇ، يازماقتا

كېلىدىغان زامان —

ئېنىق كېلىدىغان زامان: يازىدۇ

گۇمان كېلىدىغان زامان: يازار

مەقسەت كېلىدىغان زامان: يازماقچى

شەرتلىك كېلىدىغان زامان: يازاتتى

ئۆتكەن زامان —

* ئىككى ياكى ئۈچتىن ئارتۇق مەنداش شەكىللەردىن بىرىلا ھېساپقا ئېلىندى.

ئېنىق ئۆتكەن زامان: يازدى
ئۇزاق ئۆتكەن زامان: يازاتتى، يازىدىكەن، يازغان ئىكەن

ئىككىنچى تەھلىل ②

ھازىرقى زامان خەۋەر رايى: يېزىۋاتىدۇ، يازماقتا
ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى —
ئېنىق ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى: يازدى
ئۆتكەن زامان ھېكايە خەۋەر رايى: يېزىپتىكەن
ئۆتكەن زامان تەكرار خەۋەر رايى: يازاتتى
ئۆتكەن زامان شۇپەيت خەۋەر رايى: يېزىۋاتاتتى
ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى: يازغان ئىدى، يازغان ئىكەن،
يېزىپتىمىش
ئۆتكەن زامان باغلىغۇچى خەۋەر رايى: يېزىۋىدى
كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى —
ئېنىق كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى: يازىدۇ
ئېنىقسىز كەلگۈسى زامان خەۋەر رايى: يازار
كەلگۈسى زامان مەقسەت خەۋەر رايى: يازماقچى، يازماقچى
ئىدى، يازماقچى ئىكەن

ئۈچىنچى تەھلىل ③

ئۆتكەن زامان: يازدى
يۇتكەن ئۆتكەن زامان: يازغان
ئۇزاق ئۆتكەن زامان: يازغان ئىدى (يازغان ئىكەن، يازغانىمىش، يازغاندۇر)
بايان (سۇبيېكتىپ) ئۆتكەن زامان: يېزىپتۇ، (يېزىپتىمىش، يېزىپتىكەن)
يېقىن ئۆتكەن زامان: يېزىۋىدى
تەكرار ئۇزاق ئۆتكەن زامان: يازاتتى
ئۆتكەن ھازىرقى زامان: يېزىۋاتاتتى، يېزىۋاتقان ئىدى
تەكرار ئۆتكەن زامان: يازىدىغان
ھازىرقى زامان - كېلەر زامان: يازىدۇ، يازماقچى، يازماقچى ئىدى.

تۆتىنچى تەھلىل ④

ئېنىق ئۆتكەن زامان: يازدى
نەتىجە ئۆتكەن زامان: يازغان
بايان ئۆتكەن زامان: يېزىپتۇ
شۇپەيت ھازىرقى زامان: يېزىۋاتىدۇ

سوزۇلما ھازىرقى زامان: يازماقتا

ئېنىق كېلەر زامان: يازىدۇ

تايىنسىز كېلەر زامان: يازار

مەقسەت كېلەر زامان: يازماقچى

بەشىنچى تەھلىل ⑤

ھازىرقى زامان —

ھازىرقى زامان داۋام پېئىلى: يېزىۋاتىدۇ

ھازىرقى كەلگۈسى زامان پېئىلى: يازىدۇ

ئۆتكەن زامان —

ئېنىق ئۆتكەن زامان پېئىلى: يازدى

ئۇزاق ئۆتكەن زامان پېئىلى: يازغان، يازغان ئىدى

يېقىن ئۆتكەن زامان پېئىلى: يېزىۋىدى

ئۆتكەن زامان ھېكايە پېئىلى: يېزىپتۇ

ئۆتكەن زامان تەكرار پېئىلى: يازاتتى

ئۆتكەن زامان شۇ پەيت پېئىلى: يېزىۋاتاتتى، يېزىۋاتقان ئىدى

كەلگۈسى زامان —

بىرىنچى كەلگۈسى زامان پېئىلى: يازار

ئىككىنچى كەلگۈسى زامان پېئىلى: يازىدۇ

ئالتىنچى تەھلىل ⑥

غەيرى ئۆتكەن زامان —

ھازىرقى كەلگۈسى زامان: يازىدۇ

تايىنسىز كەلگۈسى زامان: يازار

ئۆتكەن زامان —

ئېنىق ئۆتكەن زامان: يازدى

بۇرۇن ئۆتكەن زامان: يازغان

تەكرار ئۆتكەن زامان: يازاتتى

ئاڭلاتما ئۆتكەن زامان: يېزىپتۇ

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇ تەھلىللەرنىڭ ئەڭ تولۇق بولغىنىمۇ يۇقۇرىدىكى 35 خىل شەكىلنىڭ ئاران 17 خىلىنىلا ئۆز ئىچىگە ئالالىغان. بەزىلىرى پەقەت 8 خىل ياكى 6 ـ 7 خىل بىلەنلا چەكلەنگەن.

ئۇنىڭ ئۈستىگە، زامان كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن مۇشۇ بىر قىسىم پېئىل شەكىللىرىنىڭ تەھلىلىدىمۇ تىل ئەمەلىيىتىگە ياكى مەسىلىنىڭ ماھىيىتىگە ئۇيـ

غۇن بولمىغان جايلار كوپ. مەسىلەن، «يازىدۇ» شەكلى بەزى كىتابلاردا «كېلەر زامان» دەپ تەھلىل قىلىنغان، لېكىن ئەمەلىيەتتە بۇ شەكىل كېلەر زامانغا تەئەللۇق ھەركەتلەرنى بىلدۈرۈش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى زامانغا تەئەللۇق بولغان دائىملىق ئادەت ياكى خۇسۇسىيەت خاراكتېرلىق ھەركەتلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن: ئۇ ھازىر مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. ئۇ خەتنى ناھايىتى چىرايلىق يازىدۇ). پېئىلنىڭ «يېزىپتۇ» شەكلى بىرمۇنچە كىتابلاردا «ھېكايە ئۆتكەن زامان» دەپ تەھلىل قىلىنغان. ئېھتىمال، بۇ يەردە چوچەكلەردىكى ئۆتكەن زامانغا تەئەللۇق ھەركەتلەرنىڭ تولاراق مۇشۇ شەكىلدە ئىپادىلىنىشى نەزەردە تۇتۇلغان بولسا كېرەك. لېكىن بۇ ھال بۇ پېئىل شەكلىنىڭ «ھېكايە ئۆتكەن زامان» دەپ تەھلىل قىلىنىشىغا ئاساس بولالمايدۇ. چۈنكى، بۇ شەكىل چوچەكلەردىلا ئەمەس، بەلكى «ئەخمەت ماقالا يېزىپتۇ»، «سائەت توشۇپتۇ»، «قازان قايناپتۇ» شەكىللىرىدە جانلىق تىلدىمۇ ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ. لېكىن بۇلارنىڭ چوچەك ياكى ھېكايە بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، چوچەكلەردە يالغۇز «يېزىپتۇ» شەكلىلا ئەمەس، بەلكى «يېزىپتىكەن»، «يازىدىكەن»، «يازغىدەك»، «يازغان ئىكەن» شەكىللىرىمۇ قوللىنىلىدۇ. «يېزىپتۇ» شەكلىنىڭ تەھلىل قىلىنىش پرىنسىپى بويىچە بۇلارنىمۇ «ھېكايە پالان زامان» دەپ تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلەمدۇ؟ روشەنكى، بۇ تەھلىل بۇ پېئىل شەكلىنىڭ ماھىيىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس؛ پېئىلنىڭ «يازغان ئىدى» شەكلى بەزى كىتابلاردا «ئۇزاق ئۆتكەن زامان» دەپ، بەزى كىتابلاردا بولسا «ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى» دەپ تەھلىل قىلىنغان. لېكىن ئەمەلىيەتتە، بۇ شەكىل ئۇزاق ئۆتكەن زامان ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يېقىن ئۆتكەن زامان ئۈچۈنمۇ قوللىنىۋېرىدۇ (مەسىلەن: ئۇ تېخى يېڭىلا قايتىپ كەلگەن ئىدى، ئەخمەت چاقىرىپ چىقىپ كەتتى. بىر ۋاقىرىغان ئىدىم، ھەممىسى جىملا بولۇپ قالدى) ھەم ھەر قانداق چاغدا ئېنىق مەنا بىلدۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پېئىل شەكلىنى «ئۇزاق ئۆتكەن زامان» دەپ تەھلىل قىلىشمۇ، «ئېنىقسىز ئۆتكەن زامانخەۋەر رايى» دەپ تەھلىل قىلىشمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ؛ بەزى كىتابلاردا «يازغان ئىدى» شەكلى «ئۇزاق ئۆتكەن زامان» دەپ «يېزىۋىدى» شەكلى «يېقىن ئۆتكەن زامان» دەپ تەھلىل قىلىنغان. ۋاھالەنكى، ئۇيغۇر تىلىدا بۇ ئىككى خىل شەكىل مۇتلەق تۈپ ئەھۋال ئاستىدا مەنىداش قوللىنىلىدۇ. (م: خەت يازغان ئىدىم، جاۋاپ بەرمىدى = خەت يېزىۋىدىم، جاۋاپ بەرمىدى. سورىغان ئىدى، ئېيتىپ بەردى = سورىۋىدى ئېيتىپ بەردى). دىمەك، بۇ يەردە مەنىداش ئىككى خىل شەكىل قارىمۇ ـ قارشى ئىككى خىل ئۆتكەن زامانغا ئايرىۋېتىلگەن؛ بەزى كىتابلاردا «يازغان ئىدى» شەكلى «ئېنىقسىز ئۆتكەن زامان خەۋەر رايى» دەپ، «يېزىۋىدى» شەكلى بولسا، «ئۆتكەن زامان باغلىغۇچى

خەۋەر رايى» دەپ تەھلىل قىلىنغان. دىمەك، بۇ يەردىمۇ مەنىداش ئىككى خىل شەكىل ئىككى خىل ئۆتكەن زامانغا ئايرىۋېتىلگەن. «يېزىۋاتىدۇ» بىلەن «يازماقتا» شەكلى مەنا جەھەتتىن ئوخشاش بولۇپ، كېيىنكىسى ئاساسەن يېزىق تىلىدا قوللىنىلىدۇ. لېكىن بەزى كىتاپلاردا بۇ ئىككى خىل شەكىلنىڭ ئالدىنقىسى «شۇ پەيت ھازىرقى زامان» دەپ كېيىنكىسى «سوزۇلما ھازىرقى زامان» دەپ ئىككى خىلغا ئايرىۋېتىلگەن؛ بەزى كىتاپلاردا «مەقسەت كېلەر زامانغا تەقەللۇق بولغان «يازماقچىمەن» شەكلى بىلەن مەقسەت ئۆتكەن زامانغا تەقەللۇق بولغان «يازماقچى ئىدىم» شەكلى «مەقسەت كېلەر زامان» دىگەن بىرلا تۈرگە ئايرىپ قويۇلغان ۋەھاكازا.

2. تىلىمىزداپېئىلنىڭ «يازىسكەن» (يازسا ئىكەن) شەكلى ئارقىلىق تىلەك رايى ئىپادىلىنىدۇ (مەسىلەن: شۇ يىغىنغا مەنمۇ قاتناشسام ئىكەن. ماڭا مۇندىن كېيىنمۇ مۇشۇنداق ياردەم قىلىپ تۇرسىڭىز ئىكەن)؛ «يازسىدى» (يازسا ئىدى) شەكلى ئارقىلىق ئارزۇ رايى ئىپادىلىنىدۇ (مەسىلەن: ساماۋارىم بولسىدى، چايلىرى قايناپ تۇرسىدى. بىر چىنە چاينى ئىچكىچە، يارىم ئويناپ تۇرسىدى)؛ «يازمىغىدى» (يازمىغاي ئىدى) شەكلى ئارقىلىق ئەنسىرەش رايى ئىپادىلىنىدۇ (مەسىلەن: ئۇلار يېتىپ كەلگىچە ماشىنا مېڭىپ كەتمىگىدى. سەن شۇ سائەت بىلەن بەك ئېيتىشىپ كەتتىڭ، بۇزۇپ قويمىغىدىڭ)؛ «يازسىچۇ» شەكلى ئارقىلىق ئەپسۇس رايى ئىپادىلىنىدۇ (مەسىلەن: تونۇگۈنكى دوكلاتنى مەنمۇ ئاڭلىسامچۇ! يازغاندىن كېيىن تۈزۈكرەك يازسىچۇ!): «يازسا كېرەك»، «يازىدىغان ئوخشايدۇ»، «يازىدىغان چېغى» شەكىللىرى ئارقىلىق ئوبېكتىپ مولچەر رايى ئىپادىلىنىدۇ (مەسىلەن: ئۇلار بۈگۈن كەلسە كېرەك ‖ كېلىدىغان ئوخشايدۇ ‖ كېلىدىغان چېغى) ۋاھاكازا. لېكىن گىراماتىكا كىتاپلىرىدا پېئىلنىڭ بۇ شەكىللىرى رايى، تۈرى، سۈپىتىدە پېئىلنىڭ رايى كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ.

3. پېئىلنىڭ «سا، سە» قوشۇمچىسى ئارقىلىق ياسالغان شەخسلىك شەكلى تىلىمىزدا تۆۋەندىكى مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ. (1) بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىپ، پەرەز قىلىنغان ئىش ـ ھەركەتنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن: ئەخمەت كەلسە، يىغىننى باشلايمىز . تويغا بارساڭ، تويۇپ بار، كىم تىرىشسا، شۇ ئالغا باسىدۇ. سەن نەگە بارساڭ، مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن)؛ (2) «مۇ» يۈكلىمىسى بىلەن بىرىكىپ، بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ، باش جۈملىدىكى ئىشقا قارشى كەلسىمۇ، لېكىن توسقۇن بولالمايدىغان ياكى بولالمىغان ئىش ـ ھەركەتنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن: سەن كەلمىسەڭمۇ مەجلىسنى ئېچىۋېرىمىز. شۇنچە توسساممۇ ئۇنىماي كېتىپ قالدى)؛ (3) بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىپ، باش جۈملىدىكى ئىش ـ ھالەتكە دۇچ كەلگەن ئىش ـ ھەركەتنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن:

بىركىم دەرىزىنى چەكتى، قارىسام، ئەخمەت ئىكەن. قوغۇن تېرىساق ئوخشىمىدى)؛ (4) بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىپ، باش جۈملىدە سوئال ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن پىكىرنىڭ ئاساسىنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن: مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىنى بىلمىسەم، قانداق بارىمەن؟ جانان ناز ئۇيقۇدا يېتىپ نىچۈك تولغانماس، ئاشىقى كۆتۈپ تۇرسا ئىچىپ يورۇق رۇجەكلەرنى. <ل مۇتەللىپ>)؛ (5) ئاددى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ كېلىپ، تەكلىپ، ياكى ئارزۇ تەرىقىسىدە ئېيتىلغان ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن: خەلقارا ئولچەم بىرلىكلىرى خەلقاراچە ئاتالسا...... تەنتەربىيە ئاتالغۇلىرى ئومۇمەن رۇسچىدىن ئېلىنغان پېتى قوللىنىلسا <ئا ئابباس>. بۇ مېنىڭ مەيلىمچە بولسا، چىقمىسام يار قاشىدىن، خەلقى - ئالەم ئالدىدا پەرۋانە بولسام باشىدىن).

لېكىن، گىراماتىكا كىتابلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك پېئىلنىڭ بۇ شەكلى «شەرت رايى» دەپلا تەھلىل قىلىنماقتا. روشەنكى، بۇ تەھلىل پەقەت ئۇنىڭ بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇپ، باش جۈملىدىكى ئىشنىڭ شەرتى سۈپىتىدە پەرەز قىلىنغان ئىش - ھەرىكەتنى بىلدۈرۈپ كەلگەن چاغدىكى مەنىسىگىلا توغرا كېلىدۇ. قالغانلىرىنى، بولۇپمۇ، (3)، (4)، (5) مەنىدە كەلگەنلىرىنى «شەرت رايى»غا كىرگۈزۈش ناھايىتى تەس.

4. پېئىلنىڭ «يازغانلىق»، «يازىدىغانلىق»، «يېزىۋاتقانلىق» شەكىللىرى بىر تەرەپتىن پېئىللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئىسىملىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئاساسەن پېئىل خەۋەرلىك جۈملىلەرنى ئىسىم خاراكتېرلىق سۆز بىرىكمىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئاددى جۈملىنىڭ بىر بولۇكى قىلىشتا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: «بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقى ياخشى بولدى»، دىگەن جۈملىدە، ئىگە ۋەزىپىسىدە كەلگەن ئىسىم خاراكتېرلىق سۆز بىرىكمىسى «بۇ قېتىمقى يىغىن ئېچىلدى»، دىگەن جۈملىنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ «ئەخمەتنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟» دىگەن جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىم خاراكتېرلىق سۆز بىرىكمىسى «ئەخمەت كېلىدۇ» دىگەن جۈملىنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ «ئەخمەتنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟» دىگەن جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىم خاراكتېرلىق سۆز بىرىكمىسى «ئەخمەت كېلىۋېتىپتۇ» دىگەن جۈملىنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. بەزىدە پېئىلنىڭ بۇ شەكىللىرى ئورنىدا، سۈپەتداش شەكىللىرىنىڭ ئۆزى قوللىنىلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: «بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئېچىلغىنى ياخشى بولدى»، «ئەخمەتنىڭ كېلىدىغىنىنى بىلەمسەن؟»، «ئەخمەتنىڭ كېلىۋاتقىنىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟» دىگەنگە ئوخشاش. بۇ ئەھۋاللار پېئىلنىڭ بۇ شەكىللىرىنى پېئىلنىڭ ھەرىكەتنامى شەكىللىرى قاتارىدا «ئۆتكەن زامان ھەرىكەتنامى»، «ھازىرقى زامان - كېلەر زامان ھەرىكەتنامى»، «ھا-

زىرقى زامان ھەركەتنامى» دەپ تەھلىل قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

لېكىن پىيلىنىڭ بۇ شەكىللىرى ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى گىراماتىكا كىتاپلىرىنىڭ ھەممىسىدە دىگۇدەك پىيلىنىڭ گىراماتىكىلىق شەكىللىرى سۈپىتىدە مەخسۇس بايان قىلىنمايدۇ. ئەمىر نەجىپ بىر جايدا ئۇلارنى «ئىككىنچى دەرىجىلىك ھەركەتنامى» دەپ ئاتىغان)⑦، بەلكى پەقەت كوچۇرمە جۈملىلەرنى ئۇزلەشتۇرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى سۈپىتىدىلا تىلغا ئېلىنىدۇ⑧. ۋاھالەنكى، پىيلىنىڭ بۇ شەكىللىرىنى كوچۇرمە جۈملىلەرنى ئۇزلەشتۇرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى دەپ ھىساپلاش مۇۋاپىق ئەمەس. چۈنكى، بىرىنچىدىن، پىيلىنىڭ بۇ شەكىللىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ھاسىل بولغان قۇرۇلمىلار گەرچە جۈملىنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى جۈملە ھىساپلاشقا بولمايدۇ. «ئۇ قاسىمنىڭ بارمايدىغانلىقىنى ئېيتتى» دىگەن جۈملىدىكى «قاسىمنىڭ بارمايدىغانلىقى» دىگەن قۇرۇلما نە گىراماتىكىلىق ئىگىگە، نە گىراماتىكىلىق خەۋەرگە ئىگە بولمىسا، ئۇنى قانداقسىگە «جۈملە» دەپ ھىساپلاشقا بولسۇن؛ ئىككىنچىدىن، پىيلىنىڭ بۇ شەكىللىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ھاسىل بولغان قۇرۇلمىلار كوچۇرمە جۈملىلەر بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالماستىن، بەلكى كوپ ھاللاردا كوچەرمە ئەمەس جۈملىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن: «مېنىڭ ئالدىراۋاتقانلىقىمنى كورمىدىڭمۇ؟»، «ئۇنىڭ خەنزۇچىنى ياخشى بىلىدىغانلىقى ماڭىمۇ مەلۇم» دىگەن جۈملىلەردىكى تىگىگە سىزىلغان قۇرۇلمىلارنىڭ كوچۇرمە جۈملە بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق.

5. ئىسىم خاراكتىرلىق سوز ياكى سوز بىرىكمىلىرىنىڭ «ئىگەنلىك» سوزى بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قۇرۇلمىلار خەۋىرى ئىسىم خاراكتىرلىق سوزلەردىن بولغان جۈملىلەرنى ئىسىم خاراكتىرلىق سوز بىرىكمىسىگە ئايلاندۇرۇپ، ئاددى جۈملىنىڭ بىر بولۇگى قىلىشتا قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن: «ئۇنىڭ ياخشى ئوقۇغۇچى ئىكەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم» دىگەن جۈملىدە ئىگە ۋەزىپىسىدە كەلگەن ئىسىم خاراكتىرلىق سوز بىرىكمىسى «ئۇ ياخشى ئوقۇغۇچى» دىگەن جۈملىنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ «ئۇلارنىڭ ئويىنىڭ يىراق ئىكەنلىكىنى مەنمۇ بىلىمەن» دىگەن جۈملىدە تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىم خاراكتىرلىق سوز بىرىكمىسى※ «ئۇلارنىڭ ئويى يىراق» دىگەن جۈملىنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن؛ «ئۇلار-

※ بۇ قۇرۇلما بەزىدە „لىق، لىك“ قوشۇمچىسى بىلەن تۈزۈلۈشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن: „ئۇلارنىڭ ئويىنىڭ يىراقلىقىنى مەنمۇ بىلىمەن“ دىگەنگە ئوخشاش. بۇ يەردىكى „لىق، لىك“ قوشۇمچىسى سوز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە بولۇپ، ئۇنى سوز ياسىغۇچى „لىق، لىك“ قوشۇمچىسى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدۇ.

نىڭ تۇتەيلەن ئىككەنلىكىنى نېمىشقا ماڭا ئېيتمىدىڭ؟» دېگەن جۈملىدە تەۋادۇرغۇچى بولۇپ كەلگەن ئىسىم خاراكتېرلىق سۆز بىرىكمىسى «ئۇلار تۇتەيلەن» دېگەن جۈملىنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. بۇ ئەھۋالغا ئاساسەن، ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەرنىڭ «ئىككەنلىك» بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قۇرۇلمىنى ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەرنىڭ ھوكۈملۈك شەكلى ھېساپلاشقا بولىدۇ.

بىراق، ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى گىرامماتىكا كىتابلىرىنىڭ كۆپچىلىكىدە بۇ قۇرۇلما تىلغا ئېلىنمايدۇ. بەزى كىتابلاردا بۇ قۇرۇلمىمۇ يۇقۇرىدىكى «يازغانلىق»، «يازىدىغانلىق» شەكىللىرىگە ئوخشاش كۆچۈرمە جۈملىلەرنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ⑨. ۋاھالەنكى، بۇ خىل قاراشمۇ خۇددى «يازغانلىق»، «يازىدىغانلىق» شەكىللىرىنى كۆچۈرمە جۈملىلەرنى ئۆزلەشتۈرمە جۈملىگە ئايلاندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى ھېساپلىغانلىق بىلەن ئوخشاشلا مۇۋاپىق ئەمەس.

6. ئۇيغۇر تىلىدا سانلار ئىسىمنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئېنىق سانلىق شەخس ئالماشلىرى رولىدا كېلىدۇ. مەسىلەن: «ئەخمەت تۆردى، مەن ئۈچىمىز كەلدۇق»، «قاسىم بىلەن ئىككىڭلار بېرىڭلار»، «ئۇلار بەشى بىرگۈرۈپپا بولسۇن» دېگەن جۈملىلەردە ئېگە ۋەزىپىسىدە كەلگەن «ئۈچىمىز»، «ئىككىڭلار»، «بەشى» قاتارلىقلارمۇ شۇنداق رولدا كەلگەن. لېكىن ھازىرقى گىرامماتىكا كىتابلىرىدا ساننىڭ بۇ شەكلى ئىسىملاشقان سانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلىدۇ. ۋاھالەنكى، بۇ توغرا ئەمەس، چۈنكى، ئىسىملار مەڭگۈ Ⅲ ، شەخسكە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ I . ۋە Ⅱ .شەخستىكى تەۋەلىك شەكىللىرىمۇ خەۋەرنىڭ Ⅲ . شەخستە بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ (مەسىلەن: ئاكام كەلدى. ئاكىڭىز كەلدى). لېكىن ساننىڭ بۇ شەكىللىرى خۇددى شەخس ئالماشلىرىغا ئوخشاشلا خەۋەرنىڭ سان ۋە شەخس جەھەتتىن ئۆزى بىلەن بىردەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. (مەسىلەن: ئۈچىمىز كەلدۇق، ئىككىڭلار بېرىڭلار، دېمەك، بۇنىڭدىكى ساننىڭ بۇ شەكىللىرى ئۆزلۈك ئالماش دەپ ئاتىلىدىغان «ھەممىمىز»، «ھەممىڭلار» قاتارلىقلار بىلەن بىر تىپقا كىرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

7. ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىم، سۈپەت ۋە بەزى پېئىل شەكىللىرىنىڭ تەكرارلىنىشى ئارقىلىق گىرامماتىكىلىق مەنا ئىپادىلەپ كېلىش ئەھۋالى خېلى كۆپ كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن: «ئېگىز - ئېگىز ئىمارەتلەر»، «پاكار - پاكار ئۆيلەر» دېگەن بىرىكمىلەردىكى تەكرارلانغان سۈپەتلەر بىلەن «ئېگىز ئىمارەتلەر»، «پاكار ئۆيلەر»، دېگەن بىرىكمىلەردىكى تەكرارلانمىغان سۈپەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئېنىق پەرق بار؛ «ئۆي - ئۆيدە»، «تەرەپ - تەرەپتىن»، «دوخمۇش - دوخمۇشتا» قاتارلىق تەكرارلانغان ئىسىملارنىڭ «ھەر ئۆيدە»، «ھەر تەرەپتىن»، «ھەر دوخمۇشتا» دېگەن مەنىلەردە كېلىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق؛ «ئوقۇپ - ئوقۇپ»، «ساقلاپ - ساقلاپ»، «يېزىپ - يېزىپ» قاتار-

لىق تەكرارلانغان رەۋىشداشلارنىڭ ئۆزى ئىپادىلىگەن ھەر-
كەتنىڭ كوپ قىتىم تەكرارلانغانلىقى ياكى ئۇزۇنغا
سوزۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىۋاتقانلىقى ناھايىتى ئېنىق. شۇنداق بولۇشىغا قا-
رىماي، بۇ خىل تەكرارلانغان شەكىللەر بىزنىڭ گىراماتىكا كىتابلىرىمىزدىن بىر
خىل گىراماتىكىلىق شەكىل سۈپىتىدە ئورۇن ئالغىنى يوق.

8. ئۇيغۇر تىلىدىكى سوز تۈركۈملىرى مەسىلىسى تېخى تولۇق ھەل بولغىنى
يوق. 1) تىلىمىزدىكى «چىشلەم»، «يۇتۇم»، «سىلىم»، «سەر»، «مىسقال»، «پۇڭ»،
«كىلوگىرام»، «تونىنا»، «لىتىر» قاتارلىق مىقدارنى ئىپادىلەش رولىدا كېلىدىغان
سوزلەر خېلى سالماقنى ئىگەللەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل سوزلەر، بولۇپمۇ،
ئولچەم بىرلىكلىرىنى بىلدۈرىدىغان مىقدار سوزلەر پەن - تېخنىكىنىڭ راۋاجلىنى-
شىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى كوپەيمەكتە. لېكىن بۇ سوزلەرنى ھازىرقى گىراماتىكا
كىتابلىرىدا بولۇنگەن سوز تۈركۈملىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا كىرگۈزگىلى بولمايدۇ.
2) تىلىمىزدا «ۋاراڭ - چۇرۇڭ»، «شار - شۇر»، «غۇر - غۇر»، «ۋال - ۋۇل»، «لوق -
لوق» قاتارلىق تەقلىدىي سوزلەر ئىنتايىن كوپ. بۇ سوزلەرنىڭ بىر قىسمى ئوز
ئالدىغا جۈملە بولۇگى بولۇپ كېلىدۇ، ھەممىسى دىگۈدەك سوز ياساشقا ئاساس بو-
لالايدۇ. شۇنىڭغا قارىماي بۇ سوزلەر ياردەمچى سوزلەر قاتارىغا قويۇلماقتا. 3)
«ئېھتىمال»، «ئەلۋەتتە»، «ئەپسۇسكى»، «ئەكسىچە» قاتارلىق گەپنىڭ
ئورامىنى بىلدۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان سوزلەر بەزى كىتابلاردا ئايرىم بىر سوز
تۈركۈمى ھىساپلىنىپ «مادال سوزلەر» دەپ ئاتىلىدۇ⑩. لېكىن بەزى كىتابلاردا
ئايرىم سوز تۈركۈمىگە ئايرىلمايدۇ⑪. بەزى ئاپتورلار بولسا، ئۇلارنى تېخى ئايرىم
بىر سوز تۈركۈمى دەرىجىسىگە كوتىرىلمىگەن، ئۇلار پەقەت بىر گۇرۇپپا دەپ
ھىساپلايدۇ⑫.

9. تىلىمىزدا بەزى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتلەر تېخى ئايدىڭلاشتۇرۇلغىنى
يوق. مەسىلەن، تىلىمىزدا ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدىغان «ئۇ بارمايمەن دەيدۇ»،
«تۇرپاندا ئۈزۈمنى جۇجەم دەيدۇ» دىگەنگە ئوخشاش جۈملىلەردىكى «بارمايمەن»،
«جۇجەم» دىگەن سوزلەر بىلەن «دىمەك» پېئىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قايسى
خىلدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت؟ «ئۇ بارمايمەن دەپ جاۋاپ بەردى»، «ئۇ تور-
سۇن دەپ چاقىردى» دىگەنگە ئوخشاش جۈملىلەردىكى «بارمايمەن دەپ» بىلەن
«جاۋاپ بەرمەك» ئوتتۇرىسىدىكى، «تۇرسۇن دەپ» بىلەن «چاقىرماق» ئوتتۇرىسى-
دىكى مۇناسىۋەت قايسى خىلدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت؟ «ئۇ كادىر بولدى»،
«قاسىم ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىسى بولدى»، «بۇ كىتاب مېنىڭ بولدى»، «ۋاقتىدا
كەلمىگەنلەر مۇسابىقە ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن بولىدۇ»، «دۈينىڭ كالىلىرى 56
بولدى»، «باللار چوڭ بولدى»، «ئۇ ئەتە كېلىدىغان بولدى»، «ئۇ ئوخلاۋاتقان بو-

لۇپ جىم يىتىۋالدى»، دىگەنگە ئوخشاش جۈملىلەردىكى «كادىر»، «ئازاتلىق ئارمىيە جەڭچىسى»، «ەپىنىڭ»، «مۇسابىقە ھوقۇقىدىن ۋاز كەچكەن»، «56»، «چوڭ»، «ئەتە كېلىدىغان»، «ئۇخلاۋاتقان» قاتارلىق سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن «بولماق» پېئىلى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت قانداق سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت؟ «ئەخمەت ئىسىملىك»، «مۇدەن ماركىلىق»، «ئىشچان قىز سەرلەۋھىلىك» قاتارلىق بىرىكمىلەردىكى سۆزلەرنىڭ مۇناسىۋىتى قايسى خىلدىكى سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت؟

پېئىلنىڭ «پ» بىلەن ئاخىرلاشقان رەۋىشداش شەكلى گىراماتىكا كىتاپلىرىنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك باشقا رەۋىشداشلار بىلەن بىر قاتارغا قويۇلۇپ، ھامان بىقىندى ئورۇندا كېلىدىغان پېئىل شەكلى دەپ تونۇلىدۇ. لېكىن، پېئىلنىڭ بۇ خىل رەۋىشداش شەكلى باشقا رەۋىشداشلار بىلەن ئوخشاش بىقىندى ئورۇندا ئورۇندا كەلگەندىن باشقا، ئۇلاردىن پەرقلىق ھالدا مەنا جەھەتتىن مۇستەقىل ئورۇندىمۇ كېلىدۇ. مەسىلەن: «ئۇ تونۇگۇن كېلىپ، بۈگۈن كەتتى»، «بىز بىر تەرەپتىن ئىشلەپ، بىر تەرەپتىن ئوقۇيمىز»، «ئىچىم ئېلىشىپ، بېشىم قېيىم تۇرىدۇ» دىگەن جۈملىلەردىكى تېگىگە سىزىلغان قۇرۇلمىلار مەنا جەھەتتىن مۇستەقىل بولۇپ، ئۇلارنى خەۋەرگە ياكى يەنە بىر جۈملىگە بېقىنىپ كەلگەن دىگىلى بولمايدۇ. ئانداق بولسا، بۇخىل سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەتنى نىمە دەپ چۈشەندۇرۇش كېرەك؟

10. ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدىكى گىراماتىكا كىتاپلىرىدا ساقلانغان يەنە بىر ئېغىر مەسىلە بېقىندا جۈملىلەرنىڭ تەھلىلىدە كورۇلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىكى بېقىندى جۈملىلەر بەزى كىتاپلاردا 21 تۈرگە [13]، بەزى كىتاپلاردا 16 تۈرگە [14]، بەزى كىتاپلاردا 14 تۈرگە [15]، بەزى كىتاپلاردا بولسا 3 تۈرگە بولۇنگەن؛ «بىز تاپشۇرۇقنى ياخشى ئىشلەپ ئوقۇتقۇچىمىزنى رازى قىلدۇق»، «ئاغرىپ قېلىپ ئۈگىنىشكە قاتنىشالمىدىم»، «بۇ بالا ياخشى ئوقۇش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىنى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى»، «دىخانچىلىق مەيدانىغا بارماقچى بولۇپ تەييارلىق قىلىۋاتىمىز»، «ئۇ دەرسنى ياخشى ئۈگەنگەنلىكتىن، ئوقۇتقۇچىنىڭ سوئالىغا ياخشى جاۋاپ بەردى»، «ئۇ كېچىكىپ قالغان سەۋەپتىن، سىنىپقا كىرەلمىدى» قاتارلىق بىر ئىگىلىك جۈملىلەردىكى تېگىگە سىزىلغان قۇرۇلمىلار بەزى كىتاپلاردا بېقىندى جۈملە ھېساپلانسا[17]، بەزى كىتاپلاردا بېقىندى جۈملە ھېساپلانمايدۇ[18]. خەۋىرى «ـ سا، ـ سە» شەكلىدە بولۇپ، باش جۈملىدىكى ئالماش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان بولەكلەرنى ئىزاھلاپ كەلگەن بېقىندى جۈملىلەر (مەسىلەن: «كىم تىرىشسا، شۇ ئالغا باسىدۇ. كىم ياخشى بولسا، شۇنى سايلايمىز» دىگەنگە ئوخشاش)بىر كىتاپتا



AltunOq

ئايرىم تۈر ھېساپلىنىپ «سوراق بېقىندى جۈملە» دەپ ئاتالسا[19]، بىر كىتاپتا باش جۈملىدىكى ئالماشنىڭ رولىغا ئاساسەن «ئىگە بېقىندى جۈملە»، «تولدۇرغۇچى بېقىندى جۈملە» دىگەنگە ئوخشاش تۈرلەرگە بۆلۈۋېتىلىدۇ[20]، يەنە بىر كىتاپتا بولسا، خەۋىرى مورفولوگىيىلىك شەكىلدە كەلگەن بېقىندى جۈملە دىگەن بىر چوڭ تۈرگە قوشۇۋېتىلىدۇ[21]. بەزى كىتاپلاردا [22] بېقىندى جۈملە توغرىسىدا بېرىلگەن چۈشەنچە شۇنچىلىك مۇجمەل ۋە زىددىيەتلىككى، بېقىندى جۈملىنىڭ زادى قانداق ئۆلچەم بويىچە ئايرىلىدىغانلىغىنى بىلگىلى بولمايدۇ. مەسىلەن: «بىرەر نەرسىنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن ئاسان ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ» دىگەن جۈملىدىكى تېگىگە سىزىلغان قۇرۇلما ھالەت دەپ تەھلىل قىلىنسا، «توتەيلەن ئاشۇنداق بىرمەزگىل پاراڭلاشقاندىن كېيىن رەسىملىك ژورناللارنى كۆرۈشكە باشلىدى» دىگەن جۈملىدىكى تېگىگە سىزىلغان قۇرۇلما بېقىندى جۈملە دەپ تەھلىل قىلىنىدۇ؛ «كونا دەسمايىنى يەپ يېتىۋەرمەڭلار» دىگەن جۈملىدىكى تېگىگە سىزىلغان قۇرۇلما ھالەت دەپ تەھلىل قىلىنسا، «قەتئى نىيەتكە كېلىپ، قۇربان بېرىشتىن قورقماي، ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەيلى» دىگەن جۈملىدىكى تېگىگە سىزىلغان قۇرۇلمىلار بېقىندى جۈملە دەپ تەھلىل قىلىنىدۇ، بۇ يەردىكى ئۆلچەم زادى نىمە؟ ھەتتا «سىزنىڭ ئىشىڭىزغا نىسبەتەن ئۇنىڭ ئىشى قىيىنراق»، «بۇنىڭغا بىز گوڭچەنداڭ تۈگۈل ھەر قانداق پارتىيە، گۇرۇھلارمۇ قوشۇلمايدۇ»، «ئىككىنچى ئىنتېرناتسىونالدىكى پارتىيىلەرنىڭ لېنىن رەھبەرلىك قىلغان بولشېۋىكلار پارتىيىسىدىن باشقا ھەممىسى دىگۇدەك ماركسىزىمغا ئاسىيلىق قىلدى» دىگەن جۈملىلەردىكى تېگىگە سىزىلغان قۇرۇلمىلارمۇ بېقىندى جۈملە دەپ تەھلىل قىلىنىدۇ، لېكىن بۇلارنى نىمىگە ئاساسەن بېقىندى جۈملە دىيىش مۇمكىن؟

بۇ ئەھۋاللار ئۇيغۇر تىلىدىكى بېقىندى جۈملىلەرنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمىدە مەسىلە بارلىغىنى كۆرسىتىدۇ.

11. بەزى جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ تەھلىللىرىدىمۇ بىرلىك يوق. مەسىلەن، يونۇلۇش كېلىش، ئورۇن - پەيت كېلىش، چىقىش كېلىشتىكى سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرى بەزى كىتاپلاردا بىردەك «ۋاستىلىق تولدۇرغۇچى» ياكى «تولۇقلىغۇچى» دەپ تەھلىل قىلىنىدۇ.[23] بەزى كىتاپلاردا بولسا، ئۇلارنىڭ «نىمىگە»، «كىمگە»، «نىمىدە»، «كىمدە»، «نىمىدىن»، «كىمدىن» سوئاللىرىغا جاۋاپ بولغانلىرى «ۋاستىلىق تولدۇرغۇچى» ياكى «ئوتتۇرىسىز تولدۇرغۇچى» ياكى «يانداش تولۇقلىغۇچى» دەپ، «نەگە»، «نەدە»، «نەدىن» سوئاللىرىغا جاۋاپ بولغانلىرى «ھالەت» دەپ [24] تەھلىل قىلىنىدۇ.

12. تىلىمىزدىكى "دۇر"، "ئىدى"، "ئىكەن"، "ئىمىش"، "دەك" (دەكمەن) سۆزلىرى پېئىلنىڭ ھەر خىل بايان رايىغا خاس زامان شەكىللىرىنى ياساشقا قاتناشقاندىن تاشقىرى، ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ ھەر خىل بايان رايىغا خاس قوشما خەۋەرلەرنى ھاسىل قىلىش رولىنى ئوينايدۇ. لېكىن گىراماتىكا كىتابلىرىدا بۇ سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق رولى توغرىلىق سىستېمىلىق بايان بېرىلمەيدۇ.

13. ياردەمچى پېئىللارنىڭ گىراماتىكىلىق رولى ئۈستىدە ئىختىلاپ زور. بەزى كىتابلاردا ياردەمچى پېئىللار ئارقىلىق پېئىلنىڭ تۈس كاتېگورىيىسى ھاسىل بولىدۇ دەپ ھېسابلىنىدۇ [25]. بەزى كىتابلاردا ياردەمچى پېئىللار ئارقىلىق ئاساسىي پېئىلغا تۈرلۈك قوشۇمچە مەنىلەر قوشۇلىدىغان قوشما پېئىللار ھاسىل بولىدۇ، دەپ ھېسابلىنىدۇ [26]. بەزى كىتابلاردا بولسا، ياردەمچى پېئىللار ئارقىلىق ئاساسىي پېئىلغا تۈرلۈك قوشۇمچە مەنىلەر قوشۇلىدىغان "مۇرەككەپ ئاساسلار" ھاسىل بولىدۇ ۋە بۇلار قوشما پېئىل (مۇرەككەپ پېئىل) دىن پەرقلىنىدۇ دەپ ھېسابلىنىدۇ [27].

14. ئىسىملاردىكى كېلىش كاتېگورىيىسىنىڭ تەركىۋى ۋە شۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك تىركەلمىلەر (سۆز ئارقا ياردەمچىلىرى)نىڭ گىراماتىكىلىق رولى توغرىسىدا مۇنازىرە داۋام قىلماقتا. مېنىڭچە، بۇ يەردە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قانچە نەزەرىيىۋى مەسىلە بار: 1) سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار بىلەن سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ پەرقى نېمە؟ تىلدا يېڭى سۆز ياسايدىغان "سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار" مەۋجۇتمۇ؟ ئەگەر مەۋجۇت بولسا، ئۇلار سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلاردىن قايسى جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ؟ كونكرېت قىلىپ ئېيتساق، بەزى تەتقىقاتچىلار "ئۈرۈمچىدىكى" دىگەن قۇرۇلمىدىكى "دىكى" قوشۇمچىسىنى سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە ئەمەس، بەلكى سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىدىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە دەيدۇ. ئۇنداق بولسا، "ئۈرۈمچىدە" دىگەن قۇرۇلمىدىكى "دە" قوشۇمچىسىمۇ سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق خاراكتېرىنى ئۆزگەرتىدىغان سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە بولۇپ قالامدۇ؟ 2) سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ "بالامدىكى"، "بالىلىرىمدىكى"، "بالىڭىزدىكى" دىگەنگە ئوخشاش سىستېمىلىق ھالدا سۆزنىڭ گىراماتىكىلىق شەكىللىرى ئاساسىغا قوشۇلۇشى مۇمكىنمۇ؟ 3) ئادەتتە، ئالماشلارنىڭ ئومۇمەن سۆز ياساشقا ئاساس بولالمايدىغانلىقى ئۇلارنىڭ بىر گىراماتىكىلىق خۇسۇسىيىتى سۈپىتىدە كۆرسىتىلىدۇ. مەسىلەن، قازاق س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى»دا: "باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە قارىغاندا، ئالماشلاردا سۆز ھاسىل قىلىش پروتسېسى ناھايىتى كۈچسىز" دېيىلىدۇ [28]. يولداش تۇردى ئەخمەت بىلەن نەسرۇللا ناھايىتى ئېنىق قىلىپ: "ئالماشلارنىڭ سۆز ياساش رولى يوق دېيەرلىك، ئالماشلارغا پە-

قەت پېيىل ياسىغۇچى «لا، لە» ۋە ئىسىم، سۈپەت ياسىغۇچى «لىق، لىك، لۇق، لۈك، چى» قوشۇمچىلىرىنى قوشۇش ئارقىلىق باشقا سۆز تۈركۈملىرىگە خاس ئاز ساندىكى سۆزلەرنى ياساش ۋە بەزى ئالماشلارنى ئۆز ئارا قوشۇپ جۈپ ئالماشلارنى ياساش مۇمكىن» دەپ يازىدۇ[29]. لېكىن نېمە ئۈچۈن «دىكى/ تىكى»، «دەك/تەك»، «قىچە/ غىچە/ كىچە»، «چە (چىلىك)» قوشۇمچىلىرى ئىسىم رولىدىكى ئالماشلارغا خۇددى كېلىش قوشۇمچىلىرىدەكلا سىستېمىلىق قوشۇلۇپ كېلەلەيدۇ؟ (مەسىلەن: بىزدىكى، بىزدەك، بىزگىچە، بىزچىلىك، سەندىكى، سەندەك، سەنگىچە، سەنچىلىك...) بەزى مەشھۇر ئادەملەرنى ھىساپقا ئالمىغاندا، ئادەتتە ئادەم ئىسىملىرىمۇ سۆز ياساشقا ئاساس بولالمايدۇ ھەم ئادەم ئىسىملىرى ئاساسىدا يېڭى سۆز ياساشنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس. لېكىن نېمە ئۈچۈن يۇقۇرىدىكى قوشۇمچىلار ئادەم ئىسىملىرىغىمۇ خۇددى كېلىش قوشۇمچىلىرىدەكلا قوشۇلۇپ كېلەلەيدۇ (مەسىلەن: قاسىمدىكى، قاسىمدەك، قاسىمغىچە، قاسىمچىلىك، تۇرسۇندىكى تۇرسۇندەك...)؟ 4) گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ياردەمچى سۆزلەر ئارقىلىقمۇ ياسىلىدىغانلىقى گىراماتىكا نەزىرىيىسىدە ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنىدۇ، يولداش تۇردى ئەخمەت بىلەن نەسرۇللامۇ ئۆزلىرىنىڭ كىتاپلىرىدا ئوخشاشلا ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر مۇنچە گىراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ياردەمچى سۆزلەرنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدىغانلىقىنى يازىدۇ [30]. بۇ نۇقتا ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا يالغۇز نەزىرىيە جەھەتتىن ئېتىراپ قىلىنىش بىلەنلا قالماستىن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكا تەھلىلىگىمۇ تەدبىق قىلىنغان. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان پېئىلنىڭ زامان شەكىللىرىدىن بىر مۇنچىسى ياردەمچى سۆزلەردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ياسالغان (مەسىلەن: يازغان ئىدىم..... يازغان ئىكەن، يازار ئىدىم دىگەنگە ئوخشاش) ئۇيغۇر تىلىدىكى ياردەمچى پېئىللارنىڭمۇ گىراماتىكىلىق شەكىل ياساش رولىنى ئوينايدىغانلىقى كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلار تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنماقتا، شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇيغۇر تىلىدىكى تىركەلمىلەرنىڭ گىراماتىكىلىق شەكىل ياساش رولى نېمە ئۈچۈن ئېتىراپ قىلىنمايدۇ؟ پېئىلنىڭ ئوخشاش خاراكتېرىدىكى «يازدىم» شەكلى بىلەن «يازغان ئىدىم» شەكلى بىرىنىڭ قوشۇمچە ئارقىلىق ياسالغىنى، بىرىنىڭ ياردەمچى سۆز ئارقىلىق ياسالغىنىغا قارىماي پېئىلنىڭ زامان كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلگەن يەردە، نېمە ئۈچۈن ئىسىمنىڭ ئوخشاش خاراكتېرىدىكى «ئۈرۈمچىدىن» (قوشۇمچە ئارقىلىق ياسالغان) شەكلى بىلەن «ئۈرۈمچى ئارقىلىق» (ياردەمچى سۆز ئارقىلىق ياسالغان) شەكلى كېلىش كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈلمەيدۇ؟

15. ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا قوشما سۆزلەر بىلەن سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ پەرقى مەسىلىسىمۇ تولۇق ھەل بولغان مەسىلە ئەمەس. مەسىلەن، ئىسىم خاراكتېر-

لىق سوزلەرنىڭ «بولماق»، «قىلماق» پېئىللىرى بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان قۇرۇلمىلارنى قارا - قويۇق بىرسوز ھېساپلاش گىراماتىكا كىتاپلىرىدا بىردەستۇر بولۇپ كەلمەكتە. ۋاھالەنكى، بۇلارنىڭ بىر قىسمىنى (مەسىلەن: ھەل بولماق، ھەل قىلماق، پەيدا بولماق، پەيدا قىلماق دىگەنلەرنى) بىرسوز ھېساپلاشقا بولىدۇ، لېكىن كوپ قىسمىنى (مەسىلەن: ئادەم بولماق، ئادەم قىلماق، 100 بولماق، 100 قىلماق، چىرايلىق بولماق، چىرايلىق قىلماق قاتارلىقلارنى) بىرسوز ھېساپلاش ناھايىتى تەس. چۈنكى، بۇقۇرۇلمىلار ئوزلىرىنىڭ بىرىكىش جەھەتتىكى ئەركىنلىگى بىلەن قوشما سوزلەردىن پەرقلىنىدۇ؛ يەنە مەسىلەن، گىراماتىكا كىتاپلىرىدا سىزىقچە ئارقىلىق يېزىلىدىغان قۇرۇلمىلار بىردەك جۈپ سوز ھېساپلىنىپ كەلمەكتە. بۇ قۇرۇلمىلارنىڭ بىر قىسمى، ئەلۋەتتە، جۈپسوز ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار ئىككى سوزنىڭ يۇغۇرۇلۇپ كېتىشىدىن ھاسىل بولغان ئۈچىنچى بىر لېكسىكىلىق مەنىنى بىلدۈرىدۇ (مەسىلەن: دەپتەر - قەلەم، ئىسسىق - سوغاق، كېچە - كۈندۈز، قىش - ياز دىگەنگە ئوخشاش)، لېكىن بۇخىل قۇرۇلمىلارنىڭ كوپ قىسمىنى جۈپ سوز (بىرسوز) ھېساپلاش ناھايىتى تەس. چۈنكى، ئۇلار ئىككى سوزنىڭ قوشۇلما مەنىسىنى بىلدۈرىدىغانلىقى ۋە بىرىكىش جەھەتتىكى ئەركىنلىگى بىلەن يۇقۇرقىلاردىن پەرقلىنىدۇ. (مەسىلەن: تىرىشچانلىق - ئىقتىساتچانلىق، ئىشچى - دىخان، لەنجۇ - شىنجاڭ (تومۇر يولى)، جۇڭگو - سوۋېت (چېگرىسى)........).

16. ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى ئۈستىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتتا، جۈملىدىن، گىراماتىكا كىتاپلىرىدا ساقلىنىۋاتقان ئاساسىي كەمچىلىكلەرنىڭ يەنە بىرى پەقەت تىلنىڭ گىراماتىكىلىق سېستېمىسىنى بايان قىلىشقىلا ئەھمىيەت بېرىلىپ، شۇسېستېمىنى تەشكىل قىلغۇچى بىرلىكلەرنىڭ يەنى كونكىرىت گىراماتىكىلىق قائىدىلىرىنىڭ قانداق قوللىنىلىشىنى بايان قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلمىگەنلىگىدە كورۈلىدۇ. ئۇيغۇر تىلى توغرىسىدا ھازىرغىچە بارلىققا كەلگەن گىراماتىكا كىتاپلىرىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى كونكىرىت گىراماتىكىلىق قائىدىلەرنىڭ قوللىنىلىشىنى تەپسىلى بايان قىلىپ بەرگەن بىرەرسىنى كورسىتىش ناھايىتى تەس، مەلۇم كونكىرىت قائىدىنىڭ قانداق قوللىنىلىدىغانلىغىغا بېغىشلانغان ماقالىلارمۇ يوقنىڭ قاتارىدا. بۇھالنى ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى تەتقىقاتىدىكى مۇھىم بىر نۇقسان ھېساپلىماي مۇمكىن ئەمەس. گىراماتىكىنى تەتقىق قىلىش، گىراماتىكا توغرىسىدا كىتاپ يېزىش ياكى گىراماتىكىدىن دەرس ئوتۇشتىكى ئەڭ مۇھىم بىر ۋەزىپە كىشىلەرنى تىلنىڭ گىراماتىكىلىق بايلىغىدىن ئەتراپلىق خەۋەردار قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ بايلىقتىن ئاڭلىق پايدىلىنىشىغا ياردەم بېرىش ۋە شۇئارقىلىق ئەدەبىي تىلنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە قېلىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. روشەنكى، كونكىرىت گىراماتىكىلىق قائىدىلىرىنىڭ قانداق

قوللىنىلىشىنى تەپسىلى بايان قىلىش ئارقىلىق، تىلنىڭ گىراماتىكىلىق بايلىقىنى تولۇق ئېچىپ بېرەلمىگەن گىراماتىكا كىتاۋى ياكى دەرسلىكلەرنىڭ بۇ ۋەزىپىنىڭ ئەھدىسىدىن چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. يەنە بىر تەرەپتىن، تىلنىڭ گىراماتىكىلىق سىستېمىسىنىمۇ شۇ سىستېمىنى تەشكىل قىلغۇچى بىرلىكلەرنىڭ قانداق قوللىنىلىشى پۇختا تەتقىق قىلىنغان ئاساستىلا، ئاندىن ھەقىقىي يوسۇندا ئېنىقلاپ چىققىلى بولىدۇ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ گىراماتىكىلىق سىستېمىسىغا ئائىت بىر مۇنچە مەسىلىلەرنىڭ ياخشى ھەل بولماي كېتىۋاتقانلىقىمۇ ئاساسەن كونكرېت بىرلىكلەرنىڭ قانداق قوللىنىلىشى ئېنىقلاپ چىقىلمىغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. مەسىلەن، بىز 1- مەسىلىدە كۆرسىتىپ ئۆتكەن 35 خىل پېئىل شەكلىنىڭ قانداق قوللىنىلىشى تەپسىلى ئېنىقلاپ چىقىلغان بولسا، پېئىلنىڭ بايان رايىغا تەۋە بولغان گىراماتىكىلىق شەكىللىرىنىڭ قانداق بىر سىستېمىنى ھاسىل قىلىدىغانلىقىمۇ ئاسانلا ئېنىقلاپ چىقىلغان بولاتتى؛ تىلىمىزدىكى ياردەمچى پېئىللارنىڭ قانداق قوللىنىلىشى تەپسىلى ئېنىقلاپ چىقىلغان بولسا، ئۇلارنىڭ قانداق گىراماتىكىلىق رولدا كېلىۋاتقانلىقىمۇ ئاسانلا ئېنىقلاپ چىقىلغان بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن گىراماتىكا تەتقىقاتىدا كونكرېت گىراماتىكىلىق بىرلىكلەرنىڭ قانداق قوللىنىلىشىنى تەتقىق قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. بۇ ساھەدە تېما ئىنتايىن كۆپ. مەسىلەن، ئىسىمنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكىللىرىنىڭ قوللىنىلىشى، ئىسىمنىڭ تەۋەلىك شەكىللىرىنىڭ قوللىنىلىشى، ئىسىمنىڭ ھەرقايسى كېلىش شەكىللىرىنىڭ قوللىنىلىشى، تەكرارلانغان ئىسىملارنىڭ قوللىنىلىشى، ئورۇن - تەرەپ ئىسىملىرىنىڭ قوللىنىلىشى، سۈپەتنىڭ دەرىجە شەكىللىرىنىڭ قوللىنىلىشى، سۈپەتلەرنىڭ ئىسىم رولىدا كېلىشى، تەكرارلانغان سۈپەتلەرنىڭ قوللىنىلىشى، مولچەر سانلارنىڭ قوللىنىلىشى، تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن سانلارنىڭ قوللىنىلىشى، «دىن، تىن» قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن سانلارنىڭ قوللىنىلىشى، سانلارنىڭ ئىسىملىشىشى، مىقدار سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشى، ھەر قايسى تۈردىكى ئالماشلارنىڭ قوللىنىلىشى، پېئىلنىڭ ھەرقايسى شەخسلىك شەكىللىرىنىڭ قوللىنىلىشى، دەرىجە شەكىللىرىنىڭ قوللىنىلىشى، سۈپەتداش، ھەرىكەتنامى، رەۋىشداشلارنىڭ قوللىنىلىشى، ياردەمچى پېئىللارنىڭ قوللىنىلىشى، تەقلىدىي سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشى، باغلىغۇچىلارنىڭ قوللىنىلىشى، تىركەلمىلەرنىڭ قوللىنىلىشى، يۈكلىمىلەرنىڭ قوللىنىلىشى، ئۈندەش سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشى ۋەھاكازا. بۇ خىل تەتقىقات تىل پاكىتلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان پۇختا تەكشۈرۈش ۋە يېتەرلىك ماتېرىيال ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. پەقەت شۇنداق بولغاندىلا، ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتىنى تاپالايدۇ.



AltunOq

## ئىزاھاتلار:

① قازاقىستان س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئۇيغۇرشۇناسلىق بۆلۈمى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» (II قىسىم) ئالمۇتا 1966 - يىل.

② نەسرۇللا: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980-يىل.
تۇردى ئەخمەت: «ئۇيغۇر تىلى» (2 - كىتاپ) شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى نەشرى، 1981 - يىل.

③ ئەمىر نەجىپ: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» موسكۋا، 1960 - يىل رۇسچە نەشرى.

④ ئە. تېنىشېپ: «تۈركى تىللار تەتقىقاتى مۇقەددىمىسى» جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1981 - يىل، خەنزۇچە نەشرى.

⑤ ئىمساخان جەلىلوۋا: «ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى» (I قىسىم) تاشكەنت، 1951-يىل.

⑥ جۇجىڭنىڭ: «ئۇيغۇر تىلى تۇغرىسىدا ئومۇمىي بايان»، «جۇڭگو تىل - يېزىغى» ژورنىلى، 1964 - يىل، 2- سان.

⑦ ئەمىر نەجىپنىڭ يۇقۇرقى كىتاۋىغا قارالسۇن.

⑧ ① ۋە ② ئىزاھاتتىكى كىتاپلارغا قارالسۇن.

⑨ ① ئىزاھاتتىكى كىتاپقا قارالسۇن.

⑩ ① ئىزاھاتتىكى كىتاپقا قارالسۇن.

⑪ ② ئىزاھاتتىكى نەسرۇللانىڭ كىتاۋىغا قارالسۇن.

⑫ ② ئىزاھاتتىكى تۇردى ئەخمەتنىڭ كىتاۋىغا قارالسۇن

⑬ تۇردى ئەخمەتنىڭ يۇقۇرقى كىتاۋىغا قارالسۇن.

⑭ ئابدۇكېرىم باقى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» 3 - قىسىم. قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى كونسپېكتى.

⑮ ① ئىزاھاتتىكى كىتاپقا قارالسۇن.

⑯ نەسرۇللانىڭ يۇقۇرقى كىتاۋىغا قارالسۇن.

⑰ نەسرۇللا، تۇردى ئەخمەت، ئابدۇكېرىم باقىلارنىڭ يۇقۇرقى كىتاپلىرىغا قارالسۇن.

⑱ ① ئىزاھاتتىكى كىتاپقا قارالسۇن.

⑲ تۇردى ئەخمەتنىڭ يۇقۇرقى كىتاۋىغا قارالسۇن.

⑳ ① ئىزاھاتتىكى كىتاپقا ۋە ئابدۇكېرىم باقىنىڭ يۇقۇرىدىكى كىتاۋىغا قارالسۇن.

㉑ نەسرۇللانىڭ يۇقۇرقى كىتاۋىغا قارالسۇن.

㉒ تۇردى ئەخمەتنىڭ يۇقۇرقى كىتاۋىغا قارالسۇن.

㉓ تۇردى ئەخمەت بىلەن نەسرۇللانىڭ يۇقۇرقى كىتاپلىرىغا قارالسۇن.

㉔ ① ئىزاھاتتىكى كىتاپقا ۋە ئابدۇكېرىم باقىنىڭ يۇقۇرقى كىتاۋىغا قارالسۇن.

㉕ تۇردى ئەخمەت بىلەن نەسرۇللانىڭ يۇقۇرقى كىتاپلىرىغا قارالسۇن.

㉖ ئابدۇكېرىم باقىنىڭ يۇقۇرقى كىتاۋىغا قارالسۇن.

㉗ ① ئىزاھاتتىكى كىتاپقا قارالسۇن.

㉘ يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

㉙ تۇردى ئەخمەت بىلەن نەسرۇللانىڭ يۇقۇرىدىكى كىتاپلىرىغا قارالسۇن.

㉚ يۇقۇرىدىكىگە ئوخشاش.

# چاغتاي تىلى توغرىسىدا

**قاسىم ئارىش**

ھەممىگە مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلى ئۇرال - ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللار تارمىقىغا كىرىدۇ. تۈركىي تىللار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. بىرى، شىمالىي ئالتاي تىلى، بۇ تىل ئۇيغۇر تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئوپ دەريا ۋادىسى — مىنۇسونىسكى ئويمانلىقىدىكى تۈركىي قەبىلىلەر — ئۇگۇرلارنىڭ (جۇڭگو تارىخىدىكى دىڭلىنلار بولسا كېرەك) تىلى مانا مۇشۇ تىلغا كىرىدۇ. يەنە بىرى، جەنۇبىي ئالتاي تىلى بولۇپ، بۇ قىپچاق تىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قىرغىز، قازاق، (قىسمەن) ئۆزبېك ۋە باشقىرتلار تىلى مانا مۇشۇ تىلغا كىرىدۇ.

مەھمۇت قەشقىرى تۈركىي تىللارنى ئوغۇز - قىپچاق تىلى ۋە قارلۇق - ئۇيغۇر تىللىرىغا بۆلگەن. موڭغۇل - تۈرك تىللىرى ھون دۆلىتى بەرپا بولۇشتىن ئىلگىرى بىر بىرىدىن ئاجرالغان. لېكىن، ئوغۇز - قىپچاق، قارلۇق - ئۇيغۇر تىللىرى تولۇق ئاجرالمىغان. بۇ تىل كۆك تۈرك دەۋرىدە، بولۇپمۇ ئوغۇزلار سىر دەريا بويىغا كۆچكەندىن كېيىن ئاندىن ئاجرىلىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ئالدىدىكى تىل تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ 8 - 9 - ئەسىرگىچە قوللانغان ئەدەبىي يېزىق تىلى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى ئاساسەن ئورخۇن - يەنسەي مەڭگۈ تاشلىرىدا كۆرۈلىدۇ. تىلنىڭ ئاساسىي بولغان گىراماتىكىلىق قۇرۇلۇشى ۋە لۇغەت تەركىبى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ دەۋردىكى تىلنى تۈركىي خەلقلەرگە ئورتاق تىل دېيىشكە بولىسىمۇ، لېكىن بارا - بارا قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىلى ئۈستۈنلىكنى ئىگەللەپ، شۇ دەۋردىكى ھەممە تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق يېزىقى ۋە ئورتاق ئەدەبىي تىلىغا ئايلانغان. «قامۇسۇل ئەئلام»دە «قەدىمقى ئۇيغۇرلار مەدەنىيەت تەرەققىياتىدا ئەڭ ئالغا كەتكەن خەلق بولۇپ، بۇلارنىڭ تىلى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا ئەدەبىي تىل ئىدى»① دېيىلگەن. «تۈرك تاتار تارىخى»دا «ئۇيغۇرلار تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا مەدەنىيەتتە ئەڭ يۈكسەك بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ تىلى باشقا تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈنمۇ ئەدەبىي تىل بولغان»② دېيىلگەن.

---

① شەمسىددىن سامىي: «قامۇسۇل ئەئلام» 3 - جىلد 171 - بەت.

② «تۈرك تاتار تارىخى» قازان، 1914 - يىل، 86 - بەت.

تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇرخۇن — ئۇيغۇر دولىتى قىرغىزلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئاھالىسى 3كە بولۇنۇپ غەرپكە كوچكەن. بىر تارمىقى چۇ دەرياسى بويىغا، بىر تارمىقى تۇرپان ئويمانلىقىغا، يەنە بىر تارمىقى گەنسۇ خېشى كارىدورىغا كوچۇپ بارغان. ئۇلارنىڭ چۇ دەرياسى بويىغا كوچۇپ بارغان قىسمى ئۇ يەردىكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى — قارلۇق، ياغمىلار بىلەن بىرلىشىپ قاراخانىلار دولىتىنى قۇرغان. بۇ دولەتنىڭ دائىرىسى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە جەنۇبىي شىنجاڭغىچە سوزۇلغان.

بۇ ۋاقىتتا ئۇلار بۇددا دىنىدا ئىدى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىسلامنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلار ئوزىنىڭ بۇرۇنقى يۇكسەك مەدەنىيىتى ئاساسىدا تېخىمۇ تېز راۋاجلاندى. «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋان لۇغەت تۇرك» مانا مۇشۇ دەۋردە مەيدانغا كەلدى. «دىۋان لۇغەت تۇرك»نىڭ تىلىنى مەھمۇت قەشقىرى تۇرك تىلى دىگەن. بۇنىڭ سەۋەبى (شېربا كىنىڭ كوز قارىشىچە)، ئۇ دەۋرلەردە ھەممە تۇركى قەبىلىلەرگە ئورتاق بولغان تۇرك دىگەن نامنى قوللىنىش ئۇيغۇر دىگەن نامغا قارىغاندا، يەنىمۇ كوپرەك قەبىلىلەرنى ئوزئەتراپىغا توپلاشقا پايدىلىق بولغان. ئىككىنچىدىن، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولمىغان تۇرپان ئۇيغۇرلىرى بىلەن ئوز ئارا دۇشمەنلىك پوزىتسىيىدە تۇرغان. تۇرپان ئۇيغۇرلىرىنى بۇددا دىنى بىلەن باغلاپ قاراپ، بۇلار بىلەن ئوزلىرىنى ئايرىلاشتۇرۇۋېتىشنى خالىمىغان. ئەنە شۇنداق دىنىي ئېتىقات ئوخشىماسلىقى تۇپەيلى ئۇلارنى يامان كورگەن ۋە چەتكە قاققان. شۇڭا، مەھمۇت قەشقىرى «دىۋان لۇغەت تۇرك»تە ئۇيغۇر سوزىنى تىلغا ئېلىشتىن تارتىنغان بولسا كېرەك. ئۇچىنچىدىن، تۇرپان ئەتراپىغا جايلاشقان ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ئىچىدە مەخسۇس ئۇيغۇر نامى بىلەن ئاتالغان بىر قەبىلىمۇ بولغان. مەھمۇت قەشقىرى بەلكىم تۇرپان ئاھالىسىنى ئەنە شۇ قەبىلىنىڭ نامى بىلەن ئاتىغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما، «دىۋان لۇغەت تۇرك» نىڭ تىلىنى تۇركولوگلار، جۇملىدىن رادلوۋ، مالوۋ، گابايىن ۋە باشقىلار ئۇيغۇر تىلى دەيدۇ. مەھمۇت قەشقىرىمۇ "ئەڭ چىرايلىق توغرا تىل خاقانىيە تىلى" دەيدۇ. خاقانىيە بولسا، قەشقەر ئۇيغۇرلىرى ياشىغان كەڭ رايوننىڭ نامى، مەھمۇت قەشقىرىنىڭ تىلى بويىچە شۇ دەۋردىكى ئەدەبىي تىل ئولچىمى — خاقانىيە تىلى ئىدى، فېڭ جياشىڭ ئەپەندىمۇ "دىۋان تىلى — ئۇيغۇر تىلىدۇر" دىگەن. مەھمۇت قەشقىرى «دىۋان لۇغەت تۇرك» تە تۇركى تىللارنىڭ ھەممىسىنىڭ سوز بايلىقىنى يىغىشقا كىرىشكەن، ئۇنىڭدا فونېتىكا، مورفولوگىيە جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلى ئولچەم قىلىنىۋېلىنغان، باشقا تىللار دىيالېكىت ياكى شىۋە قىلىپ بېرىلگەن.

تۇركولوگىيىدە "خاقانىيە تىلى" دەپ ئۇيغۇر تىلى تەرەققىيات باسقۇچلىرىدىن بىرىنى كوزدە تۇتىدۇ. بۇ باسقۇچ كېيىنكى چاغىتاي تىلىغا ئاساس تەييارلاپ بەرگەن.

تۈركىيىلىك كوپىرلوزادا مۇھەممەت خۇئات مۇنداق دەيدۇ: "خاقانىيە تىلىدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر باشقا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا ئورنەك بولغانلىقى شۈبھىسىز... موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن قەدىمقى ئۇيغۇر ئېلېمېنتلىرى يېڭىۋاشتىن جانلانغان بولۇپ، 12 ـ ئەسىردىكى خاقانىيە تۈركچىسى (ئۇيغۇر تىلى) 15 ـ ئەسىر كىلاسسىك چاغىتاي تىلىغا قاراپ بېسىلغان دەسلەپكى قەدەمنىڭ باشلىنىشى. 12 ـ ئەسىر ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي تىلى (ئۇيغۇر تىلى) ۋە ئۇيغۇر ئېلىپبەسى غەربىي ئىران ۋە ئىراق ساھەلىرىگىچە تارالغان" ①. "خاقانىيە تىلى" لېكسىكا جەھەتتە چاغىتاي تىلىدىن كوپ پەرق قىلىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا ئەرەبچە، پارسچە سوزلەر تېخى ئارىلاشمىغان. مەسىلەن، خوجا ئەخمەت يەسەۋىنىڭ «ھېكمەتلىرى» ۋە «ئوغۇزنامە»نى ئالساق، بۇلاردا قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. ئەخمەت يۈنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» داستانى بولسا، ئۇيغۇر (قەشقەر) تىلىدا يېزىلغان. "چاغىتاي تىلى" ئەرەبچە، پارسچە تىلىنىڭ كوپلىگى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ. "چاغىتاي" دىگەن بۇ نام چىڭگىزخاننىڭ 2 ـ ئوغلىنىڭ ئىسمى. چىڭگىز خان ئولۇش ئالدىدا موڭغۇل ئىمپېرىيىسىنى ئوز ئوغۇللىرىغا بولۇپ بەرگەن. ھازىرقى شىنجاڭ بىلەن ئامۇ دەريا ئەتراپى چاغىتايغا تەككەن. چاغىتاي خانلىق ئوردىسىنى ئىلى دەريا ۋادىسى ئەتراپىغا قۇرغان. چاغىتاي 1241 ـ، 1942 ـ يىللىرى ئارىلىغىدا ئولگەن. كېيىن چاغىتاي خانلىغى ئىككى قىسىمغا بولۇنگەن. غەربىتىكى ماۋەرەننەھىر رايونىدا ياشىغۇچى تەدرىجى تۈركلىشىپ كەتكەن موڭغۇللار ئوزلىرىنى "چاغىتايلار" دەپ ئاتىغان. بۈگۈنكى شىنجاڭ رايونىدىكى موڭغۇللار بولسا، ئوزلىرىنى "موڭغۇل" دەپ ئاتىغان. 1360 ـ يىلى تۇغلۇق تومۇرخان تەرىپىدىن يەنە بىرلىككە كەلتۈرۈلگەن. 1363 ـ يىلى تۇغلۇق تومۇر ئولگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئوتمەي (1365 ـ يىلى) ئوتتۇرا ئاسىيادا تومۇر لەڭ باش كوتىرىپ چاغىتاي خانلىغىغا ھوكۇمرانلىق قىلغان.

چاغىتاي خانىنىڭ شىنجاڭنى بىۋاستە باشقۇرۇپ تۇرغان ۋاقتى ئانچە ئۇزۇن بولمىسىمۇ، شۇ دەۋردىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر چاغىتاي نامى بىلەن ئاتىلىپ قالغان ۋە شۇ ئۇسلۇپ بويىچە يېزىلغان. كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەسەرلەرمۇ شۇ نام بىلەن ئاتالغان، ئومۇمەن "چاغىتاي تىلى" شۇ دەۋرنىڭ يېزىق ئەدەبىي تىلىنى بىلدۈرىدىغان نام بولۇپ قالغان، لېكىن "چاغىتاي تىلى" دىگەن بۇ نامدىن ھەرگىز بۇ تىل موڭغۇل تىلى دىگەن مەنا كېلىپ چىقمايدۇ. "چاغىتاي تىلى" دىگەن بۇ ئاتالغۇ ئوز ماھىيىتى بىلەن ئۇيغۇر تىلى دىمەكتۇر. «قامۇسۇل ئەئلەم» دە "چاغىتاي خانىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقتىدىكى ئۇيغۇر تىلى شۇ ۋاقىتتىن تارتىپ "چا-

① كوپىرلوزادا مۇھەممەت فۇئات «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى».

غىتاي تىلى» دەپ مەشھۇر بولغان» ① دىيىلگەن. دىمەك، تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئارىسىدا ئەڭ ئالدى بىلەن يېزا ـ كەنت، شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ، مەدەنى ئولتۇراق ھاياتقا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى ئەدەبىي جەھەتتە ھەممىسىنىڭ تىلىدىن گۈزەل ۋە ئۇقۇملۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، چاغىتاي دۆلىتىنىڭ ئومۇمى دۆلەت تىلى ۋە ئەدەبىي تىلى قىلىپ قوبۇل قىلىنغان. بۇ خۇددى قىپچاق ـ تۈرك تىلى ئالتۇن ئوردىنىڭ دۆلەت تىلى ۋە ئەدەبىي تىلى بولغاندەك بىر ئىش. ئالتۇن ئوردا خانلىرىنىڭ خەت ـ ئالاقە ئىشلىرى شۇ خىلدىكى تۈرك ئەدەبىي تىلىدا ئېلىپ بېرىلاتتى، ھەتتا بەزى خەت ـ ئالاقىلىرى قىپچاق ـ تۈرك يېزىغىدىمۇ يېزىلاتتى.

موڭغۇللار دەسلەپكى دەۋرلەردە مەدەنىيەتنى ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلغان، يېزىقىنىمۇ ئۇيغۇرلاردىن ئۆگەنگەن ①. ئۇيغۇر زىيالىيلىرى موڭغۇللار تەرىپىدىن چاقىرتىلىپ، ئەمىر، كاتىپ، ھىساۋاتچى قاتارلىق خىزمەتلەرگە تەيىنلەنگەن. مۇشۇنداق ۋاستىلار ئارقىلىق ئۇيغۇر تىلى ھەرقايسى جايلارغا كەڭ تارالغان، 12 ـ ئەسىردىن 19 ـ ئەسىرگىچە داۋام قىلغان چاغىتاي تىلى قاراخانىلار كىتاۋى تىلى ـــ قەشقەر (ئۇيغۇر) تىلىنىڭ راۋاجىدۇر. ئۇنىڭ كىلاسسىك شەكلى بولۇپمۇ ناۋايى (1441 ـ 1501) ئەسىرلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ. چاغىتاي تىلى بىرنەچچە ئەسىر داۋامىدا ئىنتايىن چوڭ ئىناۋەتكە ئىگە بولدى. ئۇ پەقەت دۆلەت تىلى، ئەدەبىي تىل، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك دۆلەتلىرىنىڭ دىپلوماتىيە تىلى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى رۇسىيىنىڭ ياۋروپاغا جايلاشقان تېررىتورىيىسىدىكى غەيرى ئوغۇز مۇسۇلمان تۈركلىرىنىڭمۇ بىر خىل كىتاپ تىلى بولۇپ تاكى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە ئىشلىتىلىپ كەلدى.

11 ـ ئەسىرلەردە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى بولغان قەشقەردە ئۇيغۇر مەدەنىيىتى تەرەققى قىلغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇ دەۋردىكى ئەدەبىي تىل كېيىنكى دەۋرلەرگە ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭدا چاغىتاي تىلىنىڭ ئەنئەنىلىرى ساقلىنىپ قېلىپ، كېيىنكى نۇرغۇن يازغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇپ قالغان. بۇ ئەنئەنىنى يالغۇز ئۇيغۇر يازغۇچىلىرىلا داۋاملاشتۇرۇپ قالماي، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركى تىلدا سۆزلىشىدىغان خېلى نۇرغۇن يازغۇچىلار تىرىشىپ ئۆگەنگەن ۋە داۋاملاشتۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتىمىزكى، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى يالغۇز «چاغىتاي تىلى» دەپ ناتوغرا ئاتالغان. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭلا ئاساسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى شۇ زاماندىكى يەنە باشقا بەزى خەلقلەرنىڭ ئەدەبىي تىلىغىمۇ ئاساس سالغان.

«چاغىتاي تىلى»نىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالغان يەنە بىر نەرسە، ئۇ-

① ش، سامىي «قامۇسۇل ئەئلەم» 3 ـ جىلد، 1876 ـ بەت

② «يۈەن سۇلالىسى تارىخى» 136 ـ جىلد.



Altun0q

نىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئۇيغۇر جانلىق تىلىدۇر. قەدىمقى ئۇيغۇر جانلىق تىلى شۇ دەۋر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا بەلگىلىك رول ئوينىغان بولسىمۇ، كېيىن بۇ تىلنىڭ يېزىلىش ئەنئەنىسى جانلىق تىلنى ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمىگەن. لېكىن «چاغىتاي تىلى» دەسلەۋدە جانلىق تىلنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن دېيىشكە بولىدۇ.

چاغىتاي تىلىنىڭ قوللىنىش ۋاقتىغا كەلسەك، بۇ ھەقتە خىلمۇ - خىل مۇلاھىزىلەر بولسىمۇ، لېكىن «چاغىتاي تىلى»نىڭ باشلانغۇچ شەكلىنى موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن ئىزلەش كېرەك. موڭغۇل ئىستىلاسىدىن ئىلگىرى قاراخانىلار دەۋرىدىن تارتىپ ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى (قەشقەر تىلى) ھوكۇمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكى «دىۋان» ۋە 11 - 13 - ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن بىر قىسىم نادىر ئەسەرلەردىن مەلۇم. ۋېنگىرىيىلىك بىر تارىخشۇناسنىڭ مۇلاھىزىسىدە بۇ تىلنىڭ قوللىنىلىش ۋاقتى 12 - 19 - ئەسىرگىچە دېيىلگەن. «لۇغەت چاغىتاي ۋە تۈركىي ئوسمانى»نىڭ ئاپتورى شەيخ سۇلايمان بۇخارى بۇ مۇلاھىزىگە قوشۇلىدۇ. بەلكىم بۇ تىل ئۇ ۋاقىتتا تېخى «چاغىتاي تىلى» دەپ ئاتالمىغان بولسىمۇ، ئەرەپ، پارس تىللىرى شۇ چاغدىن باشلاپ كىرىشكە باشلىغان بولۇشى مۇمكىن. سەۋەبى، 12 - ئەسىردىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيادا ئىسلام مەدەنىيىتى ئۈستۈنلۈك قىلىشقا باشلىغان. شۇڭا، مەسىلەن، بىز يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئەخمەت يۈنەكىنىڭ «ئەتە بەتۇل ھەقايىق» ناملىق ئەسىرىدە قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەنئەنىلىرى تولۇق ساقلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئەرەپ، پارس سوزلىرىمۇ خېلى بار. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ تىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تىلىدىن پەرق قىلىدۇ.

يۇقۇرىدا مەن «چاغىتاي تىلى»ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئوزەمنىڭ دەسلەپكى مۇلاھىزىلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم. ھورمەتلىك كىتاپخانلارنىڭ بۇ ھەقتە يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزلىنىش ئېلىپ بېرىشىنى ئۈممت قىلىمەن.

**كىتاپنى سۆيۈڭ**

△ بىر ياخشى كىتاپ ئوقۇساڭ، نۇرغۇنلىغان ئالىجاناپ كىشىلەربىلەن سوھبەتلەشكەندەك بولىسەن. — گېتې

△ كىتاپنى شۇنچە كوپ ئوقۇپ، پىكىر يۈرگۈزمىسەڭ، بىلىۋالغىنىڭناھايىتى كوپتەك سېزىلىدۇ؛ ئەندى كىتاپ ئوقۇپ، شۇنچە كوپ پىكىر يۈرگۈزسەڭ، بىلىۋالغىنىڭ ناھايىتى ئاز بولۇپ قالغانلىغىنى ئېنىق سېزىۋالىسەن.

— ۋولتېر

# „بىلەن،، ھەققىدە دەسلەپكى ئىزلىنىش

ئوسمان مۇھەممەت

«بىلەن» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا خېلى ئاكتىپ رول ئوينىماقتا. ھازىر ئىسىملارنىڭ ئانالىتىك كېلىش مۇناسىۋەتلىرى، جۈملە بۆلەكلىرىنى تۈرلەرگە ئايرىش، رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى پەرقلەندۈرۈش قاتارلىق مەسىلىلەر «بىلەن» گە چېتىلماقتا ھەمدە بۇ ھەقتە ئوخشاشمىغان مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. بۇ ماقالىدا مۇشۇ ھەقتە بولۇۋاتقان تالاش - تارتىشلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ياردىمى بولۇر دېگەن مەقسەتتە، ئاساسەن «بىلەن» نىڭ جۈملە ئىچىدىكى مەنىلىرى ۋە رولى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزلىنىشلەر ئوتتۇرىغا قويۇلماقچى.

## I «بىلەن» نىڭ فونېتىكىلىق تەرەققىياتى

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلى يادىكارلىقلىرىدا «بىلەن» ئاساسەن «بىرلە (بِرْلا، بىرلا)»، بىلە (بِلا، بىلا)» شەكىللىرىدە قوللىنىلغان. «تۈركى تىللار دىۋانى» دا «بِرْلا» شەكلىدە ئايرىم سۆز ئورنىدا لۇغەتكە ئېلىنىپ، «بىرلە، بىللە، بىلەن» دەپ ئىزاھلانغان ھەمدە «بەزىدە سۆزنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن «ر» ھەرپى تاشلىنىپ، «بلا، دېيىلىدۇ»① دەپ كۆرسىتىلگەن. قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە خاس باشقا ئەسەرلەردىمۇ ئاساسەن «بىلەن» نىڭ مۇشۇ ئىككى خىل شەكلى ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

(1) ئىنىم كۆلتېگىن بىرلە سۆزلەشدىمىز.

(«شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1982 - يىل 1 - سان 117 - بەت).

(2) ئاژۇن بولدى ئۇدۋان جەفاجەۋر بىلە

(«ئەتەبەتۇلھەقايىق» 52 - بەت).

(3) اُلْ مَنِكْ بِرْلا بِتِكْ اُقْشْدِي.

(«تۈركى تىللار دىۋانى» 1 - توم 251 - بەت).

(4) قِشْ يايْ بِلاتُقْشْتِي

قىنكر كۇزن بقشتي ②

تتشقلي يەستى

اتغالمت اغرشور «كوزن»

(«تۈركى تىللار دىۋانى» 1 - توم 230 بەت)․

يۇقۇرقىلارغا ئاساسلانغاندا «بىرلە، بىلە»لەرنى «بىلەن»نىڭ قەدىمقى شەكىللىرى دەپ ھېساپلاشقا بولىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى «بىرلە» شەكلى ھازىرقى زامان ئەدەبىي ئەسەرلىرىدىكى شېئىر - نەزمىلەردە ھېلىمۇ ئەينەن قوللىنىلماقتا. مەسىلەن:

(5) شەرەبىم شۇ مېنىڭ: ئەلدە تۇغۇلدۇم تاڭ ئېتىش بىرلە،
چومۇلدۇم شات - خوراملىققا ھاياتقا كوز ئېچىش بىرلە.

(«تارىم» 1982 - يىل 10 - سان. نۇردۇن ئىبراھىم)․

«بىلە» بولسا يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە، ھازىرقى رەۋىش تۈركۈمىگە مەنسۇپ بولغان «بىللە» سوزىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە مەنبە بولۇپ بەرگەن بولۇشى مۇمكىن.

يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە «بىرلە، بىلە»لەردىن باشقا «ئىلە»، «بىرلەن» ۋە «بى (ب)»③(سوزنىڭ ئالدىغا ئۇلىنىدۇ) قاتارلىقلارمۇ «بىلەن»نىڭ بىر خىل ۋارىيانتى سۈپىتىدە قوللىنىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئومرى «بىرلە»، «بىلە»لەرگە قارىغاندا ئۇنچىۋالا ئۇزۇن بولمىغان، قوللىنىش دائىرىسىمۇ ئانچە كەڭ بولمىغان. مەسىلەن:

(6) يەنە گۈللەردە بولسا رەڭ ئىلە روي،
نەزاكەتتە قىزىلگۈل تۇرفە خۇشبۇي.

(«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» 46 - بەت)

(7) ساقا ئەيدى: دۇئا بىرلەن سالام ئول،
دۇئا بىرلە دىدى نەچچە كالام ئول.

(«مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» 158 - بەت)․

(8) ئىشەندى پەرھادجان ۋە دىل بىلەن.
دوستلاشتى بۇلار ساپ ئەقىل بىلەن

(«بۇلاق» 1981 - يىل، 1 - سان، 318 - بەت، نىم شېھىت)․

يۇقۇرقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە «بىرلە»، «بىلە»، «ئىلە»، «بىرلەن» قاتارلىقلار «بىلەن» مەنىسىدە تەڭ قوللىنىلىشى بىلەن بىللە، هازىرقى «بىلەن» مۇ تەدرىجى شەكىللىنىشكە باشلىغان. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە كەلگەندە «بىلە»، «ئىلە»، «بىرلەن» قاتارلىقلار ئەمەلىي ئىستېمالدىن قېلىپ، «بىرلە»، «بىلەن» شەكىللىرىلا قوللىنىلماقتا. بۇلار ئىچىدىكى «بىرلە» بولسا، قوللىنىلىش دائىرىسى جەھەتتىن چەكلىمىگە ئۇچراپ، ئاساسەن شېئىر - نەزمىلەردە تىركەلمە(ئارقا ياردەمچى) رولىدىلا قوللىنىلىپ، ئىستېمالدىن قېلىش هالىتىدە تۇرماقتا. «بىلەن» نىڭ ئىستېمال دائىرىسى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە.

## II «بىلەن» نىڭ بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچى بولۇپ كېلىشى

قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدە «بىرلە»، «بىلە» لەر ئاساسەن تىركەلمە رولىدىلا قوللىنىلغان، باغلىغۇچى بولۇپ كېلىشى يوق دېيەرلىك بولغان. ئۇ دەۋرلەردە هازىرقىدەك ئۇزۇن، مۇرەككەپ جۈملىلەر تېخى ئومۇمىيۈزلۈك شەكىللەنمىگەن بولۇپ، ئوي - پىكىر ئاددى، قىسقا جۈملىلەر ئارقىلىقلا ئىپادىلەنگەن. يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە «بىلەن» نىڭ باغلىغۇچىلىق رولى كۆرۈنەرلىك شەكىللىنىشكە باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپىنچە ئىككى سوز ئوتتۇرىسىدىلا باغلىغۇچىلىق ۋەزىپە ئۆتىگەن. هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى دەۋرىگە كەلگەندە «بىلەن» نىڭ بۇ خىل رولى زور دەرىجىدە كۈچەيگەن. ئىنقىلاش، ئىنقىلىنىش ۋە يانداش مۇناسىۋەتلەرنى ئوز ئىچىگە ئالغان بىرمۇرەككەپ سوز بىرىكمىسى ئوتتۇرىسىدا باغلىغۇچىلىق رول ئويناش ئىقتىدارىغىمۇ ئىگە بولغان. مەسىلەن:

(9) تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى بىلەن تەپەككۇر شەكىللىرى ئايرىلماس هالدا زىچ باغلانغان.

(«لوگىكا»).

(10) تېچلىقنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى بىلەن تېچلىقنىڭ مۇستەهكەملىنىشى ئىككى ئىش.

(«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»).

«بىلەن» باغلاپ كەلگەن بۇ خىل بولەكلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلۇش ئالاهىدىلىكىنى تەكشۈرسەك، «بىلەن» نىڭ ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سوزلەر بىرلىكى ئوتتۇرىسىدا ۋەزىپە ئوتەپ، خۇددى ماتېماتىكىدىكى تەڭلىك بەلگىسىگە ئوخشاش رول ئويناياديغانلىقىنى، يەنى ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سوزلەرنىڭ مەنا بىرلىكىنى، گىراماتىكىلىق تەڭلىك مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدىغانلىقىنى كورىمىز.

«بىلەن»نىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى سۆزلەر تۈزۈلۈش جەھەتتە بىر بىرىنى شەرت قىلغان، بىر بىرىگە ماسلاشقان، بىر پۈتۈن بىرلىكتە تۈرۈۋاتقان بولىدۇ. ئادەتتە «بىلەن»نىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئاساسەن «بىلەن»نىڭ ئالدىدىكى سۆز ئىسىمدىن تۈزۈلگەن بولسا، كەينىدىكى سۆزمۇ ئىسىمدىن، ئالدىدىكى سۆز سۈپەتداشتىن تۈزۈلگەن بولسا، كەينىدىكى سۆزمۇ سۈپەتداشتىن، ئالدىدىكى سۆز ھەركەتنامىدىن تۈزۈلگەن بولسا، كەينىدىكى سۆزمۇ ھەركەتنامىدىن، ئالدىدىكى سۆز ئېنىقلاش، ئېنىقلىنىش مۇناسىۋىتىدىكى بىرىكمىدىن تۈزۈلگەن بولسا، كەينىدىكى بىرىكمىمۇ ئېنىقلاش، ئېنىقلىنىش مۇناسىۋىتىدىكى بىرىكمە قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. ئىككى سۆز شەخس، سان قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى جەھەتلەردىنمۇ قىسمەن ماسلىشىدۇ، شۇنداقلا بىر ئاددى جۈملە ئىچىدىكى بىر خىل مۇرەككەپ بولەكنى، يەنى مۇرەككەپ ئىگە، مۇرەككەپ ئېنىقلىغۇچى، مۇرەككەپ تولدۇرغۇچى، مۇرەككەپ ھالەت قاتارلىقلارنى تەشكىل قىلىدۇ.

«بىلەن» بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەر ئوتتۇرىسىدا رول ئوينايدىغان بولغاچقا، قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنى باغلاش ئىقتىدارىغا ئىگە ئەمەس. «ۋە»، «ھەم»، «ھەمدە» قاتارلىق بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار بولسا قوشما جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنىمۇ باغلاش ئىقتىدارىغا ئىگە. «بىلەن» پەقەت بىر ئاددى جۈملە ئىچىدىكى مەلۇم بىر خىل مۇرەككەپ بولەكنىلا ئۆزئارا باغلاش ئىقتىدارىغا ئىگە.

«بىلەن» جۈملىدە ئوخشاش ۋەزىپىدە كەلگەن ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆزلەرنى بىرىكتۈرۈپ باغلاپ كېلىدىغان بولغاچقا، ئەسلىدە «بىلەن»نىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ھەر ئىككى سۆزگە بىر خىل كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلىنىشقا تېگىشلىك بولسىمۇ (بۇرۇنقى ئالتە كېلىش كوزدە تۇتۇلىدۇ)، ئەمما «بىلەن» كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەرگە بىرىكىپ كېلەلمەيدىغان بولغاچقا، بۇ قوشۇمچىلار پەقەت «بىلەن»نىڭ كەينىدىكى سۆزگە (سۆز بىرىكمىسىدىن تۈزۈلگەن بولسا، بۇ قوشۇمچە ئاخىرقى بىر سۆزگە) ئۇلىنىپ ئىپادە قىلىنىدۇ ۋە بۇ قوشۇمچىلار قالايمىقان ئەمەس، تەرتىپلىك، مەلۇم قائىدە بويىچە ئۇلىنىدۇ. قانداق ئەھۋالدا قايسى كېلىش قوشۇمچىسىنىڭ ئۇلىنىدىغانلىقىنى ئاساسەن شۇ بىرىكمىنىڭ جۈملە ئىچىدە قانداق بولەك بولۇپ كېلىشى بەلگىلەيدۇ. بۇ ھال «بىلەن» باغلاپ كەلگەن بولەك جۈملىدە ئىگە، تولدۇرغۇچى، ئېنىقلىغۇچى، ھالەت بولۇپ كەلگەندە بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئەگەر بۇ خىل بولەكلەردىكى بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچى بولۇپ كەلگەن «بىلەن»نى تەڭلىك بەلگىسى ئارقىلىق، «بىلەن»نىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئىسىم ياكى ئىسىم


Altun

خاراكتېرلىق سوزلەرنى «ئىسىم» ئارقىلىق ئىپادىلەپ، فورمۇلا شەكلىگە كەلتۈرسەك، مۇنداق شەكىللەردە ئىپادىلىنىدۇ:

«بىلەن» باغلاپ كەلگەن بولەك جۈملىدە ئىگە بولۇپ كەلگەندە، «ئىسىم = ئىسىم» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى بولەك ئاخىرىدىكى سوزگە كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانمايدۇ (يۇقۇرقى مىساللارغا قاراڭ). بۇخىل بولەك ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىق سوزلەردىنلا تۈزۈلگەن بولغاچقا، خەۋەر بولۇپ كېلىشى ئانچە كوپ قوللىنىلمايدۇ.

ئېنىقلىغۇچى بولۇپ كەلگەندە «ئىسىم = ئىسىم + نىڭ» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى بولەك ئاخىرىغا «نىڭ» قوشۇمچىسى ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(11) «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخي كورگەزمىسى» بىلەن «شىنجاڭ مىللەتلىرىنىڭ ئورپ - ئادەتلىرى كورگەزمىسى»نىڭ ۋاقىتلىق ئېچىلمايدىغانلىغى توغرىسىدا ئېلان.

(«شىنجاڭ گېزىتى»).

(12) مەملىكىتىمىزدە خېمىيۋى تالا توقۇلما بۇيۇملىرى بىلەن پاختا توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ سېلىشتۇرما باھاسى ناھايىتى نامۇۋاپىق.

(«شىنجاڭ گېزىتى»).

تولدۇرغۇچى بولۇپ كەلگەندە «ئىسىم = ئىسىم + نى» شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. بولەك ئاخىرىغا چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى «نى» ئۇلىنىپ ياكى باشقا كېلىش قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ، تولدۇرغۇچى ۋەزىپىسىدە كەلگەن سوزلەردىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن:

(13) يەرنى ئائىلىلەرگىچە كوتىرە بېرىش بىلەن ئائىلىلەرگىچە بولۇپ بېرىشنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىك كېرەك.

(«شىنجاڭ گېزىتى»).

(14) مەن ئادىل بىلەن مۇختارنى بازاردا ئۇچراتتىم.

ھالەت بولۇپ كەلگەندە «ئىسىم = ئىسىم + دا (دە، تا، تە) شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. يەنى بولەك ئاخىرىغا ئورۇن - پەيت كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغان ياكى باشقا قوشۇمچىلار ئۇلىنىپ ھالەت ۋەزىپىسىدە كەلگە سوزلەردىن تۈزۈلگەن بولىدۇ. مەسىلەن:

(14) «ئىتتىپاق» تىياتىرى بىلەن «ئۈزۈن سەپەر» كىنوخانىسىدا يېڭى كىنولار قويۇلۇۋاتىدۇ.

## III «بىلەن»نىڭ قارىمۇ - قارشى باغلىغۇچى بولۇپ كېلىشى

«قارىمۇ - قارشى باغلىغۇچىلار ئاساسەن ئىككى خىل ئىش - ھەركەتنىڭ بىر بىرىگە قارشى ئىكەنلىگىنى ياكى سوزلىگۇچىنىڭ نەزىرىدە قارشى قويۇلغانـ

لىغىنى ئىپادىلەيدۇ»④ «بىلەن»مۇ بەزىدە «غان»، «قان»، «گەن»، «كەن» قوشۇمچىلىرى بىلەن ئاخىرلاشقان سۈپەتداش ياكى مۇشۇ خىل سۈپەتداش بىرىكمىسى(سۈپەتداش شەخس، سان قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلەنگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن) كەينىگە ياندىشىپ كېلىپ، مەنا جەھەتتىن قارشى بولغان ئىككى بىرىكمىنى باغلاپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

(15) بەزى جايلاردا ۋەكىللەر كېڭىشى بولغان بىلەنمۇ، پەقەت ئىجرائىي ۋېيىيۈەنخۈينى سايلىغۇچى ۋاقىتلىق ئورگان دەپ قارالماقتا.

(«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»).

(16) مەن بۇ شەھەرگە كەلمىگەن بىلەن، باشقا جايلارغا بارغانمەن.

(«ئىلى دەرياسى ژورنىلى»).

«بىلەن» قارىمۇ - قارشى باغلىغۇچى رولىدا كەلگەن هامان يۇقۇرىدىكىدەك سۈپەتداش ياكى سۈپەتداش بىرىكمىسى كەينىگە تىركىلىپ، خەۋەر بىرىكمىنىڭ قارشىلىق هالىتى بولۇپ كېلىدۇ. شۇ خىل سۈپەتداشلاردىن ئايرىۋېتىلسە، قارىمۇ - قارشى باغلىغۇچىلىق رولىنى يوقىتىدۇ.

## IV «بىلەن»نىڭ تىركەلمە بولۇپ كېلىشى ۋە مەنىلىرى

تىركەلمە (سوز ئارقا ياردەمچى) بولۇپ كېلىشى — «بىلەن»نىڭ ئەڭ قەدىمقى ۋە مۇرەككەپ رولى بولۇپ، هازىرغا قەدەر ناهايىتى ئۇنۇملۇك رول ئويناپ كەلمەكتە. شۇڭا، ئۇ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا باشقا تىركەلمىلەر قاتارىدا تىلشۇناسلارنىڭ دىققەت - ئېتىۋارىنى قوزغىماقتا.

«بىلەن» تىركەلمە بولۇپ كەلگەندە ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سوز، سوز بىرىكمىلىرى بىلەن بىرىكىپ، «ئىسىم + بىلەن» تىركەلمە سوز بىرىكمىسىنى هاسىل قىلىدۇ ھەمدە بۇ بىرىكمىنى جۈملە خەۋىرى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرىدۇ. «ئىسىم + تىركەلمە قۇرۇلمىسى سوز بىلەن قوشۇمچىنىڭ بىرىكىشىدىن ئەمەس، بەلكى سوز بىلەن سوزنىڭ بىرىكىشىدىن هاسىل بولغان بىر خىل سوز بىرىكمىسى... بۇخىل سوز بىرىكمىلىرىنىڭ ئالدىنقى قىسمى ئىسىم، ئىسىملاشقان سوز ياكى ئىسىم خاراكتېرلىق سوز بىرىكمىسى، كېيىنكى قىسمى تىركەلمىدۇر... بۇخىل سوز بىرىكمىلىرىنىڭ كېيىنكى قىسمى پەقەت يالغۇز سوز — تىركەلمە پېتىدىلا بولىدۇ ھەم تۈرلەنمەيدۇ، ئورغۇ ئۇنىڭغا چۈشمەيدۇ. ئىسىم قىسمىنىڭ تەركىۋىي تۈزۈلۈشى مەيلى قانچىلىك مۇرەككەپ بولسۇن، ئۇ هامان ئىسىملىك خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ»⑤.

«بىلەن» تىركىلىپ تۈزۈلگەن بۇخىل سوز بىرىكمىلىرى جۈملىدە ئاساسەن هالەت ياكى ۋاستىلىق تولدۇرغۇچى⑥ بولۇپ كېلىدۇ (قىسمەن ئەھۋاللاردا جۈملى-

نىڭ باشقا بولەكلىرى بولۇپ كېلىشىمۇ مۇمكىن). «قاچان؟»، «قانداق؟»، «نە(قەيەر) بىلەن؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كەلگەنلىرى ھالەت، «نىمە بىلەن؟»، «كىم بىلەن؟» دېگەن سوئاللارغا جاۋاپ بولۇپ كەلگەنلىرى ۋاستىلىق تولدۇرغۇچى بولىدۇ. «بىلەن» ئابستراكت ئىسىملار كەينىگە تىركىلىپ كەلگەندە كۆپىنچە ھالەت، كونكرېت شەيئىلەر نامىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار كەينىگە تىركىلىپ كەلگەندە ۋاستىلىق تولدۇرغۇچى بولىدۇ. «ئىسىم + بىلەن» تىركەلمە بىرىكمىسى ئادەتتە چۈشۈم كېلىش تولدۇرغۇچىسىدىن كېيىن كېلىپ، تولا ھاللاردا پېئىل بىلەن بىر قاتاردا تۇرىدۇ ياكى مۇمكىن قەدەر خەۋەرگە يېقىن كېلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ، بەزىدە جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىشىمۇ مۇمكىن.

«بىلەن» تىركەلمىسى باشقا تىركەلمىلەرگە ئوخشاش جۈملىدە ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىق سۆز، سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ پېئىللار (جۈملە خەۋەرى) بىلەن بولغان گىرامماتىلىق مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەپ، مەنا ۋە شەكىل جەھەتتىن ئۆزى تىركىلىپ كەلگەن سۆز، سۆز بىرىكمىسىگە بېقىنىدۇ، ئەگىشىدۇ، شۇ سۆز تەركىۋىدە بولىدۇ. «ئىسىم + بىلەن» تىركەلمە سۆز بىرىكمىسىنى تۈزۈپ، جۈملىدە تۈرلۈك ئالاقە مەزمۇنلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىش بىلەن بىرگە، ئۆزى تىركىلىپ كەلگەن سۆز مەنىسىگە تۈرلۈك لېكسىكىلىق مەنىلەرنى قوشىدۇ. «بىلەن»نىڭ بۇخىل خۇسۇسىيىتى قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىمۇ خېلى گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن. ئۇلۇق ئالىم مەھمۇت قەشقىرى «تۈركى تىللار دىۋانى»دا «بىلەن»نى مەنا پەرقلەندۈرىدىغان قوشۇمچە سۆز دەپ تىلغا ئېلىپ، جۈملە ئىچىدىكى مەنا خۇسۇسىيىتىنى قىسقىچە ئىزاھلاپ كۆرسەتكەن⑦. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا بولسا «بىلەن» تىركىلىپ تۈزۈلگەن بۇخىل بىرىكمىلەرنىڭ كونكرېت جۈملە ئىچىدىكى مەنىلىرى كۆپ ھەم مۇرەككەپ بولۇپ، بەزىدە تولىمۇ ئىنچىكە مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. «بىلەن» تىركەلمىسىنىڭ بەزى جۈملىلەردە ئورۇن كېلىش (قەلەم بىلەن يازدىم = قەلەمدە يازدىم)، چىقىش كېلىش (ئۇنىڭ بىلەن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايدۇ = ئۇنىڭدىن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمايدۇ)، يۆنىلىش كېلىش (مەيدان ئادەملەر بىلەن لىق تولدى = مەيدان ئادەملەرگە لىق تولدى) قوشۇمچىلىرىغا ۋە بەزىدە باشقا سۆزلەرگە ئورۇن ئالماشالىغانلىقىغا قاراپ، ئۇنى («بىلەن»نى) قوشۇمچىلار كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزۈۋېتىشكە بولمايدۇ. بۇ ئۇيغۇر تىلىدىكى نورمال ھادىسە.

«تەتقىقاتنىڭ ئاساسلىنىدىغان نۇقتىسى مەنىگە تايىنىشتىن ئىبارەت بولۇشى لازىم»⑧. تۆۋەندە بىز «ئىسىم + بىلەن» تىركەلمە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ جۈملە ئىچىدىكى بىر قەدەر گەۋدىلىك ئىپادىلەنگەن مەنىلىرىنى كۆزىتىپ چىقايلى. بۇلار «ئىسىم + بىلەن» تىركەلمە سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ يىغىنچاقلانغان ھەممە مەنىلىرى بولالمايدۇ، ئەلۋەتتە.

1. ئىش ـ ھەركەتنىڭ ۋاستىسىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

(17) قولى بىلەن ئېلىپ، پۇتى بىلەن بېرىپتۇ. (ماقال).

(18) ماشىنا بىلەن كەلدىم.

2. ئىش ـ ھەركەتنىڭ سەۋەپ ـ چېتىلمىسىنى بىلدۈرىدۇ. «ئىسىم + بىلەن» تىركەلمە سوز بىرىكمىسى جۈملىدىكى ئىش ـ ھەركەتكە سەۋەپ ـ چېتىلما بولۇپ كېلىدۇ. كوپىنچە «سەۋۋى بىلەن»، «مۇناسىۋىتى بىلەن»، «بۇ (شۇ) مۇناسىۋەت بىلەن» قاتارلىق «ئىسىم + بىلەن» تىركەلمە سوز بىرىكمىسى شەكلىدە ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن:

(19) ئوكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ 65 يىللىغى مۇناسىۋىتى بىلەن موسكۋادا ھەربى پارات ۋە نامايىش ئوتكۈزۈلدى.

(«شىنجاڭ گېزىتى»).

(20) بۇ مۇناسىۋەت بىلەن شىنخۇاشې پۈتۈن مەملىكەتكە خەۋەر تارقاتتى.

(«شىنجاڭ گېزىتى»).

(21) 10 يىللىق قالايمىقانچىلىقنىڭ تەسىرى بىلەن مۇنداق ساغلام بولمىغان ئىدىيىلەر پارتىيە ئىچىدە يامراپ كەتتى.

(«شىنجاڭ گېزىتى»).

مىسال (19)، (20) لەر سەۋەپ ـ چېتىلمىنى ئىپادىلىسە، مىسال (21) ئاساسەن سەۋەپنى ئىپادىلىگەن.

3. ئىش ـ ھەركەتكە ۋاستە بولغان ئورۇن ـ ماكانىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

(22) بازار بىلەن كەلدىم.

(23) شانىياز قوناقلىقنىڭ ئىچى بىلەن يۈگۈرۈپ كەتتى.

(«كۆرەشچان يىللار»).

4. ئىش ـ ھەركەتنىڭ ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

(24) ئۇلار قەشقەرغە تاڭ سەھەر بىلەن يېتىپ كەلگەن ئىدى.

(«كۆرەشچان يىللار»).

(25) شۇ كۈنى چۈشلەر بىلەن پادىشا ئادەت بويىچە قىزى مەلىكىنى يوقلاپ چۈشكىلى ئاسمانغا چىقىپتۇ.

(«ئۇيغۇر خەلق چوچەكلىرى»).

5. ئىش ـ ھەركەتكە ئومۇملاشتۇرۇلغان ئوبىكتىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل جۈملىلەرنىڭ خەۋرى كوپىنچە شەخسلىك پېئىللاردا ئاخىرلىشىدۇ. شۇنداقلا جۈملە مەنىسىگە ئاساسەن «بىللە»، «بىرگە»، «بىرلىكتە» قاتارلىق رەۋىشلەرنى «بىلەن»نىڭ كەينىگە باغلاشتۇرۇپ، ئومۇلۇك مەنىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە بولىدۇ. مەسىلەن:

(26) ئـاسىم ئۇزىنىڭ پارتىزان يىگىتـلىرى بىلەن بىلـلە يـېتىپ كەلـدى.
(«كۈرەشچان يىللار»).

(27) مەكتەپ رەھبەرلىرى ئوقۇغۇچىلار بىلەن بىرلىكتە ئەمگەككە قاتناشتى.

يۇقۇرقى جۈملىلەردە «بىللە»، «بىرگە»، «بىرلىكتە» قاتارلىق رەۋىشلەرجۈمـلە ئىچىدە بولسىمۇ ـ بولمىسىمۇ، ئومۇلۇك مەنـا ئىپادىلىنىۋېرىدۇ. ئەمـما، «ئۇرۇش قىلماق»، «جەڭ قىلماق»، «كۈرەش قىلماق» قاتارلىق بەزى پېئىللار خەۋەر بولۇپ كەلگەن جۈملىلەردە يۇقۇرىدىكى رەۋىشلەرنى خالىغانچە قوشۇپ قويۇشقا ياكى چۇ- شۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

(28) يەنە ئىككى يىلدىن كېيىن، مەن سېنى ئۇلار بىلەن بىللە ئۇرۇش قىـ لىشقا چوقۇم ئەۋەتىمەن.
(«لى زىچېڭ»).

(29) بىز جۇڭخۇا مىللىتى ئۆز دۈشمىنىمىز بىلەن ئاخىرىغىچە جـەڭ قىلىش روھىغا ئىگىمىز.
(«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»).

6. ئىش ـ ھەركەت قارىتىلغان (ئۆتىدىغان) ئوبېكتىنى بىلدۈرىدۇ. «بىللە»، «بىرگە»، «بىرلىكتە» قاتارلىق رەۋىشلەرنى «بىلەن»نىڭ كەينىگە خالىغانـچە يانـداشتۇرۇپ قوللىنىشقا بولمايدۇ. ئەگەر قوللىنىلسا، جۈمـلە راۋان بـولماي قالىدۇ ياكى ئەسلى مەنا ۋە جۈملە قۇرۇلمىسى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. مەسىلەن:

(30) ئانا ئىشىك ئالدىدىكى ناتونۇش يىگىت بىلەن سالاملاشتى.
(«كۈرەشچان يىللار»).

(31) كېيىن ئۇنىڭ بىلەن تالاي قېتىم ئۇچرىشىشقا توغرا كەلدى.
(«چىن دوستلۇق»).

(32) بۇنداق ھادىسىلەر بىلەن كەسكىن كۈرەش قىلىش كېرەك.
(«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»).

7. « × » ھەركەتنامىغا ⑨ تىركىلىپ كېلىپ، ئىش ـ ھەركەتنىڭ ۋاقتى، سە- ۋەۋى، ۋاستىسى، تېزلىگى، ئورۇنلىنىش ئەھۋالى قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ.

1) پەقەت ۋاقىتنىلا بىلدۈرۈپ كەلگەندە «بىلەن» تـىركىلىپ كـەلگەن ھەر- كەتنامى ۋاقىت مەنىسىنى بـىلدۈرىدىغان سـوزلەر ئـارقىلىق ئېنىقلانغان بولىدۇ. مەسىلەن:

(33) ئۇ بۇگۈنمۇ گۈگۈم چۈشۈشى بىلەن شۇ ئادىتىنى تەكرارلىدى.
(«شىنجاڭ گېزىتى»).



AltunOq

(34) باش ئەتىياز كېلىشى بىلەن سەرسان بولۇپ كېتىپ قالدىم.
(«شىنجاڭ گېزىتى»).

2) سەۋەپنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خىل جۈملىلەردىكى «بىلەن»نىڭ مەنىسى «سەۋەبىدىن»، «تۈپەيلىدىن» ۋە سەۋەپ مەنىسىدە كەلگەن چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرى «دىن»، «تىن»لارغا يېقىنراق كېلىدۇ ياكى شۇلار بىلەن ئالمىشالايدۇ. مەسىلەن:

(35) دۈشمەنىنىڭ مەجبۇر قىلىشى بىلەن بىيىدۇك ئورۇنغا چۈشۈپ قېلىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ.
(«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»).

(36) ماشىنىنىڭ كوۋرۇكتىن ئۆتكىچە يېنىك سىلكىنىشى بىلەن مەمۇتجاننىڭ خىيالى بۇلۇنۇپ كەتتى.
(«تارىم»).

3) ۋاستىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
(37) ئىنقىلاپ ۋە ئىنقىلاۋىي ئۇرۇش ھۇجۇم قىلىش بىلەن بولىدۇ.
(«ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»).

4) مەلۇم بىر ھەركەت ئورۇنلىنىشتىن ئىلگىرىكى تېزلىك ھالەتنى بىلدۈرىدۇ. «بىلەن»گە كۆپىنچە ئۇلانما «لا» ئۇلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:
(38) يىغىن باشلىنىشى بىلەنلا قۇربان دۈيجاڭ ئۇزاققىچە سۆزلەپ كەتتى.
(«تارىم»).

(39) ئۇ ئىشىكتىن كىرىشى بىلەنلا سۆزلەپ كەتتى.

5) ئىش ـ ھەركەت ۋە ۋاقىتنىڭ بىر خىلدا سۈس تەكرارلىنىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
(40) كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇغدايلار يېتىلىشكە باشلىدى.
(«مەشئەل»).

(41) يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بوۋاي ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قاپتۇ.
(«بۇلاق»).

6) ئىش ـ ھەركەتنىڭ تۇرلۇك مەنىدىكى ھالەتلىرىنى بىلدۈرىدۇ. بەزىدە «ھەركەتنام بىلەن» تىركەلمە سۆز بىرىكمىسى كەينىگە «بىللە»، «بىرگە»، «بىر ۋاقىتتا»، قاتارلىق رەۋىشلەر ياندىشىپ كېلىپ، «بىلەن» تىركىلىپ كەلگەن بىرىكمىدە ئېيتىلغان ھەركەت، ھادىسىلەرنىڭ كېيىنكى بىرىكمىدىكى ھەركەت، ھادىسىلەر بىلەن بىر ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەنلىك ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:
(42) ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھوكۇمىتى توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى

تەگشەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، شىنجاڭدا ئىشلەپچىقىرىلغان يېڭىدك سانائەت مەھ-
سۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى مۇۋاپىق چۈشۈرۈشنى قارار قىلدى.

(«شىنجاڭ گېزىتى»).

(43) ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن تارتىپ بۈگۈنگىچە ھەرقايسىمىزنىڭ كۆپ ۋاق-
تى سېخلاردا ئىشلەش بىلەن ئۆتتى.

(«شىنجاڭ گېزىتى»).

(44) ئۇ لايىھىلەش، يېزىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، مىللى ئوقۇغۇچى-
لارغا زۆرۈر بولغان تېخنىكا كىتابلىرىنىمۇ تەرجىمە قىلدى.

(«شىنجاڭ گېزىتى»).

8. «بىلەن» تۈرلۈك مەنىدىكى ئابستراكت ئىسىملارغا تىركىلىپ ھالەت بىرىكمىسى تۈزىدۇ. بۇ خىل ھالەت بىرىكمىلىرىنىڭ بەزىلىرى بەلگىلىك ئابستې-راكت ئىسىملاردىن تۈزۈلگەن بولسا، بەزىلىرى «بىلەن» تىركىلىپ كېلىشى سە-ۋەپلىك ھالەتلىك تۈسكە ئىگە بولغان، كۆپىنچىسى كۆپلۈك كاتېگورىيىدە تۈرلەنمىگەن ئابستراكت ئىسىملاردۇر. بۇلار جۈملىدە سەۋەب، مەقسەت، كىشىلەرنىڭ ھەر خىل ئىچكى - تاشقى قىياپەت ئۆزگىرىشلىرى قاتارلىق تۈرلۈك ھەركەت ھالەتلىرىنى ئىپادىلەيدىغان بولغاچقا، بەزىلىرى ئۇيغۇر تىلىغا ئائىت ئەسەرلەردە رەۋىش دەپ قارالماقتا⑩.

1) «لىق، لىك، لۇق، لۈك» قوشۇمچىلىرى ئۇلىنىپ ياسالغان ئىسىملارغا تىركىلىپ، بەلگىلىك تىركەلمە ھالەت بىرىكمىسى تۈزىدۇ. يۇقىرىدىكى قوشۇمچى-لار ئۇلىنىپ ياسالغان ئىسىملارغا تىركىلىپ كەلگەن بۇ خىل «بىلەن» ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىرامماتىكا كىتابلىرى ۋە بەزى تەتقىقات ماتېرىياللىرىدا «رەۋىش ياسىغۇچى قوشۇمچە» دېيىلمەكتە. مەسىلەن:

(45) ئالماسنىڭ بىر جۈپ كۆزى تەقەززالىق بىلەن يېنىپ تۇراتتى.

(«كۆرەشچان يىللار»).

(46) ئۇلار رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىشتى.

(«كۆرەشچان يىللار»).

2) قىسمەن ئابستراكت ئىسىملارغا، جۈپ سۆزلەرگە ۋە سۆز بىرىكمىلىرىگە تىركىلىپ ھالەت بىرىكمىسى تۈزىدۇ. بۇ خىل بىرىكمىلەرنىڭمۇ بەزىلىرى رەۋىش دەپ ئاتالماقتا. تۆۋەندە بۇ خىل بىرىكمىلەر قاتناشقان بىر پۈتۈن جۈملە مىسال-لىرى تولۇق ئېلىنماي، پەقەت شۇ خىل بىرىكمىلەرنىڭ بىرنەچچىسىلا كۆرسىتىلدى.

(47) غەزەپ بىلەن، دىققەت بىلەن، نوۋەت بىلەن، ھەۋەس بىلەن، ئەلەم بىلەن، ھۆرمەت بىلەن، شىددەت بىلەن، زەرپ بىلەن، تەنتەنە بىلەن، تەبەسسۇم

بىلەن، غەيرەت بىلەن، زەردە بىلەن، جىلۋە بىلەن، شەرەپ بىلەن، ھەسرەت بىلەن، ئەدەپ بىلەن، ئىلتىجا بىلەن، ھەيۋەت بىلەن، غەلىبە بىلەن، ئېھتىيات بىلەن، ئىشتىھا بىلەن...

(48) زوق - شوق بىلەن، قەھرى - غەزەپ بىلەن، قىقاس - چوقان بىلەن، شاۋقۇن - سورەن بىلەن، جان - جەھلى بىلەن، بەس - بەس بىلەن، جان - دىل بىلەن...

(49) بار كۈچ بىلەن، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن...

9. قىسمەن سۆزلەرگە تىركىلىپ، شۇ سۆزلەرنى «بول»، «كەت»، «تۇر» قاتارلىق ياردەمچى پېئىللارنىڭ رەۋىشداش شەكلىگە ياكى بەزىدە سۈپەتداش شەكلىگە باغلاپ، بىرەر شەيئىنىڭ (كۆپىنچە بىرەر شەخسنىڭ) مەلۇم بىر ئىش - پائالىيەت، ئوي - پىكىرگە بەنت بولۇپ بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ھالەت بىرىكمىسى تۈزىدۇ. مەسىلەن:

(50) گەپ بىلەن بولۇپ يولدىن ئازغىلى تاس قاپتىمىز.

(«مەشئەل»).

(51) مەن پاراڭ بىلەن بولۇپ، ماموتكامىنىڭ كۆڭۈل غەشلىكىنى ئۇنتۇپلا كېتىپتىمەن.

(«تارىم»).

## V «شۇنىڭ بىلەن»...

«بىلەن» ئىگىلىك كېلىش قوشۇمچىسى ئۇلانغان «شۇ» دىگەن كۆرسىتىش ئالماشقا بىرىكىپ، بەزىدە بۇ بىرىكمە كەينىگە «بىللە»، «بىرگە»، «بىر ۋاقىتتا» قاتارلىق رەۋىشلەرنى باغلاپ، ئالماش بىرىكمىسى تۈزىدۇ. بۇ خىل ئالماش بىرىكمىلىرى جۈملىدە تۈرلۈك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ ھەمدە ئوخشىمىغان روللاردا كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ قانداق مەنىدە كەلگەنلىكى ئاساسەن ئالدىنقى بىرىكمە ياكى جۈملىدە ئېيتىلغان مەنىگە مۇناسىۋەتلىك.

1. بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچى رولىدا كېلىپ، ئالدىنقى بىرىكمە ياكى جۈملىدە ئېيتىلغان ھادىسىلەرنىڭ بىر ۋاقىت ئىچىدە مەۋجۇت ئىكەنلىكى، بىر ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەنلىكى ياكى ۋاقىت جەھەتتىن يېقىن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئاددى ۋە مۇرەككەپ جۈملىلەرنى ئۆز ئارا باغلاپ كېلىدۇ. جۈملىدە «شۇنىڭ بىلەن»، «شۇنىڭ بىلەن بىللە»، «شۇنىڭ بىلەن بىرگە»، «شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا» قاتارلىق ئالماش بىرىكمىلىرى شەكلىدە كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن:

(52) ئاردىن نەچچە يىل ئۆتتۈپ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققىنىمدا، ئۇمۇ يېزىدىن ئوقۇشقا كەلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز بىر سىنىپتا بولۇپ قالدۇق.
(«تارىم»).

(53) ئەلۋەتتە ئۇنىڭغا يار ـ يولەكتە بولۇش كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ يەردە ئىلىشا تاغا بىلەنمۇ كورۇشۇش مۇمكىن.
(«كۇرەشچان يىللار»).

(54) ئۇ، خوشنا دولەتكە قېچىپ كېتىۋېتىش سەپىرىدە تۇتۇۋېلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئۇنىڭ ئۈچ نەپەر مۇھاپىزەتچىسىمۇ تۇتۇۋېلىندى.
(«شىنجاڭ گېزىتى»).

يۇقۇرىدىكى مىساللاردىكى «بىلەن» ئارقىلىق باغلىنىپ تۈزۈلگەن ئالماش بىرىكمىلىرى بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە ئاساسەن مۇرەككەپ جۈملە تەركىۋىدىكى ئاددى جۈملىلەرنى باغلاش ئۇچۇن خىزمەت قىلىدۇ. شۇنداقلا جۈملە ئىچىدە تۈرلۈك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ، «شۇنىڭ بىلەن» بىرىكمىسى ئاساسەن ئالدىنقى جۈملىدە ئېيتىلغان مەنىنى ئومۇملاشتۇرۇش، خۇلاسىلاش، نەتىجىلەش، سەۋەپ قىلىپ كورسىتىش، تەكىتلەش قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ ۋە كوپىنچە مۇشۇنداق مەنا ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەرنىڭ باش تەرىپىدە كېلىدۇ.

«شۇنىڭ بىلەن بىللە»، «شۇنىڭ بىلەن بىرگە»، «شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا» قاتارلىقلار جۈملىدە ئاساسەن ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلىپ، ئالدىنقى جۈملىدىكى ئىش ـ ھەرىكەت، ھادىسىلەرنىڭ كېيىنكى جۈملىدىكى ئىش ـ ھەرىكەت، ھادىسىلەر بىلەن بىر ۋاقىت ئىچىدە مەۋجۇتلۇغى، پەيدا بولغانلىغى ياكى ۋاقىت جەھەتتىن يېقىنلىغى ھەمدە ئالدىنقى جۈملىنىڭ مەنىسىنى تەكىتلەش، كۈچەيتىش قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ ياكى مۇشۇنداق مەنا ئىپادىلەيدىغا جۈملىلەرنى ئۆز ئارا باغلاپ كېلىدۇ. بەزىدە «ۋە»، «ھەم»، «ھەمدە» قاتارلىق بىرىكتۈرگۈچى باغلىغۇچىلار بىلەن ئالمىشالايدۇ (يۇقۇرىدىكى مىساللارغا قاراڭ). «شۇنىڭ بىلەن بىللە»، «شۇنىڭ بىلەن بىرگە»لەر بەزىدە بىر ئاددى جۈملە ئىچىدىكى تەڭداش بولەكلەرنى ئۆز ئارا باغلاپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن:

(55) گوۋۇيۈەن 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنىدىن باشلاپ، خىمىيىۋى تالا توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى بىر قەدەر زور ھەجىمدە چۈشۈرۈشنى شۇنىڭ بىلەن بىللە پاختا توقۇلما بۇيۇملىرىنىڭ باھاسىنى مۇۋاپىق ئوستۇرۇشنى قارار قىلدى.
(«شىنجاڭ گېزىتى»).

2. يۇقۇرىدىكىلەردىن باشقا، بۇ خىل ئالماش بىرىكمىلىرى جۈملىدە تۈرلۈك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ خىل ئالماش بىرىكمىلىرىنىڭ مەنىسى باغلىغۇچى

بولۇپ كەلگەن ئالماش بىرىكمىلىرىگە قارىغاندا بىر قەدەر كونكرېت بولۇپ، «بىلەن» تىركىلىپ كەلگەن باشقا بىرەر مۇستەقىل سۆز ئورنىغىلا ئالمىشىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، شۇشەيئى، ھادىسىنىلا كۆرسىتىش رولىنى ئوينايدۇ. شۇڭا ئىپادىلىگەن مەنىسى كونكرېت، جۈملىدىكى ئورنى مۇستەھكەم بولىدۇ. مەسىلەن:

(56) ئۇ بىر ئالدامچى تۇرسا، شۇنىڭ بىلەنمۇ دوست بولامسەن؟

(ھەركەت ئوبيېكتى)

(57) مەن يېقىندا بىر يېڭى قەلەم سېتىۋالغان ئىدىم، بۇخەتنى شۇنىڭ بىلەن يازدىم. (ۋاستە مەنىسىدە)

(58) ئابلىمىت روزى بىلەن بەك يېقىن ئۆتىدۇ، ئۇ دائىم شۇنىڭ بىلەن بىللە يۈرىدۇ. (ئوملۇك مەنىسىدە)

يۇقۇرىدا «بىلەن» نىڭ جۈملە ئىچىدىكى مەنىلىرى ۋە رولى «پايدىلىنىش خەۋىرى» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى. سەۋىيەمنىڭ ۋە پايدىلانغان ماتېرىياللارنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن، ماقالىدا مۇۋاپىق بولمىغان جايلارنىڭ بولۇشى تەبىي. كىتابخانلارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن.

## ئىزاھلار:

① «تۈركى تىللار دىۋانى» 1 - توم، 561 - بەت.

② قەدىمقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا «ن» قوشۇمچىسى بەزىدە «بىلەن» بىلەن ئوخشاش مەنىدە قوللىنىلغان. مىسالدىكى «كۆزۈن» سۆزى «كۆز بىلەن» دېگەن مەنىدە كەلگەن.

③ «چاغتاي تىلى، دىكى ئەرەبچە - پارسچە ئېلېمېنتلار ھەققىدە» 19 - بەت، ئابدۇرۇپ پولات.

④ «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» 1980 - يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، نەسىرۇللا يولبولدى.

⑤ «شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژورنىلى» 1982 - يىللىق قوشۇمچە سان (ئاسپىرانتلارنىڭ دىسسېرتاتسىيە توپلىمى) دىكى مۇھەببەت قاسىم يازغان ماقالىنىڭ «ئىسىم + تىركەلمە سۆز بىرىكمىلىرى» قىسمىغا قارالسۇن.

⑥ ۋاستىلىق تولدۇرغۇچىنى بەزىلەر «تولۇقلىغۇچى»، بەزىلەر «ھالەت»، ۋە بەزىلەر بولسا «ئېنىقلىغۇچى» دەپ ئاتىماقتا. بىز بۇ ماقالىدا كونا نام «ۋاستىلىق تولدۇرغۇچى» بويىچە ئاتىدۇق.

⑦ «تۈركى تىللار دىۋانى» 1- توم، 248 - بەت.

⑧ «تىل ۋە تەرجىمە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2 - سان 11 - بەت.

⑨ «X» ھەركەتنامى — «ش، ش، ئۇش، ئۈش» قوشۇمچىلىرىدا ئاخىرلاشقان ھەركەتناملىرىنى كۆرسىتىدۇ.

⑩ «بەس - بەس بىلەن»، «ئالدى بىلەن»، «نەۋۋەت بىلەن» قاتارلىقلار شىنجاڭ داشۆي تۈزگەن «ئۇيغۇرچە - خەنزۇچە لۇغەت» (سىناق نۇسخىسى) تە رەۋىش دەپ ئېلىنغان.



AltunOq

# قىزىل مىڭ ئۆيى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە

ئابلىز مۇھەممەت سايرامى

«مىڭ ئۆي»، «قالماق ئۆي»، «ھوجرا»، «ئۆيما كېمىر»، «گۈللۈك كېمىر» دېگەن ناملار بىلەن ئاتىلىپ كەلگەن قىزىل مىڭ ئۆيى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىن قالغان قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىغىنىڭ گۈل تاجىسى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

تەڭرى تاغلىرىنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىي ئېتەكلىرىدىكى مىڭ ئۆي سىستېمىسىنىڭ يۈرىكى بولغان قىزىل مىڭ ئۆي تىزمىسى باي ناھىيە قىزىل گۇڭشېسىنىڭ 10 كىلومېتىر جەنۇبىدىكى قىزىل — مۇزات دەرياسىنىڭ شىمالىي قىرغاقلىرىغا جايلاشقان بولۇپ، تاققا ئويۇپ ياسالغان. ھازىرمۇ ئۇ يارىشىملىق مىللىي تۈسلىرى بىلەن قەد كۆتىرىپ، ھەممە كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا. بۇ مىڭ ئۆي شىنجاڭ خەلقىنىڭ، ئالدى بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن پۈتمەس - تۈگىمەس مول مەدەنىي مىراسىدۇر.

مەلۇمكى، ئەمگەكچان، ئاقكۆڭۈل ۋە باتۇر ئۇيغۇر خەلقى ۋەتىنىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىگە ئوخشاشلا ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغا سوزۇلغان تارىخىي جەريانلارنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن، تۈركىي خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن مىللەت بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. پىروفېسسور ئا. ف. ياكوۋىسكى ئۆزىنىڭ «9 -، 10 - ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ھەم تۇرپان قەبىلىلىرى توغرىلىق ئەرەبى، پارىسى ھۆججەتلەر» ناملىق ئىلمىي ماقالىسىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇيغۇرلارنىڭ كۆپچىلىك قىسمى باشقا تۈركىي خەلقلەردىن ئاۋالراق ئولتۇراقلىشىپ دېخانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنداقلا، باشقىلاردىن خېلى بۇرۇنلا شامانىزىمدىن ئالاقىسىنى ئۈزۈپ، دەسلەپ قىلىپ، مانى ئېتىقادىنى قوبۇل قىلغان، كېيىن بۇددىزىمغا ئېتىقات قىلغان. جۈملىدىن، باشقا تۈركىي خەلقلەرگە نىسبەتەن ئاۋال ئۆزىنىڭ يېزىغىنى ياراتقان، خەنزۇ خەلقلىرى بىلەن ماۋەرەئۇننەھىر ئارىلىغىدا ياشىغۇچى مىللەتلەرنىڭ ئارىسىدا ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلەردىن بولۇپ كەلگەن»، دەيدۇ. دېمەك، قەدىمقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرى شەرقتە ھازىرقى موڭغۇلىيىدىن غەرپتە بالقاش كۆلىگىچە، شىمالدا ئېرتىش

دەريا بويلىرىدىن جەنۇپتا ھىندىستانغىچە بولغان مۇشۇ كەڭ زېمىندا ياشاپ، مىلادىدىن كۆپ ئەسىر بۇرۇنلا ئۆز دەۋرىگە يارىشا ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتلەرنى ياراتقان مىللەت ئىدى. بىزنىڭ قەدىمقى ئەجداتلىرىمىزنىڭ ياشاپ كەلگەن مۇشۇ كەڭ زېمىنلاردىكى باغۇ - بوستانلىقلىرىنى، چۆل، جەزىرىلىرىنى، بىپايان سەھرالىرىنى، دىخانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئەمگەك پائالىيەتلىرىنى، شۇنداقلا بەزمە - ناۋا، جەڭ...... لاردىن ئىبارەت بىر قاتار ئىجتىمائىي، مەدەنىي پائالىيەتلىرىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، تامغا سىزىلغان رەسىملەر بىلەن تولغان قىزىل مىڭ ئۆيى، ئۇنىڭ گۇۋاچىسى ھەم جانلىق ئەمەلىي پاكىتىدۇر. ئەگەر بىز قىزىل مىڭ ئۆيىدىكى گۈزەل سەنئەت جەۋھەرلىرىگە قارايدىغان بولساق ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي، مەدەنىي تۇرمۇشى، كىيىم فورمىسى، پسىخولوگىيىسى، قىزغىن ئەمگەك، قايناق مۇھەببەت تەسۋىرلىرى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن بولىدۇ. شۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، قىزىل مىڭ ئۆيى قەدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ قان - تەر بەدىلىگە بەرپا بولغان بۈيۈك مەدەنىيەت غەزنىسىدۇر. چۈنكى ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردە 3 چوڭ دىن، يەنى بۇددا دىنى، خىرىستىيان دىنى، مانى دىنى ۋە ئىسلام دىنى، 3 چوڭ مەدەنىيەت، يەنى قەدىمقى جۇڭگو مەدەنىيىتى، قەدىمقى ھىندى مەدەنىيىتى ۋە قەدىمقى يۇنان مەدەنىيىتى بىر بىرى بىلەن ئۇچراشقان مەدەنىيەت تۈگۈنىدە ياشىغانلىقى ئۈچۈن ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەتتە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يۇقىرى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قىزىل مىڭ ئۆيىگە ئوخشاش كۆز قاماشتۇرىدىغان ئىسىل مەدەنىيەت مىراسلىرىنى بىزگە قالدۇرۇپ كېتەلىگەن ئىدى.

بىزنىڭ بۇ مەدەنىيەت مىراسلىرىمىز ئەجداتلىرىمىزنىڭ چەكسىز تىرىشچان، ئەمگەكچان، ئەقىل-پاراسەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىزنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتىمىز توغرىسىدا ياۋروپا ۋە ئامېرىكا ئالىملىرىدىن فونتېپلىلى، مورگان قاتارلىقلار: "بۇ قەدىم مەدەنىيەتنىڭ بۇنىڭدىن 11 مىڭ يىل بۇرۇن بارلىقىنى (شۈبھىسىز) ئىسپات بولدى"، "مەدەنىيەت تارىخچىلىرىنى مۇشكۈلاتقا قويىدىغان، تېخى ھېچبىر ئېچىلمىغان بىر سىر بار، ئۇ بولسىمۇ ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ بۇرۇنقى يەردىن باشلانغانلىقى ھەققىدىكى تەتقىقات، بۇ مۇشكۈلاتنى ئاچىدىغان ئاچقۇچ تۈرك يۇرتىدۇر، مىلادىدىن 9 مىڭ يىل بۇرۇنقى تۈرك مەدەنىيىتىنىڭ بىرقانچە زاماندىن كېيىن يوقاپ كەتكىنىنى كورۇپ دەۋا قىلغۇچىلار (ئىشەنمىگۈچىلەر) خاتالىشىدۇ" دەپ يېزىشقان ئىدى①.

قىزىل مىڭ ئۆيىمۇ ئەنە شۇ مەدەنىيەتنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، شىنجاڭدا بۇددىزىم ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى تارىخىي يادىكارلىق. بۇ بىزگە بۇددىزىم-

نىڭ شىنجاڭدىكى ئەھۋالىنى، شىنجاڭ خەلقىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىي مىراسلىرىنى تەتقىق قىلىشتا چوڭ بىر ماددى ئاساس بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

ئەپسۇسكى، خىلمۇ - خىل تارىخىي، ئىجتىمائى، سىياسى سەۋەپلەر بىلەن مانا شۇنداق باي مەنبەگە ئىگە بولغان مىڭ ئۆي تېمىلىرىنىڭ ئۇ ياكى بۇ مەسىلىلىرىگە ئائىت بولغان تېمىلار ئۈستىدە ئازدۇر - كوپتۇر تەكشۈرۈشلەر، تەتقىق قىلىشلار ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ گۈزەل سەنئەت فورمىسى، ھەيكەلچىلىكى، ئويما رەسىم - نەققاشچىلىغى، زىبۇ - زىننەتچىلىكى ۋە قايسى جاينىڭ قايسى دەۋرگە مەنسۇپلىكى ھەققىدە خەلقىمىزنى ئاز بولسىمۇ قانائەتلەندۈرگىدەك بىرەر پارچە ئەسەر ياكى كىتاپلار يېزىلىپ چىقمىدى. بۇ جەھەتتىكى تارىخىي ماتېرىياللار ھېلىمۇ چېچىلاڭغۇ، خام ھالدا تۇرماقتا. بۇ ئېچىنارلىق ئىش، ئارخېئولوگىيە ۋە تارىخشۇناس خادىملارنىڭ ئالدىدا ئېغىر ۋە شەرەپلىك تارىخىي ۋەزىپە بولۇپ تۇرماقتا. ھازىر بۇ توغرىلىق تولۇق ۋە ئىشەنچلىك تارىخىي يازما يادىكارلىق يوق. پەقەت خەلق ئاغزىدىلا تۈرلۈك ئىشەنچلىك بولمىغان رىۋايەتلەر ساقلىنىپ كەلمەكتە. رىۋايەت — ئۇ پەقەت رىۋايەتتىنلا ئىبارەت خالاس. ماركس بۇ خىل رىۋايەتلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىدى: «ئۇلار ئىنسانلار خىيالىدا ئاڭسىز ھالدا بەدىئى ئۇسۇل بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن، تەبىئەت ۋە ئىجتىمائى ھادىسىلەرنىڭ قەدىمقى كىشىلەر ئاغزىدا، ئومۇملۇك ھالدا بارلىققا كەلگەن ئىجادىيىتى. ئۇ قەدىمقى ئىنسانلارنىڭ كائىناتنى چۈشەندۈرىدىغان، ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئىرادىسى ۋە غايىسى، شۇنىڭدەك ئىجتىمائى ئىدىئولوگىيىلىك ئۆزگىرىشى ۋە رىۋاجلىنىشىدىن ئىبارەت»②. «رىۋايەت ھېساپسىز ۋە خىلمۇ - خىل رىئال زىددىيەتلەرنىڭ بىر بىرىگە ئۆزگىرىشلىرى بىلەن تەسىرلەنگەن كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ خىيالىنىڭ سەمەرىسىدۇر»③. دېمەك رىۋايەتلەرنىڭ ئاساسى مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەسىلىنى ئېنىقلاش نۇرغۇنلىغان ئىلمىي پاكىت ۋە ئىلمىي مۇنازىرىلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. قىزىل مىڭ ئۆينىڭ قاچان ۋە كىم تەرىپىدىن ياسالغانلىغىنى ئېنىقلاش ۋە تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، بۇ مىڭ ئۆينىڭ بەرپا قىلىنىشىغا چەمبەر چاس باغلانغان ۋە بىۋاستە سەۋەپچى بولغان بۇددا دىنىنىڭ مۇشۇ جايلارغا قاچان تارقالغانلىغى ئۈستىدە ئايرىم ۋە ئالاھىدە توختىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

× × ×

بۇددىزىم مىلادىدىن بۇرۇنقى 6 - ئەسىرلەردە ساكيامونى (siddhartha Gautamo) تەرىپىدىن ئوتتۇرا ھىندىستاندا مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، پەيدىن-

پەي پۈتۈن ھىندىستان دائىرىسىدە ئومۇملاشتى. مىلادىدىن بۇرۇنقى 245 ـ يىلى،
ھىندىستاننىڭ مائۇرىيا (Maurya) خانىدانلىقىنىڭ (مىلادىدىن بۇرۇنقى
322 ـ 185 ـ يىللار) پادىشاسى ئاسوكا (Asoka) ئەتراپىدىكى دۆلەتلەرگە ئەلچى ـ
راھىبلارنى ئەۋەتىپ، بۇددا دىنىنى تەشۋىق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە، يەنى مىلادى-
دىن بۇرۇنقى 243 ـ 217 ـ يىللىرى، غەرپتىن شىلىبىن، يىلپاك قاتارلىق 18 كىشى
سانسكرىت (ئەنەتكەك) تىلىدىكى بۇددا نوملىرىنى ئېلىپ جۇڭگوغا كەلگەن⑤. بۇ-
لارمۇ ئاسوكا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەنمۇ ـ قانداق بۇ نامەلۇم، لېكىن يىل دەۋرى
ئېتىۋارى بىلەن ئېيتقاندا، شۇلار ئىكەنلىكىدە ئانچە گۇمان يوق⑥. «جۇڭگو بۇد-
دىزمى» ناملىق كىتاپتا («سىرامان تارىخىي خاتىرىلىرى» 1 ـ جىلد)
(僧史略上卷)دىن نەقىل كەلتۈرۈپ: «ھىندىستان ۋە غەربىي رايون بۇددىس-
لىرى جۇڭگوغا كېلىپ بۇددا دىنىنى تەشۋىق قىلغان»⑦ دەپ يازىدۇ. خۇددى گىلىڭ
شىبىن ئېيتقاندەك بۇددا دىنىنىڭ شەرققە تارقىلىشىدا شىنجاڭ يوتكەپ تارقىتىش
پونكىتى بولۇپ رول ئوينىغان⑧. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاسوكا پادىشا ئەۋەت-
كەن 18 كىشى شىنجاڭغا كېلىپ، ئاندىن شىنجاڭ بۇددىسلىرى بىلەن بىرگە ئىچكى
ئۆلكىلەرگە بارغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. چۈنكى، «يىپەك يولىدا يول ئازاۋى تار-
تىپ سەپەر قىلغانلار يالغۇزلا سودا كارۋانلىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى دىن تار-
قىتىشقا ئىرادە باغلىغان راھىب ـ روھانىلارمۇ مۇشۇ يول بىلەن ماڭغان»⑨. شۇ-
نىڭ ئۈچۈنمۇ ئېلىمىز يىپەكلىرىنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 ـ ئەسىرلەردە ھىندىس-
تان بازارلىرىدا سېتىلغانلىقى⑩ غەرپ بىلەن شەرقنىڭ قەدىمدىنلا ئالاقىسىنىڭ
قويۇق بولغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇرىدۇ.

ياپونىيە تارىخچىسى يۈيتيەنخىڭمۇ «غەربىي رايون مەدەنىيەت تارىخى»
ناملىق كىتاۋىدا: «مىلادىدىن بۇرۇنقى 2 ـ ئەسىردىن ئىلگىرى بۇ جايلاردا بۇددا
دىنى تارقالغان، غەرپ مەدەنىيىتىنىڭ شەرققە تارقىلىشىدا ئىچكى ئۆلكىلەرگە
كىرىشتىن ئاۋال غەربىي رايونغا تارقالغان. بۇنى ئالاھىدە ئەھۋالدىن تاشقىرى
تەبىي ھادىسە دەپ قاراشقا بولىدۇ»⑪ دەيدۇ. ئۇيغۇرشۇناس فىڭجياشىڭمۇ بۇددا
دىنى ئەڭ دەسلەپ شىنجاڭغا كىرگەن، ئاندىن پەيدىن ـ پەي ئىچكى ئۆلكىلەرگە
كىرگەن، خەنزۇلاردىكى نوم ـ سوتىرىلارمۇ بىۋاستە ھىندىستاندىن كىرمىگەن، بەلكى
شىنجاڭ ئارقىلىق كىرگەن⑫. دەيدۇ. «ۋېي خاتىرىلىرى، غەربىي رۇڭلار تەزكىرى-
سى»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا ئۇزۇپ ئېيتالايمىزكى، بۇددا دىنى ئەڭ دەس-
لەپ غەربىي دىيارغا تارقىلىپ، ئاندىن ياۋچىلار ئارقىلىق غەربىي خەن سۇلالىسىدا
ئىچكى ئۆلكىلەرگە كىرگەن. چۈنكى غەربىي خەن دەۋرىدە تارىم بوستانلىق-
لىرىدىكى يىپەك يوللىرى ئاللىقاچان ئېچىلغان. ھىندىستاندىن ئوتتۇرا ياۋروپاغا

تارقالغان بۇددا دىنى مۇشۇ يىپەك يولى ئارقىلىق شەرققە تارقالغان⑬. تارىخشۇناس ليۇشىگەنمۇ بۇددا دىنى ئۈستىدە توختىلىپ: «قەدىمقى كۇسەن دۆلىتىنىڭ شىمالىي سۇك بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى بار ئىدى. بۇددا دىنى كۇسەن دۆلىتى ئارقىلىق ئىچكى جۇڭگوغا تارقالغان، جۇڭگو مەدەنىيىتى كۇسەن ئارقىلىق ھىندىستانغا تارقالغان بولغاچقا، كۇسەن دۆلىتى جۇڭگو – ھىندىستان ئىككى دۆلەتنىڭ بىر بىرىنى چۈشىنىشىدە، ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىدە ۋە مەدەنىيەت، دىن ئالماشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رولىنى ئوينىغان ئىدى، ئۇلار خەن دەۋرىدىلا بۇددا دىنىغا ئېتىقات قىلغان ئىدى.»⑭ دەيدۇ.

يۇقۇرقىدەك تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسەن خۇلاسە قىلغاندا، شىنجاڭ خەن دەۋرىدىن بۇرۇن باشلانغان مەشھۇر يىپەك يولىنىڭ كۆۋرۈكى ۋە تۈگۈنى بولغانلىقىدا شۈبھە يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، تەخمىنەن مىلادىدىن بۇرۇنقى 200 – يىللارنىڭ ئالدى – كەينىدە خوتەن، كۇچارلاردا بۇددا دىنى رەسمىي ماكانلاشقانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن تەدرىجى ھالدا شەرققە تارقالغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش مۇمكىن.

× × ×

قىزىل مىڭ ئۆي سەنئىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ موجىزىسى. بۇ مۆجىزە، مىلادىدىن بۇرۇن 2 – ئەسىردىن باشلاپ، پەيدىن – پەي ياسىلىشقا باشلىغان، بۇنىڭدىكى رەسىم ۋە ھەيكەللەرنىڭ تۈرى ھەم مەزمۇنى خىلمۇ – خىل، ئۇنىڭدا بۇددا تەلىماتىدىكى ھېكايىلار، جەننەت ۋە دوزاق ھەققىدىكى تەسەۋۋۇرلار، تەڭرىلەر ئوبرازى، كىشىلەرنىڭ پائالىيىتى ۋە تەبىئەت مەنزىرىلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

ئەپسۇسكى، بۇ قىزىل مىڭ ئۆيى گۆھەرلىرى بىلەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى گۈزەل سەنئەت جەۋھەرلىرىنىڭ كۆپ قىسمى زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، بولۇپمۇ ئەرەپلەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشلىرى ھەم ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىپ كىرىشى نەتىجىسىدە بۇزۇلۇپ ۋەۋەيران بولۇپ كەتكەن. بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ئازبىر قىسمى بولسا ئۆزىگە خاس مىللىي شەكىللىرى ۋە تەبىي گۈزەللىكى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن تەسەۋۋۇر قىلىپ بولغۇسىز باي ئىجادىي مىراسلىرى سۈپىتىدە نامايەن بولۇپ تۇرماقتا.

ھازىر شىنجاڭدا قىزىل مىڭ ئۆيدىن باشقا، يەنە تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇپ، شىمالىغا جايلاشقان تېيتىر مىڭ ئۆيى (بايدا)، ئونباش مىڭ ئۆيى (بايدا)، قىزىلقاغا مىڭ ئۆيى (كۇچاردا) سىم – سىم مىڭ ئۆيى (كۇچاردا)، مازاربېغى مىڭ ئۆيى (كۇچاردا)، قۇمتۇرا مىڭ ئۆيى (كۇچاردا)، سىڭگىم مىڭ ئۆيى (تۇرپاندا)، بىزەكلىك مىڭ ئۆيى (تۇرپاندا)، يارغۇل مىڭ ئۆيى (تۇرپاندا)، شىكشىن مىڭ ئۆيى (بايىنغولىندا) قاتارلىق ئاز



AltunOq

بولمىغان مىڭ ئۆي تىزمىلىرى بولسىمۇ، لېكىن يىل دەۋرى، مەزمۇنى ۋە ئالاھىدى-
لىكى جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇلارنىڭ ئىچىدە قىزىل مىڭ ئۆينىڭ دەۋرى
ئەڭ بۇرۇن، مەزمۇنى مول، ئۆيلەرنىڭ سانى كۆپ بولۇپ، ھازىرغىچە بىر قەدەر مۇ-
كەممەل ساقلىنىپ قالغان ئۆيلەر جەمى 743 ئېغىز، نومۇر سېلىنغان ئۆيلەرنىڭ سا-
نى 230 دىن ئاشىدۇ. بۇ ئۆيلەر قىزىل - مۇزات دەرياسىنىڭ قىرغىقىدىكى تاغلار-
نىڭ ئەڭ ئېگىز، ئەڭ گۈزەل جايلىرىغا مېتىن (جوتۇ) بىلەن ئويۇپ ياسالغان بو-
لۇپ، 13 خىل فورمىدا ئىنتايىن سىلىق ۋە گۈزەل ئىشلەنگەن. ئۆيلەر ئاساسەن
7 خىل رەڭدىكى (قىزىل، سېرىق، ئاق، كۆك، يېشىل، ھال، بېغىرەڭ) گۈل - نە-
قىشلەر ۋە رەسىملەر بىلەن زىننەتلەنگەن. ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر خەلقى، بولۇپ-
مۇ قەدىمقى كۇسەنلىكلەرنىڭ زىننەت بۇيۇملىرى ياساشتا پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا
ھىندىستان ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردىمۇ شۆھرەت قازانغانلىقى جۇڭگو، چەتئەل تارىخى
يازمىلىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ، خۇي چاۋنىڭ «كۇمراجىۋا تەزكىرىسى»
(库摩罗什传) دە كۇچار خانلىق قەسىرىنىڭ نەقىش - بېزەكلىكى، بۇددا ھەي-
كەلچىلىكى ۋە زىبۇ - زىننەتچىلىكى ھەققىدە، جۈملىدىن كۇمراجىۋانىڭ ئالتۇندىن
ياسالغان، شىر سۈرەتلىك دىۋاندا ئولتۇرۇپ نۇتۇق سۆزلەيدىغانلىقى ھەققىدە مە-
لۇمات بەرگەن. «ۋېينامە 102 - قىسىم غەربىي رايون تەزكىرىسى»دە كۇچار شەھرى-
نىڭ توت تەرىپى 6 - 5 يول كەڭلىكتە ئىكەنلىكى ۋە كۇچارلىقلارنىڭ زىننەت بۇيۇم-
لىرى، مەدەنىيىتى تەسۋىرلەنسە، يۈي خۇەن يازغان«ۋېي خاتىرىلىرى. غەربىي رۇڭلار
تەزكىرىسى» (魏略西戎传) دە كۇسەنىنىڭ ئاجايىپ گۈللەنگەن كۇچار شە-
ھەرمەدەنىيىتى سۆزلىنىدۇ. «جىننامە، توت تەرەپ ياقا خەلقلەر تەزكىرىسى» دە
كۇچارنىڭ 3 قات سېپىل قەلئەسى (شەھەر قەلئەسى، ئوردا سېپىلى، ھەرەم سېپىلى)
بارلىقى، بۇتخانا مۇنارلىرىنىڭ مىڭغا يېقىنلىقى يېزىلغان. راھىپ شۈەنجاڭ ياز-
غان «ئۇلۇغ تاڭ دەۋرىدە غەربكە ساياھەت» (大康西域记) ناملىق كىتابتا
كۇچار ھەققىدە توختىلىپ: «كىلىماتى موتىدىل، ئورپ - ئادىتى نەپىس، كىمخاپ ۋە
بوزدىن كىيىم كىيىشىدۇ، زىبۇ - زىننەت ئىشلىتىدۇ، چاچ كېسىپ، دوپپا كىيىپ،
رومال سالىدۇ، ئالتۇن كۈمۈش ۋە مىستىن پۇل ئىشلىتىدۇ...... دەپ يازىدۇ. ئۇنىڭ-
دىن باشقا، «جىننامە»نىڭ «كۇچار تەزكىرىسى». يېڭى تاڭنامە. 221 - قىسىم «كۇچار
تەزكىرىسى»، «لۇيگۇاڭ تەزكىرىسى» ۋە سۈيخۇاڭ يازغان «16 خانلىق تارىخ»
قاتارلىق كىتابلاردا كۇچار مەدەنىيىتى ھەققىدە كۆپ مەلۇماتلارنى بەرگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، قەدىمقى كۇچار شىنجاڭ مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسلىق بىر
بۆلىكى سۈپىتىدە تۇرمۇشنى ۋە تۈرلۈك ئەپسانىلارنى گۈزەل تىزما سۈرەت شەكلى-
دە ئىپادىلەش ماھارىتى بىلەنمۇ ئالەمشۇمۇل شۆھرەت قازانغان. بۇنىڭ شانلىق
نامايەندىسى بولغان قىزىل مىڭ ئۆي تىزمىلىرى قەدىمقى بەدىئىي تەسەۋۋۇر ۋە

بەدىي ماھارەتنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە مىلادىدىن ئاۋالقى 2 ـ ئەسىرلەردىن باشـ
لاپ تا ھازىرغىچە ئۆزىنىڭ كۆچىنى يوقاتماي كېلىۋېتىدۇ.

ئەپسۇسكى، نەچچە مىڭ يىللار جەريانىدا ئىجات قىلىنغان مۇشۇنداق مول مەدەنىي مىراسلار كېيىنكى مىڭ يىل ئىچىدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي ئۆزگىرىشلەر جەريانىدا ئاساسەن يوقالدى. بولۇپمۇ دىنىي ئۇرۇشلار ۋە ئېتىقات يېڭىلىنىشىنىڭ قۇربانى سۈپىتىدە سۇنئىي يوق قىلىنىشلار، كۆيدۈرۈشلەر ۋە بۇزۇپ ـ چېقىشلار بىلەن ھەتتاكى ئىزىمۇ قالماسلىق دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن. قانداقتۇ موجىزە خاراكتېرلىق سەۋەپلەر بىلەن ئۇ يەر ـ بۇيەرلەردە قالغانلىرىمۇ چەتئەل «ئارخېولوگ» لىرى ۋە «تۇركلوگ» لىرىغا ئوخشاشلار تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلگەچ، مول مىراسلار بىزنىڭ قولىمىزدا ئەمەس. بۇ بىزنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋەمىڭ ئويي تەتقىقاتى ئۈچۈن تەبىي يوسۇندا بىر مۇنچە قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مۇشۇ ئاجىز نۇقتىلىرىمىزدىن پايدىلىنىپ، بەزى چەتئەللىك تەتقىقاتچىلار قانداقتۇرقىزىل مىڭ ئويي فورمىلىرىنى «چەتئەلدىن كىرگەن»، «چەتئەللىكلەر ياسىغان» دەيدىغان بىمەنا سوزلەر بىلەن بۇ مىڭ ئويلەرنىڭ نەچچە ئەسىرلىك مەدەنىيەت تارىخىنى بۇرمىلىدى، ھەتتا ئۇلار تەپ تارتماستىن ئوغرىلاپ ئېلىپ كەتكەن مەدەنىي بۇيۇملىرىمىزنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىپ، «ياۋروپالىقنىڭ» دىگەن تېتىقسىز سوزىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەسىلەن: نېمىس سەيياھى لىكوك (bccog) 1902 ـ يىلى شىنجاڭغا كېلىپ كۇچار ۋە باي قىزىل مىڭ ئويلىرىنى تەكشۈرگەندىن كېيىن، «كۇچار — قىزىل مىڭ ئويلىرى ۋىزانتىيە ئۇستىلىرىنىڭ قولىدا ياسالغان بولۇشى مۇمكىن» دىگەن تېتىقسىز پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە بۇ پەرەزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قىزىل مىڭ ئويدىكى گالىستۇك تاقىغان بىر كىشى تەسۋىرلەنگەن 104 ـ نومۇرلۇق رەسىمنى ئىسپات قىلىپ كورسەتتى. دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان ئالىملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا، گالىستۇك تاقاش ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيىتى بولۇپ، 17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردە ياۋروپاغا ئومۇملاشقان. 104 ـ نومۇرلۇق رەسىمدىكى گالىستۇك تاقىغان ئادەم شەك ـ شۈبھىسىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجداتى بولۇپ، لىكوكنىڭ ئۇنى ياۋروپالىقلارغا ئوخشىتىشى ھەمدە كۇچار قىزىل مىڭ ئويلىرىنى ۋىزانتىيە ئۇستىلىرى ياسىغان دىگەن پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويۇشى پۈتۈنلەي ئاساسسىز.

بۇ يەردە شۇنىمۇ كورسىتىپ ئوتۇشكە توغرا كېلىدۇكى، ئىلگىرى بەزى تارىخچىلار ۋە سەنئەت تەتقىقاتچىلىرى قىزىل مىڭ ئويي ۋە بۇتخانا رەسىملىرىنى تىلغا ئالغاندا، كوپىنچە بۇ سەنئەتنى گىرىك ياكى ھىندى سەنئىتى دىيىشتى. بۇلارنى ئۇيغۇرلار ۋە باشقا مىللەتلەر بىلەن باغلاشنى خالىمايتتى، چەتنەپ ئوتۇپ كېتەتتى. ئەمەلىيەتتە بۇ جايدىكى رەسىملەرنى كورگەن بىزنىڭ خەلقىمىز بۇ رەسىملەردىكى نۇرغۇن ئۇرپ ـ ئادەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ياكى باشقا ئاز سانلىق مىللەتـ

لەرنىڭ ئورپ ـ ئادەتلىرى بىلەن ئوخشاشلىقىنى ھەس قىلىدۇ. مەسىلەن: بىر يۇقۇرىدا تىلغا ئالغان قىزىل مىڭ ئويىدىكى 104 ـ نومۇرلۇق گالىستۇك باغلىغان رەسىمنى مىسالغا ئالساق، ھازىرمۇ بىر مۇنچە ئۇيغۇر يېزىلىرىدا تا ھازىرغىچە توي كۈنلىرى يىگىتنىڭ بوينىغا ياغلىق باغلايدىغان، ياغلىقنى چىڭ تۈگۈپ قويۇپ تويى كېچىسى قىزغا يەتكۈزىدىغان ئادەتلەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. يەنە بەزى تام رەسىملىرىدە چاچلىرى 30 ـ 40 تال قىلىپ ئورۇلگەن قىزلارنىڭ كورۇنۇشى تەسۋىرلەنگەن، بۇمۇ تا مۇشۇ كۈنگىچە ئۇيغۇرلاردا (بولۇپمۇ كۇچار، قەشقەر تەرەپلەردە) داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئادەت. يەنە بەزى تام رەسىملەردە ئۇسۇل ئوينىپ، ساز چېلىۋاتقان كورۇنۇشلەرمۇ بار. بۇ، ھازىرقى جەنۇبىي شىنجاڭ يېزىلىرىدىكى «مەشرەپ» دەپ ئاتالغان كوڭۈل ئېچىش سەنئىتىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئىپادىسى. ئەخمەت زەكى: «قىزىل مىڭ ئويىدىن ئەنگلىيىلىك ئىستەيىن ئېلىپ كەتكەن رەسىمدىكىدەك كىيىملەرنى يەرلىك ئاھالە بۈگۈنمۇ كىيمەكتە ...... ھالبۇكى ئارىدىن مىڭ يىل ۋاقىت ئوتكەن» ⑮ دەيدۇ. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كوپ.

مىڭ ئويلەرنىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكىنى كورسىتىپ بېرىدىغان كورۇنۇشلەردىنمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ھازىرقى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىدىمۇ شۇ ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ساقلىنىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كوزگە چېلىقتۇرىمىز. ئوي ئىچكى تاملارغا ئويۇلغان تەكچە مەرەپلەر ۋە ئۇدۇل مورىلىق ئوچاقلار، ماراز ـ قەۋرىلەردە ياسالغان گۈمبەزلەر، مېچىت ـ مەدرىسىلەردە چىقىرىلغان ھەر خىل بورجەكلىك شەكىللەر ۋە باشقا شەكىللەرنىڭ ھەممىسى مىڭ ئويلەردە ئوز ئىپادىسىنى تاپقان.

ئىككىنچى، مىڭ ئويلەردىكى رەسىملەرنىڭ مۇتلەق كوپ قىسمى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇشى، ئورپ ـ ئادەتلىرى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. مەسىلەن: قارىما ياقىلىق ئالا چاپان كىيىپ ئوستىدىن پوتا (بەلۋاغ) باغلاش، ئەر ـ ئاياللارنىڭ يازلىغى ئوخشاشلايالاڭغىدەك يورۇشى، ئۇزۇن چاپاننىڭ پېشىنى تۇرۇپ كەتمەن چېپىۋاتقان دىخانلار، چېچىنى ئۇششاق ئورۇپ، دوپپا كىيىپ تاج بېكىتىۋالغان ئاياللار، ئۇيغۇر خەلقنىڭ قەدىمقى چالغۇ ئەسۋاپلىرىدىن بولغان چوڭ ـ كىچىك زىل، راۋاپ، قالون، جاق ـ جۇق، نەيلەر؛ بىر كىشى ئۇسۇل ئوينىغاندا باشقىلار ئۇنى چورىدەپ چاۋاك چېلىپ بېرىش قاتارلىق تەسۋىرى كورۇنۇشلەردىن ئىبارەت.

ئۇچىنچى، مىڭ ئويلەردىن تېپىلغان بەزى ئاسارە ـ ئەتىقە بويۇملىرىمۇ بىزنىڭ يۇقۇرىدىكى كوز قاراشلىرىمىزنى تېخىمۇ ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەسىلەن: كۇچار قۇمتۇرىدىكى مىڭ ئويدىن بىر تومۇر ئوغۇرىق، قىزىل مىڭ ئويدىن ئادەم ھەيكەلنىڭ باش تەرىپى، بىر پارچە جەندە (ھەر خىل لاتىلاردىن قۇراشتۇرۇپ تىكىلگەن

قۇراق چاپان) تېپىلغان. ئۆرىق ھازىرقى ئۇيغۇر خۇمدانلىرىدا ياسىلىدىغان سا-
پال ئۆرۈنقىلىرىغا ئوخشايدۇ. ھەيكەل ئۇيغۇر خەلقلىرىنىڭ فىزىئونومىيىسىنى كورسى-
تىپ بېرىدۇ، قۇراق ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا ھازىرغا قەدەر كىچىك باللارغا تى-
كىدىغان پوسما، تۇمار، چاپان ۋە كورپە - تەكى قاتارلىقلاردا داۋاملىق ئىشلىتى-
لىپ كەلمەكتە، يۇقۇرقىلاردىن بىز قىزىل مىڭ ئوينىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تا-
رىخىنى ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان بىردىن بىر تارىخىي يادىكارلىق ئىكەنلىكىنى
كورۇۋالالايمىز.

× × ×

قىزىل مىڭ ئويى پەقەت رەسىم، بۇت ۋە ھەيكەللەرگە
ئوخشاش گۈزەل سەنئەت جەۋھەرلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ھەر
ساھە - ھەرتۇردىكى قىممەتلىك بۇيۇملار بىلەن تولغان. قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقىدا،
كۇچار - سوغدا يېزىقلىرىدا يېزىلغان باغلام - باغلام قولىيازمىلار، دەپتەرلەر،
ئەخلەت ئارىسىدا چېچىلىپ ياتقان خەت - چەكلەر بۇنىڭ جانلىق گۇۋاچىسى.
شۇڭا، مەشھۇر تۇركشۇناس ۋېنگىر ئالىمى ۋوزىپ ئېورى: «ئۇيغۇرلار يېزىقىنىڭ
ئۇزۇن تارىخقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى قەدىمقى جۇڭگو، ۋىزانتىيە ۋە پارىس مەنبە-
لىرىدىن ئېلىنغان تارىخىي پاكىتلار ئىسپاتلايدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنلا
مۇكەممەل يېزىقى ۋە مۇستەقىل ئېلىپبەسى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ناھايىتى چىراي-
لىق ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق بەدىي ئەدەبىياتىمۇ مىلادىدىن بۇرۇنلا ۋۇجۇتقا كەل
گەن،...... ئۇلار مىلادىدىن مىڭ يىل بۇرۇنلا ئوزىگە خاس يىلنامىلارنى يارات-
قان»⑯ دەيدۇ. ھازىر مۇشۇنداق مول مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ زور كوپچىلىكى
ياۋروپا سەيياھلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ كېتىلىپ، دۇنيانىڭ مەشھۇر مۇزېيلىرىنى
زىننەتلەپ ياتماقتا. ئازاتلىقتىن كېيىن تېپىلغانلىرى بولسا ئاپتونوم رايونىمىز-
دىكى ۋە ئىچكى ئولكىلەردىكى مۇزېيلاردا ساقلىنىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ پارلاق
مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ گۈزەل نەمۇنىلىرى قاتارىدا يۇقۇرى باھالانماقتا. بۇ قولياز-
مىلار، ھەيكەللەر ۋە رەسىملەر مەزمۇن جەھەتتىن خەلق تۇرمۇشىنىڭ ھەممە ساھە-
لىرىنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە قەدىمقى كۇسەن - سوغدا يېزىقىدىكى بۇددا
دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى، شامان دىنىغا ئائىت يۇزلەرچە ئۇيغۇرچە
ئەسەرلەر (بۇلارنىڭ تولىسى باشقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان). ئۇيغۇرلارنىڭ
شۇ دەۋردىكى مۇھىم دىنلار ۋە ئۇلارنىڭ پەلسەپە، ئەدەبىيات - سەنئەت بايلىقلى-
رىدىن بەھرىمەن بولغانلىقىنى، تەپەككۇر جەھەتتە شۇ دەۋردىكى خەلقلەر ئىچىدە
خېلى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغانلىقىنى كورسىتىدۇ.
بۇنىڭدىن باشقا ئاسترونومىيە (ئىلمىي نۇجۇم)، كالىندارچىلىق، تىبابەتچى-

لىككە ئائىت ئەسەرلەرمۇ ئاز ئەمەس. تارىخ ۋە مۇزىكىغا ئائىت بەزى ئەسەرلەرمۇ بار. شۇ دەۋردىكى مۇھىم ئىلىم - پەن تارماقلىرىدىن بولغان يۇقۇرقىدەك ئەسەرلەردىن بىز ئۇيغۇرلارنىڭ «يىپەك يولى» ئارقىلىق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشتا، ئىلىم - پەننىڭ ھەممە ساھەلىرىگىچە ئۆز ھەسسىسىنى قوشقانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

بولۇپمۇ سودا - سېتىق ۋە ئىلىم - پەن ئىشلىرىغا ئائىت قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدىكى ھوججەت - ۋەسىقىلەر مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ چاققىچە تېپىلغان ھەم تېپىلىۋاتقان مۇنداق ۋەسىقىلەرنىڭ سانى يۈزلەرچە بولۇپ، بۇلارنى مەملىكىتىمىزنىڭ ۋە چەتئەللەرنىڭ ئۇيغۇرشۇناس ئالىملىرى ناھايىتى قىزىقىش بىلەن تەتقىق قىلىپ، ئارقا - ئارقىدىن ئېلان قىلىشتى. بۇ ۋەسىقىلەر شەكلىنىڭ پۇختىلىقى، تىلىنىڭ ساغلاملىقى، ئىشلەتكەن ئىقتىسادىي ۋە قانۇنىي ئاتالغۇلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئېنىقلىقى، تۈزۈلۈشىنىڭ ئىخچاملىقى جەھەتلەردىن نۇرغۇنلىغان ئالىملارنى ھەيران قالدۇرماقتا.

بۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە مەدەنى تۇرمۇشىنى تەتقىق قىلىشتا زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە. ھازىرمۇ قىزىل مىڭ ئۆيدە ئۈچ خىل يېزىقتىكى خەتلەر بار. بۇنىڭ بىرسى ئۇرخۇن يېزىغى، ئىككىنچىسى سانسكرىت يېزىغى (سانسكرىت يېزىغى بۇددادىنى بىلەن بىللە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان. بۇ يېزىقنى خوتەن - كۇچار ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلار 12 - ئەسىرگىچە قوللانغان بولۇپ، «ئەنەتكەك يېزىغى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ). ئۈچىنچى خىل يېزىق ھازىرغىچە تېخى بىزگە تونۇشلۇق ئەمەس. قىزىل مىڭ ئۆيدىكى يېزىق ھەققىدە نېمىس ئالىمى غوستاك ئاھانون: «مۇناستىرلاردا تېپىلغان يېزىقلاردىكى ھاياتقا ئائىت پۈتۈن نەرسىلەر سانسكرىتچىدۇر. يەرلىك ھوكۇمدارلارنىڭ، ۋەخپىلەرنىڭ ئىسىملىرى، كىتاپلارمۇ سانسكرىتچىدۇر. تارىخىي ۋەسىقىلەرنى ئوقۇپ بىلىمىزكى، كۇچار ۋە ئاقسۇ ئەتراپى بىزگە مەلۇم بولغاندىن بېرى تۈرك يۇرتى ئىدى»⑰ دەپ يازىدۇ. قىزىل مىڭ ئۆيدىكى بۇ خىل ھاياتقا ئائىت يېزىقلاردىن باشقا گۈزەل نەقىشلەر بىلەن زىننەتلەنگەن ئەڭ قەدىمقى ھاياتشەكلى ساقلىنىپ قالغان رەسىملەرنىڭ تۈرى ئىنتايىن كوپ بولۇپ، بۇلارنى مەزمۇن جەھەتتىن مۇنداق ئۈچ خىلغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن.

بىرىنچى، ئىجتىمائى ھادىسىلەرنى كۆرسىتىدىغان رەسىملەر: بۇلارغا ئادەم بىلەن ئادەم، ئادەم بىلەن تەبىئەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشنى تەسۋىرلەيدىغان رەسىملەر، مۇنتىزىم لەشكەرلەر، ئەمگەك قىلىۋاتقان دىخانلارنىڭ رەسىملىرى، ئەدەبىيات - سەنئەتكە دائىر بەدىي ئوبرازلار، تۇرمۇشقا دائىر چىرايلىق مەنزىرىلەر، قەھرىمانلار تۇغرىسىدىكى ھىكايىلار، ئەر-

ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتكە ۋە گۈزەل ئەخلاقىدائىر رەسىملەر كىرىدۇ.

ئىككىنچى، دىنىي مۇراسىم قائىدىلىرىگە ئائىت رەسىملەر: بۇلارغا بۇددا ۋە مانى دىنلىرىدىكى يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق خۇدالىرىنىڭ تىمسالىلىرى، يۇۋاش تەڭرىلەر، ئاسمان ۋە تاغلارغا، مۇئەككەل ئەۋلىيالارغا، تەڭرىلەرگە ئىخلاس بىلەن ئىبادەت قىلىپ تۇرغان دوئاكۇيلەرنىڭ، تەڭرىنىڭ قاغىشىغا ئۇچرىغان «ئاسىي بەندىلەر»نىڭ رەسىملىرى كىرىدۇ.

ئۈچىنچى، قەدىمقى ئەپسانىلارنى ۋە ھىكايىلارنى تەسۋىرلەيدىغان رەسىملەر؛ بۇنىڭغا ئۇچار ئادەملەر، بېشى ئادەم تېنى جانىۋار سۈرىتىدىكى ھورلىقالار، بۇلبۇل گويالار، بېلىق سۈرەتلىك مۇلايىم جانان قىزلار، دەرەخ ئۈستىدە يۈرىدىغان سىرلىق كېيىكلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش رەسىملەر كىرىدۇ.

يۇقۇرقىلار قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەينى تەسۋىرى ۋە ھەقىقى قىيايىتى بولۇپ، كوپ ئەسىرلەرگىچە دۇنياغا ئۈنچىۋالا مەلۇم بولمىغان ۋە ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن «يوشۇرۇن ئولكە» دەپ نام ئالغان ۋەتىنىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى — كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئەنەشۇ شانلىق مىراسلىرى بىلەن پۈتۈن دۇنيانى، بولۇپمۇ ياۋروپالىقلارنى ئۆزىگە جەلپقىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 18 –، 19 –، 20 – ئەسىرلەردە شىنجاڭ رايونىغا كەلگەن ئېنگلىز، نېمىس، فرانسۇز، رۇس، ماجارتەكشۈرگۈچىلىرى ۋە دانىيە، فىنلاندىيىلىك ئارخېولوگىيە ئومەكلىرى كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۆز تەكشۈرۈش ئىشلىرىنىڭ مول نەتىجىلىرى توغرىسىدا كوپلىگەن ئىلمىي ماقالىلارنى ئېلان قىلىپ، پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت – ئېتىۋارىنى قوزغىدى. لېكىن ئەسىرلەردىن بېرى فېئودالىزىم ۋەدىنىي خۇراپاتلىق بويۇنتۇرىغىدا ئۇخلاپ ياتقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆز مىللى مەدەنىيىتى ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىۋاتقان بۇ چوڭ تەتقىقات ئىشلىرىدىن ۋە ئۇنىڭ نەتىجىلىرىدىن قىلچە خەۋىرى بولماي كەلگەن ئىدى. ئازاتلىقتىن كېيىن ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستلار پارتىيىسىنىڭ پارلاق مىللى سىياسىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش»، «كونىدىن يېڭىنى يارىتىش»، «قەدىمقىنى بۈگۈنگە خىزمەت قىلدۇرۇش» تىن ئىبارەت توغرا سىياسەت – فاڭجېنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتىنى قېزىش، تەتقىق قىلىش، ئۆگىنىش خىزمىتى قولغا ئېلىندى. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان تارىم ۋادىسىدا كومۇلۈپ ياتقان، دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئاچقۇچى ھېساپلانغان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى قېزىش، تەتقىق قىلىش خىزمىتىنىڭ باشلانغانلىقى، ئىشىنىمىزكى، ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەدەنىيەت غەزىنىسىنىڭ ۋە دۇنيا مەدەنىيەت غەزىنىسىنىڭ ئېچىلىشىگە ۋە ئۇنىڭ كەم تەرەپلىرىنى تولۇقلاشتا ئىنتايىن زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

## ئىزاھاتلار


① ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئېغىز ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى «بۇلاق»1982 - يىل ، 1 - سان، 288 - بەت

② «ماركس - ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى» ئۇيغۇرچە، 1 - توم، 534 - بەت

③ ماۋزېدۇڭ: «ئەدەبىيات - سەنئەت توغرىسىدا» ئۇيغۇرچە، 4 - بەت

④ «تارىخىي خاتىرىلەر» 110 - جىلد "ھونلار تەزكىرىسى"

⑤ «جۇڭگو بۇددىزمى 161 - بەت»

⑥ يۈيشى لياۋتى: «غەرپتە بۇددىزم» 1 - توم، 22 - بەت

⑦ «سىرامان تارىخىي خاتىرىلىرى»دىن نەقىل «جۇڭگو بۇددىزمى» 161 - بەت

⑧ «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» ئۇيغۇرچە 1982 - يىل 2، - سان، 68 - بەت

⑨ «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» ئۇيغۇرچە 1981 - يىل، 1 - سان، 40 - بەت

⑩ «شىنجاڭ تارىخشۇناسلىقى» ئۇيغۇرچە1981 - يىل، 1 - سان، 76 - بەت

⑪ يوي تيەنفىڭ: «غەربىي رايون مەدەنىيەت تارىخى» خەنزۇچە 56 -، 57 - بەتلەر

⑫ «شىنجاڭ گېزىتى» خەنزۇچە 1957 - يىل 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىكى سانىدىن

⑬ «ۋېي خاتىرىلىرى، غەربىي رۇڭلار تەزكىرىسى»دىن نەقىل «لۇڭمېنغار سەنئىتى» خەنزۇچە، 10 - بەت

⑭ «شىنجاڭ ئىنستىتوتى ئىلمىي ژورنىلى» 1956 - يىللىق توپلام

⑮ ئەخمەت زەكى: «قەدىمقى كۈچارلىقلارنىڭ مەدەنىيىتى»(«شىنجاڭ گېزىتى» 1949 - يىل، نويابىر سانى)

⑯ ۋ.تېورى: «14 - ئەسىرگىچە تۈرك سانلىرىدا تارىخىي ئابىدىلەر»(«تۈرك يۇرتى» مەجمۇئەسى 1915 - يىل) «شەرق ھەقىقىتى» 1949 - يىل، 11 - سان

⑰ غوستاق ئاھانۇن: «جۇغراپىيە سوھبەتلىرىگە مۇقەددىمە» 335 - بەت.


### كىتابنى سۆيۈڭ

△ بىزنىڭ بۇ دۇنيادا ياشاۋاتقان كىشىلەر كىتاب ئوقۇمايدىكەن، كىشىلەرنى چۈشىنەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

— گوركى

△ بىلىملىك كىشى ئۈچۈن ئېيتقاندا، كىتاب ئوقۇش بىر خىل ئالىي ھوزۇرلىنىشتۇر. مەن كىتاب ئوقۇشقا ئەھمىيەت بېرىمەن، بۇ مېنىڭ بىرخىل قىممەتلىك ئادىتىم.

— گوركى

# كارىز ۋە ئۇنىڭ كېلىپ چىقىشى

ئابدۇقادىر يۇنۇس

كارىز، يەر يۈزى ئاستىدىن سۇ باشلاش ئېرىقى قېزىپ، چوڭقۇر قىسمىدىكى يەر ئاستى سۇلىرىنى تېيىز قەۋەتلىك يەر ئاستى سۇلىرىغا ئايلاندۇرۇشتىن، يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ ھەركەت قانۇنىيەتلىرى بىلەن كومۇلۇپ يېتىش شارائىتلىرىنى سۈنئى ھالدا ئۆزگەرتىشتىن بارلىققا كېلىدۇ. ئۇ، تىك قۇدۇق، يەرئاستى ئېرىقى، يەريۈزى ئېرىقى، يەرئاستى سۇلىرى بىلەن يەر يۈزىدىكى ئېرىقلارنىڭ تۇتۇشىدىغان جايىدىكى كولچەك قاتارلىق قىسىملاردىن تۈزۈلىدۇ. ئەگەر يۇقۇرىدىن تۆۋەنگە قارايدىغان بولسىڭىز، خۇددى تاغ ئالدى بەلۋاغلىرىدا رەت - رەت كەتكەن ۋولقان كۇنۇسلىرىنى كورگەندەك بولۇسىز، بۇ كىشىلەرنىڭ يەر ئاستى ئېرىقلىرىنى (كارىزغا) قازغان چاغدىكى تىك قۇدۇقلارنىڭ توشۇكلىرى بولۇپ، بۇ يەرلەر كولاپ چىقىرىلغان قۇم-تاشلار قۇدۇق سىرتىغا دۆۋىلەنگەندىن كېيىن ھاسىل بولغان كىچىك ۋولقان كۇنۇس شەكىللىرىدۇر. يەر يۈزىدىن ھەر 30 - 20 مېتىردا بىر تىك قۇدۇق قېزىلىپ يەر ئاستى ئېرىقلىرىنى تۇتاشتۇرىدۇ. تىك قۇدۇقلارنىڭ چوڭقۇرلۇقى سۇ باشلاش ئورنىدىن سۇ چىقىرىش ئورنىغىچە بەلگىلىك يانتۇلۇق بويىلاپ پەيدىن - پەي قىسقىرىپ بارىدۇ. تىك قۇدۇقنىڭ ئەڭ چوڭقۇرى بەزى ئەھۋاللاردا 100 مېتىرگىمۇ يېتىپ بارىدۇ. كارىزنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 3 كىلومېتىر، ئەڭ ئۇزۇنلىرى 10 كىلومېتىر بولۇپ، تۇرپان رايونىدىكى بەزى كارىزلار 30 كىلومېتىردىنمۇ ئۇزۇنغا سوزۇلىدۇ. كارىز كولاشتا يەر يۈزى يانتۇلۇقى چوڭ ۋە يەر ئاستى سۈيىنىڭ يانتۇلۇقى پەرقلىق بولغان يەرلەر تاللىنىدۇ. مۇشۇنداق جايلاردىن كولانغاندا كارىز ئارىلىقى قىسقا، سۈيى مول بولىدۇ. كارىزنىڭ قاتار تىزىلغان يونۇلۇشلىرىگە ئاساسلىنىپ، يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ مەنبەسىنى چۈشەندۈرگىلى بولىدۇ. كارىز كۆپلىگەن ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ئاددى بولۇپ، دىنامىكىلىق كۈچ ۋە ئۈسكۈنىلەرنى تەلەپ قىلمايدۇ. يىلبويى سۇ ئېقىپ تۇرىدۇ، سۇ مىقدارىمۇ تۇراقلىق كېلىدۇ. قىش كۈنلىرى ئىللىق، ياز كۈنلىرى سالقىن، ئەينەكتەك سۈپ - سۈزۈك كورۇنىدۇ. سۇ سۈپىتىمۇ ياخشى، مىنېراللىنىش دەرىجىسى تۆۋەن، تۇرپاندەك يۇقۇرى ھارارەتتىكى رايونلارغا نىس-

بەتەن ئېيتقاندا، ئۇ كۈچلۈك پارلىنىشنىڭ ئالدىنى ئالالايدىغان، سۇ مىقدارىنىڭ تۇراقلىقلىقىنى ساقلاپ قالالايدىغان ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە.

شىنجاڭدا كارىزلار خېلى كۆپ بولۇپ، بۇلار ئاساسەن قۇمۇل، پىچان، تۇرپان، توقسۇن، گۇچۇڭ، مورى، ئاراتۇرۇك، بارىكۆل ناھىيىلىرىگە تارقالغان، جۈملىدىن بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى تۇرپانغا مەركەزلەشكەن. 1957 - يىلىدىكى ئىستاتىستىكىلىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، تۇرپاندىكى كارىزلارنىڭ ئۇزۇنلۇقى 5000 - 4000 كىلومېتىر كېلىدىكەن. بۇ، ئۈرۈمچى بىلەن بېيجىڭنىڭ ئارىلىقىدىنمۇ ئۇزۇن. بۇ كارىزلارنى كولاش جەريانىدا قېزىپ چىقىرىلغان تاش - توپىلار بىر مىليون كوپمېتىر كېلىدۇ. بۇلاردىن ئېگىزلىكى ۋە كەڭلىكى 2 مېتىر قىلىنىپ تام قوپۇرۇلسا، 3000 كىلومېتىردىن ئېشىپ كېتىدۇ. شۇڭا كارىز يەر ئاستى «سەددىچىن سېپىلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

بىر قانچە كىلومېتىرغىچە سوزۇلغان كارىزلارنىڭ ھەر قايسى قۇدۇقلىرىنى ئۇدۇل كەلتۈرۈپ تۇتاشتۇرۇپ چىقىش ئالاھىدە تېخنىكا مەسىلىسى. مۇشۇ نۇقتىدىن قارىغاندىمۇ، مىللىتىمىزنىڭ زامانىۋى ئۆلچەش ئەسۋاۋى مەيدانغا كەلمەستىن بۇرۇنلا نازۇك ئۆلچەش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندەك زېرەكلىكى بىزنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

ئادەتتە يالغۇز كارىزلاردىن 850 — 400 كۇپمېتىر سۇ چىقىدۇ. بەزى كارىزلارنىڭ 7000 كۇپمېتىرگىمۇ يېتىدۇ، بۇ كارىزلارنىڭ يىللىق سۈيى 900 مىڭ كۇپمېتىر بولۇپ، ئۈرۈمچى دەرياسىنىڭ يىللىق ئومۇمى ئېقىن مىقدارىدىن 3 ھەسسىدىن كۆپرەك، 3 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بىر كارىزدا 120 گە يېقىن كۆز (قۇدۇق) بولىدۇ. بۇ كۆزلەرنىڭ ئەڭ چوڭقۇرى 100 مېتىر، تېيىزلىرى بىر قانچە مېتىر بولىدۇ. قۇدۇقلارنىڭ ئارىلىقى تۆۋەن ئېقىندا قىسقىراق، يۇقۇرلىغانسېرى ئۇزۇنراق، سۇنىڭ چوڭقۇرلۇقى 0.5 - 0.3 مېتىرغىچە بولىدۇ. شۇڭا تۇرپان ئويمانلىقى يەرئاستى سۈيىگە باي «ئامبار» بولۇپ سانىلىدۇ، يەر ئاستى سۇلىرى يوشۇرۇنۇپلا ياتماستىن، بەلكى ئارتېزىيان قۇدۇقلىرىغىمۇ باي. تۇرپان ئويمانلىقى ئەتراپىدىكى ئېگىز تاغ سېپىلىرى ئويمانلىقنىڭ يەر ئاستى سۈيىنى تەمىنلىگۈچى مەنبەسىدۇر. تاغلىقلاردىن باشلانغان ئېرىق - ئۆستەڭلەر تاغ ئاغزىدىن چىققاندىن كېيىن گوبى - چۆللەردىكى شېغىللىق بەلۋاغلارغا كىرگەندىن كېيىن يەر ئاستىغا كۆپ مىقداردا سىڭىپ كىرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئويمانلىقتىكى يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ مۇھىم تەمىنلەش مەنبەلىرىگە ئايلىنىدۇ.

شىنجاڭ رايونى — بولۇپمۇ تۇرپان رايونىدا كارىزنىڭ قانداق كېلىپ چىققانلىقى توغرىسىدا ھازىرغىچە بىرلىككە كەلگەن كۆز قاراش يوق. يېقىندىن بۇ-

يان جۇڭگو ۋە چەتئەللىنىڭ بەزى ئالىملىرى كارىز مەسىلىسىدە ھەر خىل كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇلارنىڭ كۆز قاراشلىرى، بىر بىرىگە زىت بولۇپ، پاكىت ئالدىدا پۇت تىرەپ تۇرالمىغاچقا، كارىز مەسىلىسى يەنىلا ھازىرقى تەتقىقاتنىڭ كەسكىن مۇنازىرە تېمىسى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىغا قويغان تۇرپان كارىزى تۈزۈلۈشىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ئاساسەن تۆۋەندىكى 3 نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

1 – يولداش ياڭ زىشۈن «شىنجاڭ كارىزى» دىگەن ماقالىسىدا ("يەرشارى" 1982 – يىل 1 – سان) "كارىز ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە، تارىخچىلارنىڭ ئىسپاتىغا ئاساسلانغاندا مىلادىدىن 1000 يىل ئىلگىرى (خەنۇۋدى زامانىدا) ① كارىز شەنشى ئۆلكىسىنىڭ دالى ناھىيىسىدىن شىنجاڭغا تارقالغان ......" دەپ يازىدۇ.

پى جىڭفۇ «كۇئېنلۇن دەريا – ئوستەڭلىرى خاتىرىسى» (2 – توم)دا: "كارىز يالغۇز تۇرپاندىلا بار" دەيدۇ. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ يەنە بىر كىتاۋى «شىنجاڭ مەنزىرىسى»نىڭ ئېرىق – ئوستەڭ خاتىرىلىرى" دىگەن قىسمىدا قۇمۇل، پىچان قاتارلىق جايلاردىمۇ كارىزلار بار، تۇرپاندا 28 ئورۇندا، پىچاندا 45 ئورۇندا كارىز بارلىقى مەلۇم، دەپ خاتىرە قالدۇرغان.

ۋاڭگوۋى، مىڭكاڭ قاتارلىقلار: "خەن دەۋرىدە قۇدۇق – ئوستەڭلەر دۈڭخۇاڭنىڭ شىمالىدىن پىچان، تۇرپان ئويمانلىقىغا تارقالغان" دەپ تۇرپان كارىزلىرىنى خەن دەۋرىنىڭ قۇدۇق – ئوستەڭلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىغان.

شىنجاڭدا ئالدى – كەينى بولۇپ 3 قېتىم تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ئارخېئولوگ خۇاڭۋېنبو 1957 – يىلى يازغان تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئارخېئولوگىيىلىك خاتىرىلىرى — كىرىش سوز قىسمىدا كارىزنىڭ كېلىش مەنبەسىنى ئارخېئولوگىيە جەھەتتىن ئىسپاتلاپ "كارىز خەنزۇلاردىن تارقالغان" دەپ يازىدۇ.

1973 – يىلى شەنشى ئارخېئولوگىيە خادىملىرى جىڭ بەگلىگى (国郑) ئوستەڭلىرىنىڭ ئىزلىرىنى تەكشۈرۈپ: "گەنسۇ، دۈڭخۇاڭ ۋە شىنجاڭدىكى كارىزلار ئوخشىشىپ كېتىدۇ. بۇ كارىزلار خەن سۇلالىسىدىكى گوەنجۇڭ (中关) ئېرىق – ئوستەڭلىرىدۇر. ئېرىق – ئوستەڭلەردىن كېلىپ چىققان بۇ كارىزلار ھازىرمۇ تىيانشاننىڭ جەنۇب – شىمالىرىدا رەڭدار چېچەكلەرنى ئېچىلدۇرۇپ، قۇملۇقلارنى ئىگىلىنىزارلىقلارغا ئايلاندۇرماقتا، كارىز شىنجاڭغا پارىستىن كەلدى دىگەنلىك پۈتۈنلەي بىمەنىلىكتۇر دەيدۇ ۋە باشقىلار.

① ياڭ زىشۈن خەن ۋۇدى زامانى مىلادىدىن 1000 يىل بۇرۇن دەپ ئالغان، ئەمەلىيەتتە خەن ۋۇدى زامانى مىلادىدىن بۇرۇن 140 - 87 - يىللارغا توغرى كېلىدۇ.

— ئاپتوردىن



AltunOq

يۇقۇرقىلار ماھىيەتتىن ئالغاندا قەدىمدىن بۇيان ئېغىزدىن - ئېغىزغا كوچۈپ كېلىۋاتقان ئوخشىتىش خاراكتېرىدىكى كوزقاراشلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس. چۈنكى تۇرپان رايونىدىكى ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشلىرى گۇەنجۇڭ رايونىدىن خېلى بۇرۇن بارلىققا كەلگەن ئىدى. مىلادىدىن بۇرۇنلا تۇرپان خەلقى ئېرىق - ئۆستەڭ قۇرۇلۇشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ دېخانچىلىق ئىشلىرى بىلەن داڭ چىقارغان ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردىكى ئۇيغۇر دېخانلىرىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيەت كۈرەشى جەريانىدا تەبىئەتنى تونۇشى، تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش نەتىجىلىرى يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خېلى دەرىجىدە راۋاجلانغانلىقىنى كورسىتىدۇ، قېزىۋېلىنغان ئاسارە - ئەتىقىلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە تاڭ سۇلالىسى (618 - 907) ۋە ئۇنىڭدىن خېلى ئىلگىرىلا تۇرپاندا ئارپا، بۇغداي، تېرىق، يالىڭاچ ئارپا، بىدە. كېۋەز، پۇرچاق، گۈنخۇت، جۇجەم، ئۈزۈم، قوغۇن - تاۋۇز، ھەر خىل كوكتات قاتارلىقلار ۋە باشقا ئىقتىسادىي زىرائەتلەر ئوستۇرۇلەتتى، باغۋەنچىلىكمۇ ئالاھىدە راۋاجلانغان ئىدى، بۇئەھۋاللاردىن بىز كارىزلارنىڭ شىنجاڭ خەلقى، بولۇپمۇ تۇرپان خەلقى تەبىي مۇھىت كەلتۈرۈۋاتقان قورغاقچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان باتۇرانە كۈرەشلىرىنىڭ ۋە ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى دىگەن كوز قاراشنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

چىۋەنچىڭنىڭ (庆全)، جىن جۇجاڭچىڭ، «经入章程» دىگەن كىتاۋىنىڭ 2 - ماددىسىدا تۇرپان كارىزى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىپ «ئۇنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى باشقىچە بولۇپ مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بولۇپ باققان ئەمەس» دەپ ئالاھىدە ئېيتىلغان. بۇسوز ھەم شىنجاڭ كارىزىنىڭ ئىچكىرى بىلەن ئوخشاشمايدىغانلىقىنى كورسىتىدۇ.

ياڭ زېڭشىنىڭ 1917 - يىلى 30 - ئاۋغۇستتىكى سوزىدە: «كارىز بىلەن يەرسۇغۇرۇشنى ئالدىغان بولساق، بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىمۇ يوق، پەقەت تۇرپان، پىچاندىن ئىبارەت 2 ناھىيىدىلا بار» دەپ يازىدۇ.

يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن 1 - خىل كوزقاراشنى خۇلاسىلىغىنىمىزدا: گۇەنجۇڭ شەنشىنىڭ شىمالىي رايونىدىكى ئەھۋال، نەملىك رايوندىكى يەريەريۈزى سۇلىرىنى سېرىق توپىلارنىڭ ئۇرۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يەر يۈزى سۇلىرىنى يەر ئاستىغا باشلىغان، ئەينى ۋاقىتلاردا گۇەنجۇڭ رايونىدا قۇرغاقچىلىقتىن مۇداپىئەلىنىش مەقسىدى ئۈچۈن ئەمەس ئىدى. رايونىمىزنىڭ مۇھىتىدا مىلادىدىن ئىلگىرى ۋە مىلادىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، تەبىئەت ھادىسىلىرى تۈپەيلىدىن بارا - بارا قۇرغاقچىلىق يۈز بېرىش باشلانغاچقا، تارىم ۋادىسىۋە تۇرپان ئەتراپىدىكى نۇرغۇنلىغان قەدىمقى ئاۋات يېزىلارنى بارا - بارا قۇم بېسىشقا باشلايدۇ.

بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى پاكىتنى نەقىل كەلتۈرىمىز:

1979 - يىلى كۈنچى دەرياسى بويىدىكى بىر ئىپتىدائىي قەۋرىستانلىقتىن تېپىلغان جەسەتنىڭ 6412 (117 ±) يىل بۇرۇنقى جەسەت ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېنىقلاپ چىقىلدى. گەرچە بۇ جەسەتنىڭ تېپىلغانلىقى شىنجاڭ رايونىنىڭ قەدىمقى مەدەنىيىتى ۋە شۇ زاماندىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ فىزيونومىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى ۋە بۇ رايوننىڭ دىخانچىلىق، چارۋىچىلىق، يۇڭ توقۇمىچىلىق، ھۈنەر - سەنئەت، زىبۇ - زىننەت بۇيۇملىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى ۋاقىتتىكى جۇغراپىيىلىك مۇھىتنىڭ ئەپلىك بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. تۇرپان رايونى ئەتراپىدىن تېپىلغان قەدىمقى خارابىلىقلار كېيىنكى مەزگىللەردە بۇ رايوندا يۈز بەرگەن ئاپەت خاراكتېرلىق ئەھۋاللارنى كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەجدادلىرىمىز سۇ مەنبەسىنى ئىزلەش ۋە سۇ مەنبەسىنى يۆتكەشتەك شەرەپلىك ۋەزىپىلەرگە ئاتلانغان، ئەلۋەتتە، مەقسەت ۋە مۇددىئالىرى ئوخشاش بولمىغان بۇ 2 خىل سۇ قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارغانلىقىنى، بىرسى يەنە بىرسىدىن ئۆگەنگەن دېيىشكە تارىخ ۋە تەبىي شارائىت يار بەرمەيدۇ. بۇ مەسىلىدە ھەرگىز رايونلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىكلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ قاراشقا بولمايدۇ.

تۇرپان رايونىدا كارىزنىڭ قېزىلغانلىقى ۋە راۋاج تاپقانلىقىنى، ئۇنىڭ گېولوگىيىلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانى ئارقىلىق چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ. ھەممىمىزگە مەلۇمكى، تۇرپان رايونى، بولۇپمۇ ئايدىڭ كۆل رايونى دېڭىز يۈزىدىن 154 مېتىر تۆۋەن، يەنى تۇرپان رايونىنىڭ 4050 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدىغان قىسمى دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن تۇرىدۇ. بۇ ھال ئويمانلىق بارلىققا كەلگەندىن بۇيان يۈز بەرگەن بىر نەچچە قېتىملىق تاغ ياساش ھەركىتى جەريانىدا، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ مۇناسىپ ھالدا داۋاملىق چۆكۈپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئوتتۇرا ھايات ئېراسىدا (بۇندىن 225 مىليون يىل بۇرۇن باشلانغان) ئويمانلىق مەۋجۇت ئىدى. يورا ۋە بور دەۋرلىرىگە كەلگەندە، كۈچلۈك چۆكۈش يۈز بەردى، 3 - دەۋرنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئويمانلىق داۋاملىق چۆكتى، 3 - دەۋرنىڭ ئاخىرى، 4 - دەۋرنىڭ باشلىرىدا، ھىمالايا تاغ ياساش ھەركىتىنىڭ تەسىرى بىلەن يالقۇنتاغدا يېڭى شەكىللىنىش يۈز بەردى، لېكىن يالقۇنتاغنىڭ جەنۇبىي قىسمى داۋاملىق چۆكۈپ باردى. نەتىجىدە ئېرىگەن قار سۇلىرى ئويمانلىققا يەر ئاستى سۈيى شەكلىدە يىغىلىۋەردى، تۇرپان رايونىنىڭ تاغ ئېتەكلىرى شېغىللىق قاتلاملاردىن تۈزۈلگەن بولغاچقا تەدرىجىي يىغىلغان يەر ئاستى سۇلىرى مول سۇ مەنبەسىگە ئايلاندى، نەتىجىدە بۇندىن 6 - 7 مىڭ يىل بۇرۇن پەيدىن - پەي قۇرغاق-

چىلىق ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ قەدىمىي شەھەرلەر خارابىلىققا قاراپ يۈزلەنگەن.

مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئەجدادلىرىمىز تەبىئەت كەلتۈرۈۋاتقان دەھشەتلىك قۇرغاقچىلىققا قارشى كۈرەش داۋامىدا ئەقىل - ئىدراك، پەم - پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ بۇندىن خېلى ئۇزۇن يىللار بۇرۇن (خەنۋۇدى زامانىسى مەزگىللىرىدە) كارىز قازغان.

2 - كارىز توغرىسىدا چەتئەل ئالىملىرىمۇ ئۆز كوز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلدى:

ياپونىيىلىك داۋچى چاڭ 1950 - 1960 - يىللاردىكى كارىزغا دائىر ماقالىلىرىدا كارىز پەرغانىدىن تارقالغان دېگەننى تەرغىب قىلدى، بولۇپمۇ قوقان شىنجاڭغا يېقىن، قاتناش، سودا ئىشلىرى قۇلايلىق، بېرىش - كېلىش كوپ، مۇناسىۋەت قويۇق بولغاچقا، پەرغانىدىن كەلگەن دەيدۇ.

1981 - يىلى ياپونىيىدىن كېلىپ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇغراپىيە پاكولتېتىدا لېكسىيە ئوقۇغان شاۋ چۈيۈەن كارىز مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ، ئىچكى ئۆلكىلەردىن تارقالغان ئەمەس، بەلكى ئىراندىن تارقالغان دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

يەنە بىر قىسىم چەتئەل ئالىملىرى كارىز دېگەن ئىسىمنىڭ پارىس تىلى ئىكەنلىكىگە ئاساسلىنىپ شىنجاڭدىكى كارىزلار پارىستىن كەلگەن دەپ قارىشىدۇ. بۇنداق قاراشنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق، چۈنكى بىز مەسىلىنى مۇشۇنداق قوغلىشىدىغان بولساق، ئىسىمنىڭ تەۋەلىكىگە قاراپ ھادىسىلەرنى ھەر قايسى دولەتلەرنىڭ مەنسۇپلۇقىغا ئاجرىتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بۇ چاغدا دولەت ۋە مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنى باشقىچە چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئاتالغۇلارنىڭ ئۆز ئارا سىڭىشىشى، ئۆز ئارا تەسىر كورسىتىشلىرى تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مەھسۇلى. ئېنىق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئاتالغۇنىڭ ئوخشاپ كېتىشى ھەرگىزمۇ كارىز كولاشنى چەتئەلدىن ئۆگەنگەنلىكىنىڭ تارىخىي ئىسپاتى دېيىشكە بولمايدۇ.

3 - يەنە بىر ئېيتىلىشلاردا، لىن زېشۈي شىنجاڭغا سۈرگۈن قىلىنغان چاغدا ئىجات قىلغان دېيىلىدۇ. بۇ بىر يەرلىك خەلقنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرگەن رىۋايەتتۇر. يولداش خۇاڭ شىڭجاڭنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، لىن زېشۈينىڭ ئۆزى يازغان ئەسەرلىرىدىمۇ كارىز توغرىسىدا ھېچقانداق سوز ئېيتىلغان ئەمەسكەن. بەزى خاتىرىلەرگە قارىغاندا ئۇ، تۇرپاندا ئارانلا 2 كۈنچە تۇرغانىمىش. گۇاڭشۈينىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ليۇ جىڭتاڭ ئەسكىرىي كۈچ بىلەن ياقۇپبەگ توپىلىڭىنى بېسىق-

تۇرغاندا تۇرپاندا كارىزنىڭ بارلىغى ئېيتىلغان، بەلكى ئۇنى لىنزېشۈي ئىجات قىلمىغان، ئۇنىڭ ئاز - تولا رېمونت قىلدۇرغانلىقى ئېيتىلغان.

پېي جىڭفۇ «كۈئېنلۈن دەريا - ئوستەڭلىرى خاتىرىسى» (2 - توم) «لىن-زېشۈي غەربكە سۈرگۈن قىلىنغاندا تۇرپاندا سۇئىنشائاتلىرىنى يولغا قويۇشى بىر يېڭى ئىجادىيەت ئەمەس، بەلكى رېمونتنى داۋاملاشتۇرغانلىقى، شۇڭا كارىزقاچان ۋە قايسى كىشى تەرىپىدىن ئىجات قىلىنغانلىقى نامەلۇم» دەپ يازىدۇ. ئەمەلى-يەتتە لىن زېشۈي شىنجاڭغا پالانماستىن مىڭ يىللار بۇرۇن تۇرپاندا كارىز بارئى-دى. بۇ پىكرىمىزنى ئازاتلىقتىن كېيىن تۇرپان ناھىيىسىنىڭ قارا خوجا ئەتراپىدا سۇئامبىرى قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بارغاندا توسما (تۇغان) ئاستىدا يەرئاستىغا كومۇلۇپ قالغان 10 نەچچە قەدىمقى كارىزنىڭ تېپىلغانلىقى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بىز يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرگەن پاكىتلىرىمىزغا ئاساسلىنىپ، ئەنەشۇ 3 خىل كوز قاراشنى پەقەت ئۇلارنىڭ ھىسسىياتقا بېرىلىپ، دۇنيا جۇغراپىيىسىنى تەبەتىنىڭ ھەر بىر رايونىدىكى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىگىنى ھىساپقا ئالمىغانلىقى دەپ ھە-ساپلايمىز. چۈنكى، رايونىمىزدىكى كەڭ ئەمگەكچى خەلق شۇ يەرلىك مۇھىت كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتقان ھادىسىلەرگە قارىتا ئۆز ئەقىل - پاراسەتلىرى بويىچە كۈرەش قىلدى. تۇرپان كارىزى قۇرغاق ئىقلىم شارائىتىدىكى شېغىل تاشلىقلارغا سۇنىڭ سىڭىپ كېتىشى نەتىجىسىدە «رىۋايەتلەردىكى ياش پادىچىلارنىڭ سۇئىزلەش ئۈچۈن قولى بىلەن شېغىللارنى كولاپ قۇدۇق قازغان» نىدەك بارلىققا كەلگەن دېيىشكە ھەق-لىقمىز.

دېمەك كارىز — تۇرپان ۋادىسىدىكى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئۆز رايونىنىڭ يەرتۈزۈلۈش ئالاھىدىلىگىگە ئاساسەن ئىجات قىلغان شانلىق تۆھپىسىنىڭ نامايەن-دىسى، ئۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا يۈز بېرىشكە باشلىغان قۇرغاقچىلىق ۋە سۇمەنبەلىرىنىڭ كوپلەپ پارغا ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىدىدە قېزىلغان. كارىز ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئەشۇ رايونلاردىكى قۇرغاقچىلىققا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشىنىڭ نەتىجىسى دېيىشكە بولىدۇ.

## پايدىلانغان ئاساسلىق كىتاپلار


1、中国社会科学　1981、5

2、地球　1982、1

3、地理名词解说　1978、9

4 - شىنجاڭ داشۆي ئىلمى ژورنىلى (ئىجتىمائى پەن) 1928· 2

5、吐鲁番盆地　1978、6　新疆人民出版社

6、维吾尔族史料简编　民族出版社　1981、11、

## چۈشىنىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن جەدۋەل بىلەن كۆرسىتىلدى

| ھىجرىيە يىل تەرتىۋى / مىلادىيە يىل تەرتىۋى / ئايرىمىسى / ھىجرىيە ئاي تەرتىۋى | 1 | | | 2 | | | ئىزاھات |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| | 622 - 623 | | | 623 - 624 | | | |
| | كۈنلەر | مىلادىيە ئايلىرى | ھەپتە | كۈنلەر | مىلادى ئاي | ھەپتە | |
| 1 | 15 | 7 | 6 | 5 | 7 | 3 | ھەر ئىككى كالىندارنىڭ كۈنلىرى، ھەپتىسى ئوخشاش |
| 3 | 16 | 8 | 1 | 4 | 8 | 5 | |

### ھىجرىيە يىلىنىڭ ئاي ئىسىملىرى ۋە تەرتىۋى

| | |
|---|---|
| ١. ئەلمۇھەررەم | Əlmuharrəm |
| ٢. سەپەر | Suəpər |
| ٣. رەبىئۇل ئەۋۋەل | Rabiul əwwəl |
| ٤. رەبىئۇسسانى | Rabiüssani |
| ٥. جامادىيەل ئەۋۋەل | Jamadiyəl əwwəl |
| ٦. جامادىيەل ئاخىر | Jamadiyəl ahir |
| ٧. رەجەپ | Rəjəp |
| ٨. شەئبان | Xəban |
| ٩. رامازان | Ramazan |
| ١٠. شەۋۋال | Xəwwal |
| ١١. زۇلقەئدە | Zulkədə |
| ١٢. زۇلھىججە | Zulhijjə |

AltunOq

| 63 | 311<br>923 - 924 | 312<br>924 - 925 | 313<br>925 - 926 | 314<br>926 - 927 | 315<br>927 - 928 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 21.4.2 | 9.4.6 | 29.3.3 | 19.3.1 | 8.3.5 |
| 2 | 21.5.4 | 9.5.1 | 28.4.5 | 18.4.3 | 7.4.7 |
| 3 | 19.6.5 | 7.6.2 | 27.5.6 | 17.5.4 | 6.5.1 |
| 4 | 19.7.7 | 7.7.4 | 26.6.1 | 16.6.6 | 5.6.3 |
| 5 | 17.8.1 | 5.8.5 | 25.7.2 | 15.7.7 | 4.7.4 |
| 6 | 16.9.3 | 4.9.7 | 24.8.4 | 14.8.2 | 3.8.6 |
| 7 | 15.10.4 | 3.10.1 | 22.9.5 | 12.9.3 | 1.9.7 |
| 8 | 14.11.6 | 2.11.3 | 22.10.7 | 12.10.5 | 1.10.2 |
| 9 | 13.12.7 | 1.12.4 | 20'11.1 | 10.11.6 | 30.10.3 |
| 10 | 12.1.2 | 31.12.6 | 20.12.3 | 10.12.1 | 29.11.5 |
| 11 | 10.2.3 | 29.1.7 | 18.1.4 | 8.1.2 | 28.12.6 |
| 12 | 11.3.5 | 28.2.2 | 17.2.6 | 7.2.4 | 27.1.1 |

| 64 | 316<br>928 - 929 | 317<br>929 - 930 | 318<br>930 | 319<br>931 | 320<br>932 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 25.2.2 | 14.2.7 | 3.2.4 | 24.1.2 | 13.1.6 |
| 2 | 26.3.4 | 16.3.2 | 5.3.6 | 23.2.4 | 12.2.1 |
| 3 | 24.4.5 | 14.4.3 | 3.4.7 | 24.3.5 | 12.3.2 |
| 4 | 24.5.7 | 14.5.5 | 3.5.2 | 23.4.7 | 11.4.4 |
| 5 | 22.6.1 | 12.6.6 | 1.6.3 | 22.5.1 | 10.5.5 |
| 6 | 22.7.3 | 12.7.1 | 1.7.5 | 21.6.3 | 9.6.7 |
| 7 | 20.8.4 | 10.8.2 | 30.7.6 | 20.7.4 | 8.7.1 |
| 8 | 19.9.6 | 9.9.4 | 29.8.1 | 19.8.6 | 7.8.3 |
| 9 | 18.10.7 | 8.10.5 | 27.9.2 | 17.9.7 | 5.9.4 |
| 10 | 17.11.2 | 7.11.7 | 27.10.4 | 17.10.2 | 5.10.6 |
| 11 | 16.12.3 | 6.12.1 | 25.11.5 | 15.11.3 | 3.11.7 |
| 12 | 15.1.5 | 5.1.3 | 25.12.7 | 15.12.5 | 3.12.2 |

| 65 | 321<br>933 | 322<br>933 - 934 | 323<br>934 - 935 | 324<br>935 - 936 | 325<br>936 - 937 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 1.1.3 | 22.12.1 | 11.12.5 | 30.11.2 | 19.11.7 |
| 2 | 31.1.5 | 21.1.3 | 10.1.7 | 30.12.4 | 19.12.2 |
| 3 | 1.3.6 | 19.2.4 | 8.2.1 | 28.1.5 | 17.1.3 |
| 4 | 31.3.1 | 21.3.6 | 10.3.3 | 27.2.7 | 16.2.5 |
| 5 | 29.4.2 | 19.4.7 | 8.4.4 | 27.3.1 | 17.3.6 |
| 6 | 29.5.4 | 19.5.2 | 8.5.6 | 26.4.3 | 16.4.1 |
| 7 | 27.6.5 | 17.6.3 | 6.6.7 | 25.5.4 | 15.5.2 |
| 8 | 27.7.7 | 17.7.5 | 6.7.2 | 24.6.6 | 14.6.4 |
| 9 | 25.8.1 | 15.8.6 | 4.8.3 | 23.7.7 | 13.7.5 |
| 10 | 24.9.3 | 14.9.1 | 3.9.5 | 22.8.2 | 12.8.7 |
| 11 | 23.10.4 | 13.10.2 | 2.10.6 | 20.9.3 | 10.9.1 |
| 12 | 22.11.6 | 12.11.4 | 1.11.1 | 20.10.5 | 10.10.3 |

| 66 | 326<br>937 - 938 | 327<br>938 - 939 | 328<br>939 - 940 | 329<br>940 - 941 | 330<br>941 - 942 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 8.11.4 | 29.10.2 | 18.10.6 | 6.10.3 | 26.9.1 |
| 2 | 8.12.6 | 28.11.4 | 17.11.1 | 5.11.5 | 26.10.3 |
| 3 | 6.1.7 | 27.12.5 | 16.12.2 | 4.12.6 | 24.11.4 |
| 4 | 5.2.2 | 26.1.7 | 15.1.4 | 3.1.1 | 24.12.6 |
| 5 | 6.3.3 | 24.2.1 | 13.2.5 | 1.2.2 | 22.1.7 |
| 6 | 5.4.5 | 26.3.3 | 14.3.7 | 3.3.4 | 21.2.2 |
| 7 | 4.5.6 | 24.4.4 | 12.4.1 | 1.4.5 | 22.3.3 |
| 8 | 3.6.1 | 24.5.6 | 12.5.3 | 1.5.7 | 21.4.5 |
| 9 | 2.7.2 | 22.6.7 | 10.6.4 | 30.5.1 | 20.5.6 |
| 10 | 1.8.4 | 22.7.2 | 10.7.6 | 29.6.3 | 19.6.1 |
| 11 | 30.8.5 | 20.8.3 | 8.8.7 | 28.7.4 | 18.7.2 |
| 12 | 29.9.7 | 19.9.5 | 7.9.2 | 27.8.6 | 17.8.4 |

| 67 | 331<br>942 - 943 | 332<br>943 - 944 | 333<br>944 - 945 | 334<br>945 - 946 | 335<br>946 - 947 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 15.9.5 | 4.9.2 | 24.8.7 | 13.8.4 | 2.8.1 |
| 2 | 15.10.7 | 4.10.4 | 23.9.2 | 12.9.6 | 1.9.3 |
| 3 | 13.11.1 | 2.11.5 | 22.10.3 | 11.10.7 | 30.9.4 |
| 4 | 13.12.3 | 2.12.7 | 21.11.5 | 10.11.2 | 30.10.6 |
| 5 | 11.1.4 | 31.12.1 | 20.12.6 | 9.12.3 | 28.11.7 |
| 6 | 10.2.6 | 30.1.3 | 19.1.1 | 8.1.5 | 28.12.2 |
| 7 | 11.3.7 | 28.2.4 | 17.2.2 | 6.2.6 | 26.1.3 |
| 8 | 10.4.2 | 29.3.6 | 19.3.4 | 8.3.1 | 25.2.5 |
| 9 | 9.5.3 | 27.4.7 | 17.4.5 | 6.4.2 | 26.3.6 |
| 10 | 8.6.5 | 27.5.2 | 17.5.7 | 6.5.4 | 25.4.1 |
| 11 | 7.7.6 | 25.6.3 | 15.6.1 | 4.6.5 | 24.5.2 |
| 12 | 6.8.1 | 25.7.5 | 15.7.3 | 4.7.7 | 23.6.4 |

| 68 | 336<br>947 - 948 | 337<br>948 - 949 | 338<br>949 - 950 | 339<br>950 - 951 | 340<br>951 - 952 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 23.7.6 | 11.7.3 | 1.7.1 | 20.6.5 | 9.6.2 |
| 2 | 22.8.1 | 10.8.5 | 31.7.3 | 20.7.7 | 9.7.4 |
| 3 | 20.9.2 | 8.9.6 | 29.8.4 | 18.8.1 | 7.8.5 |
| 4 | 20.10.4 | 8.10.1 | 28.9.6 | 17.9.3 | 6.9.7 |
| 5 | 18.11.5 | 6.11.2 | 27.10.7 | 16.10.4 | 5.10.1 |
| 6 | 18.12.7 | 6.12.4 | 26.11.2 | 15.11.6 | 4.11.3 |
| 7 | 16.1.1 | 4.1.5 | 25.12.3 | 14.12.7 | 3.12.4 |
| 8 | 15.2.3 | 3.2.7 | 24.1.5 | 13.1.2 | 2.1.6 |
| 9 | 15.3.4 | 4.3.1 | 22.2.6 | 11.2.3 | 31.1.7 |
| 10 | 14.4.6 | 3.4.3 | 24.3.1 | 13.3.5 | 1.3.2 |
| 11 | 13.5.7 | 2.5.4 | 22.4.2 | 11.4.6 | 30.3.3 |
| 12 | 12.6.2 | 1.6.6 | 22.5.4 | 11.5.1 | 29.4.5 |

| 69 | 341<br>952 - 953 | 342<br>953 - 954 | 343<br>954 - 955 | 344<br>955 - 956 | 345<br>956 - 957 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 29.5.7 | 18.5.4 | 7.5.1 | 27.4.6 | 15.4.3 |
| 2 | 28.6.2 | 17.6.6 | 6.6.3 | 27.5.1 | 15.5.5 |
| 3 | 27.7.3 | 16.7.7 | 5.7.4 | 25.6.2 | 13.6.6 |
| 4 | 26.8.5 | 15.8.2 | 4.8.6 | 25.7.4 | 13.7.1 |
| 5 | 24.9.6 | 13.9.3 | 2.9.7 | 23.8.5 | 11.8.2 |
| 6 | 24.10.1 | 13.10.5 | 2.10.2 | 22.9.7 | 10.9.4 |
| 7 | 22.11.2 | 11.11.6 | 31.10.3 | 21.10.1 | 9.10.5 |
| 8 | 22.12.4 | 11.12.1 | 30.11.5 | 20.11.3 | 8.11.7 |
| 9 | 20.1.5 | 9.1.2 | 29.12.6 | 19.12.4 | 7.12.1 |
| 10 | 19.2.7 | 8.2.4 | 28.1.1 | 18.1.6 | 6.1.3 |
| 11 | 20.3.1 | 9.3.5 | 26.2.2 | 16.2.7 | 4.2.4 |
| 12 | 19.4.3 | 8.4.7 | 28.3.4 | 17.3.2 | 6.3.6 |

| 70 | 346<br>957 - 958 | 347<br>958 - 959 | 348<br>959 - 960 | 349<br>960 - 961 | 350<br>961 - 962 |
|---|---|---|---|---|---|
| 1 | 4.4.7 | 25.3.5 | 14.3.2 | 3.3.7 | 20.2.4 |
| 2 | 4.5.2 | 24.4.7 | 13.4.4 | 2.4.2 | 22.3.6 |
| 3 | 2.6.3 | 23.5.1 | 12.5.5 | 1.5.3 | 20.4.7 |
| 4 | 2.7.5 | 22.6.3 | 11.6.7 | 31.5.5 | 20.5.2 |
| 5 | 31.7.6 | 21.7.4 | 10.7.1 | 29.6.6 | 18.6.3 |
| 6 | 30.8.1 | 20.8.6 | 9.8.3 | 29.7.1 | 18.7.5 |
| 7 | 28.9.2 | 18.9.7 | 7.9.4 | 27.8.2 | 16.8.6 |
| 8 | 28.10.4 | 18.10.2 | 7.10.6 | 26.9.4 | 15.9.1 |
| 9 | 26.11.5 | 16.11.3 | 5.11.7 | 25.10.5 | 14.10.2 |
| 10 | 26.12.7 | 16.12.5 | 5.12.2 | 24.11.7 | 13.11.4 |
| 11 | 24.1.1 | 14.1.6 | 3.1.3 | 23.12.1 | 12.12.5 |
| 12 | 23.2.3 | 13.2.1 | 2.2.5 | 22.1.3 | 11.1.7 |

# سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىسى

ئەخمەت رىشىت

تۇرپان ناھىيىسىنىڭ شەرقىدىن 2 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مەدرىسىنىڭ يېنىدا ھەيۋەتلىك قەد كوتىرىپ تۇرغان ھەشەمەتلىك، كوركەم ۋە ئېگىز بىر مۇنار بار، بۇ — سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىسىدۇر، يەرلىك خەلقلەر بۇنى ئادەتتە «تۇرپان مۇنارىسى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

بۇمۇنارنىڭ سىرتقى كورۇنۇشى تووۋرۇك شەكلىدە بولۇپ، ئېگىزلىكى 37 مېتىر، ئاستىنىڭ دىامېتىرى 10 مېتىر كېلىدۇ. ئۇ، تامامەن خىش بىلەن ياسالغان بولۇپ، تاشقى يۈزىدە خىشلارنى تىزىش ئارقىلىق شەكىللەنگەن خىلمۇ-خىل گۈل نۇسخىلىرى (مەسىلەن: تاغ، ئوركەش، گۈل بەرگى، رومبا شەكىللىك بولۇپ جەمى 15 خىلدىن ئاشىدۇ) ناھايىتى ئوچۇق كورۇنۇپ تۇرىدۇ. بۇلار — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نەپىس ئەنئەنىۋى گول نۇسخىلىرىدۇر.

مەزكۇر مۇنار ئىچىگە يورۇق چۈشۈرۈش ۋە ھاۋا ئالماشتۇرۇپ تۇرۇشنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، مۇنارنىڭ ھەممە تەرىپىگە 14 روجەك (دەرىزە) ئورنىتىلغان. مۇنار ئىچىگە بۇرما شەكىللىك مەركىزىي تۈۋرۈك ۋە 72 پەلەمپەي ياسالغان. بۇ پەلەمپەيلەر ئارقىلىق مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىققاندا تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى ئوچۇق كورگىلى بولىدۇ.

مۇنارنىڭ يېنىدا ئۇزۇنچاق چاسا شەكىللىك بىر مەدرىسە بولۇپ، ئۇنىڭ شەرقتىن غەربكە ئۇزۇنلۇقى 62.5 مېتىر، جەنۇپتىن شىمالغا كەڭلىكى 42.5 مېتىر كېلىدۇ. مەدرىس ئىشىگى شەرققە قارىتىپ ياسالغان بولۇپ، ئىشىك ئۈستىدە پەشتاق، مەرەپ شەكىللىك دەرىزىلىرى بار. پەشتاقتا يانداش 2 گۈمبەز ۋە مەدرىسىنىڭ شىمال، جەنۇپ، غەرپ تەرەپلىرىدە چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاشمايدىغان جەمى 49 گۈمبەز بولۇپ، بۇلار ئۆزئارا بىر بىرسى بىلەن تۇتۇشۇپ كەتكەن. گۈمبەزلەرنىڭ ھەممىسى خام كېسەك بىلەن ياسالغان. بۇ، تۇرپاننىڭ بىناكارلىق قۇرۇلۇشى جەھەتتىكى يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

مەدرىسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى چوڭ جامە بولۇپ، ئۇزۇنىسىغا 8، كەڭلىكىگە 4 قۇردىن رەتلىك قىلىپ جەمى 32 دانە ياغاچ تۈۋرۈك ئارقىلىق ئۈستى يېپىلغان.



AltunOq

سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىسى بۇمەدرىس بىلەن بىرۋاقىتتا ياسالغان بولۇپ، ئۇ، مەدرىس بىناسى بىلەن تۇتۇشۇپ بىر پۈتۈن ئىمارەتنى شەكىللەندۈرىدۇ.

يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى «ئاپپاق خوجا مازىرى»، «ھېيتكار جامەسى» قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ياساشقا قاتناشقان ئاتاقلىق بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئۇستىلىرىدىن ئىبراھىم قاتارلىق ئۇستىكارلار بۇ مەدرىس ۋە مۇنارنى لايىھىلەپ ياساپ چىققان ئىكەن، بۇ قورۇلۇشلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جاپالىق ئەمگىكى ۋە يۈكسەك ئەقىل-پاراستى بىلەن ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەيۋەتلىكلىكى، ياسىلىش ئۇسلۇبىنىڭ خاسلىقلىقى، گۈل نۇسخا نەقىش شەكىللىرىنىڭ خىلمۇ خىللىقى، كوركەم، گۈزەللىكى — ئۇيغۇر بىناكارلىق سەنئىتى، شۇنداقلا ئۇيغۇر بىناكارلىق ئۇستىلىرىنىڭ ئەقىل - پاراستىنى يېتەرلىك ھالدا نامايەن قىلىپ تۇرىدۇ.

مۇنارنىڭ ئۈستىگە چىقىدىغان ئىشىكنىڭ ئوڭ تەرىپىدە مۇنار ۋە مەدرىسكە ئاتاپ ئورنىتىلغان بىر خاتىرە تاش بولۇپ، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 132 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 72 سانتىمېتىر كېلىدۇ، خاتىرە تاشقا ئۇيغۇر، خەنزۇ يېزىقلىرىدا خەتلەر ئويۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇرچىسىنىڭ تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«ئول ئاللا بىزنىڭ ئىگىمىز،
ھەممە ئۇنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج.

زامان پادىشالىرى ۋە دەۋرىمىزنىڭ ھوكۇمرانلىرىدىن بىرىسى، ئادالەت ۋە ياخشىلىقنىڭ ئىگىسى، تېچلىق ۋە ئامانلىقنىڭ سەۋەپچىسى، نۇرچېچىپ تۇرىدىغان پەيغەمبەر شەرىئىتىنىڭ راۋاجلاندۇرغۇچىسى، مۇستاپا تەرىقىتىگە زىننەت بەرگۈچى سۇلايمان II يەنى جاھان پادىشاسى ۋە ئىمىن خوجا ۋاڭنىڭ كوزنۇرى بولغان پەھلىۋان يىگىت بۇ سائادەتلىك نۇرلۇق مەدرىسنى ۋە تەقىشدار مۇنارنى سالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پادىشادەك يۇقۇرى مەرتىۋىلىك ئاتىسى، خۇدانىڭ مەرھەمىتى ۋە ياردىمى بىلەن مۇبارەك تەن سالامەتلىكلىرى 83 ياشقا يەتكەن چاغدا، تەشەككۇر بىلدۇرۇش شەرتلىرىنى بىجا كەلتۈرۈپ، ئۇل يۇقۇرى دەرىجىلىك كىشىنىڭ يولىدا ئاتاپ، ياخشى نىيەت ۋە ئالى ھىممەت بىلەن سەدىقە قىلدى. بۇمەدرىس بىلەن مۇنار تارىخىي ھىجرىيە 1181 - يىلى ۋىلايەت ھېساۋىدا چاشقان يىلىدا سېلىنغان بولۇپ، ئۆزىيېنىدىن يەتتە مىڭ سەركۇمۇش خەجلىگەن».

ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە يادنامىلارنىڭ مەزمۇنى ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ قالىدۇ.

سۇلايمان II ئۆز ئاتىسى ئىمىن خوجىغا ئۆز ھورمىتىنى بىلدۈرۈش، ئۇنىڭ كورسەتكەن خىزمەتلىرىنى، جۈملىدىن تۇرپان ۋاڭلىغىنىڭ توھپىلىرىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بۇ مۇنار ۋە مەدرىسنى سالدۇرغان.

تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا، ئىمىن خوجا لۇكچۇن ۋاڭلىرىنىڭ ئەۋلادى

بولۇپ، 1694 ـ يىلى تۇرپاننىڭ قاراخوجا دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان. ئۇ، تۇرپان رايونىنىڭ چوڭ ئاخۇنى ھەم داڭلىق ۋاڭلىرىدىن بىرسى بولۇپ، تۇرپان رايونىدا دىنىي كۈچى ۋە ئەمەلىي كۈچى بولغان زاتلاردىن بىرسى ئىدى. ئۇ، چىڭ سۇلالىسىغا ساداقەتلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن مەنچىڭ ھوكۇمىتى ئۇنىڭغا «جاساق بەگ» دېگەن ئۇنۋاننى ئىنئام قىلغان، 1732–يىلىدىن 1733 ـ يىلىغىچە ئۇ، تۇرپان ئۇيغۇر كوچمەنلىرىگە رەھبەرلىك قىلىپ، دۇڭخۇاڭ ئەتراپلىرىدا ئولتۇراقلىشىپ بوز يەر ئېچىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۆزلىرىنى تەمىنلىگەن ۋە چىڭ ھوكۇمىتىگە ياردەملەشكەن. كېيىنكى مەزگىللەردە جۇڭغار قەبىلىسىنىڭ يۇقۇرى قاتلام كىشىلىرى ۋە چوڭ ـ كىچىك خوجىلار قوزغىغان توپىلاڭلارنى تىنجىتىشتا توھپە قوشقان. شۇڭا، ئۇنىڭغا يۇڭجېڭنىڭ 11 ـ يىلى (مىلادى 1733 ـ يىلى) ۋە چيەنلۇڭنىڭ 21 ـ يىلى (مىلادى 1756 ـ يىلى) ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ «پۇگوگۇڭ» (辅国公 دولەتكە ياردەم بەرگۈچى گۇڭ)، «جېنگوگۇڭ» (镇国公 دولەتنى تېچلاندۇرغۇچى گۇڭ) دېگەن ئۇنۋانلار بېرىلگەن، چيەنلۇڭنىڭ 23 ـ يىلى (مىلادى 1758 ـ يىلى) يەنە «جۇنۋاڭ» (郡王 ۋىلايەت بېگى) دېگەن ئۇنۋان بېرىلگەن، 2 ـ يىلى «جۇنۋاڭ» دەپ رەسمىي يارلىق جاكالانغان، ئىمىن ۋاڭنىڭ بىر نەچچە ئوغلى چىڭ سۇلالىسىغا داۋاملىق ساداقەتلىك بىلدۈرۈپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، چيەنلۇڭ خان بۇ مەنسەپلەرگە ئەۋلادتىن ـ ئەۋلات ۋارىسلىق قىلسۇن، دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن بۇجەمەتتىن ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ جەمى 9 كىشى 6 قېتىم «جۇنۋاڭ»لىق مەنسەپنى تۇتۇپ 178 يىل ھوكۇم سۈرگەن.

مەدرىس ۋە مۇنار ئۈچۈن ئورنىتىلغان خاتىرە تاشنىڭ يىلنامىلىرىدا ئوخشاشماسلىق بار، خەنزۇچە خەتتە چيەنلۇڭنىڭ 43 ـ يىلى (مىلادى 1778 ـ يىلى) ياسالغان دېيىلىدۇ، ئۇيغۇرچىدا ھىجرىيە 1181 ـ يىلى (مىلادى 1767 ـ يىلى) ۋىلايەت ھىساۋىدا چاشقان يىلىدا ياسالغان دېيىلىدۇ. بۇ ئارىلىقتا 10 يىل پەرق بار، يەنى ئۇيغۇرچە خاتىرىدىكى يىل ھىساۋى خەنزۇچىسىدىن 10 يىل بۇرۇن.

«چىڭ سۇلالىسىنىڭ تارىخىي خاتىرىلىرى، قارام دولەتلەر نەسەپنامىسى»دا ئىمىن خوجا چيەنلۇڭنىڭ 42 ـ يىلى (مىلادى 1777 ـ يىلى) ۋاپات بولغان، دەپ خاتىرىلەنگەن. «چىڭ سۇلالىسى ھەققىدە خاتىرىلەر. گاۋزۇڭ خان ھەققىدە خاتىرە»دە، چيەنلۇڭنىڭ 42 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ × كۈنى چيەنلۇڭ زامانىسىدىكى ئۇرۇمچى تۇتۇق بېگى سېنۇرسىلىڭ تىلغا ئېلىنغان ئابزاسلاردا «ئىمىن خوجا ۋاپات بولدى، سېنۇرسىلىڭ تەزىيىگە ئەۋەتىلىدۇ» دېگەن دوكلاتنىڭ تەستىقلانغانلىقى تىلغا ئېلىنغان، بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئىمىن خوجا چيەنلۇڭنىڭ 42 ـ يىلى، يەنى مىلادى 1777 ـ يىلى كېسەل بولۇپ ئۆلگەن 2 ـ يىلى سۇلايمان ۋاڭ ئوز

ئاتىسىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن مەزكۇر مۇنارنى ياسىتىپ، بۇ خاتىرە تاشنى ئورناتقان.

ئىمىن خوجىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ياسالغان بۇ مۇنار ۋە مەدرىس 200 نەچچە يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ھازىرغا قەدەر ياخشى ساقلىنىپ كەلمەكتە. ئۇ — شىنجاڭدا ھازىرغىچە بىجىرىم ساقلىنىپ قالغان بىردىن بىر ئەڭ چوڭ خاتىرە مۇنار بولۇپ ھىساپلىنىدۇ، بۇ قۇرۇلۇش بىناكارلىق سەنئىتى جەھەتتە قويۇق يەرلىك ۋە مىللى ئالاھىدىلىككە ئىگە. بۇنى 1957 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھوكۇمىتى ئاپتونوم رايون بويىچە نۇقتىلىق ئاسرىلىدىغان مەدەنى يادىكارلىق ئورنى، دەپ بېكىتىپ ئېلان قىلدى.

سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىسى — ئۇيغۇرخەلقىنىڭ مەدىنىيەت تارىخى ۋە بىناكارلىق ھۈنەر - سەنئىتىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك مەدەنى يادىكارلىق بولۇپ، زور ئىلمىي قىممەتكە ئىگە.

## كىشىلىك تۇرمۇش ھەققىدە

△ بىز ئۇچۇن يېمەكلىك، ئۇيقۇ، سەيلە ھەم مۇھەببەت بولمىسا بولمايدۇ؛ بىز تۇرمۇشتىكى مۇشۇنداق لەززەتلىك ئىشلاردىن ھوزۇرلانمىساقمۇ بولمايدۇ؛ ۋاھالەنكى، بىز بۇ ئىشلارنىڭ قۇلى بولۇپ قالماسلىقىمىز زورۇر.

— ژولىئو. كيورى

△ كىمىكى كىشىلىك تۇرمۇش بىلەن ئوينىشىدىكەن، ئۇ ھېچقانداق ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقىرالمايدۇ. كىمىكى ئوزىگە ئوزى خوجا يىنلىق قىلالمايدىكەن، ئۇ مەڭگۇ قۇل بولۇپ قالىدۇ.

— گيۇتى

△ ئادەمدە ماددى تۇرمۇشلا بولۇپ، مەنىۋى تۇرمۇش بولمىسا بولمايدۇ؛ ھالبۇكى تولۇق ئىنقىلاۋىي مەنىۋى تۇرمۇش بولغاندا، ماددى تۇرمۇش ناچارراق، قىيىنچىلىق چوڭراق بولغان تەقدىردىمۇ، بۇنىڭغا چىداپ كەتكىلى ۋە ئۇنى يەڭگىلى بولىدۇ.

— تاۋجۇ

△ گۇمانلىنىش كەمچىلىك ئەمەستۇر، ئەمما بىر يەكۇنگە كەلمەي گۇمانلىنىۋېرىش - مانا بۇ كەمچىلىكتۇر.

— لۇشۇن

بۇ ساندىكى ھېكمەتلىك سوزلەر «مەشھۇر كىشىلەرنىڭ ھېكمەتلىك سوزلىرى» ناملىق كىتاپتىن ئېلىندى

**تەرجىمە قىلغۇچى: گۇلزادە بابايېۋا**

# 目　　录

1、以计划经济为主　市场调节为辅
——改革经济机构的基本问题……………………………… 哈米提·马木提（1）
2、论我国历史上的爱国主义与民族英雄………………………………………… 陈梧桐（14）
穆伊丁·维拉木　译
3、近百年来我国宪法有关民族问题规定的历史考察…………………………… 李儒忠（28）
哈力克·沙克　译
4、关于艺术美的教育作用问题……………………………………… 穆罕买提·伊明（48）
5、关于艺术上的爱情问题………………………………………… 阿比勒·马哈苏提（56）
6、阿凡提故事的逻辑性………………………………………………… 西林·库尔班（67）
7、有关维吾尔语语法研究的几个问题……………………………… 哈米提·铁木儿（73）
8、关于察合台语………………………………………………………… 哈斯木·阿日希（90）
9、bilan（与、和、及）初探…………………………… 乌斯曼·穆罕买提（95）
10、克孜尔千佛洞初探…………………………阿不列孜·穆罕买提·沙衣拉米（109）
11、坎儿井与它的来源……………………………… 阿不都哈地尔·由努斯（121）
12、回历与公历对照表……………………………………………………………………（128）
13、苏公塔………………………………………………………… 艾海买提·热西提（133）
冯　斐　摄影（封底）

شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژۇرنىلى
新疆大学学报（哲学，社会科学维文季刊）
پەسىللىك ژۇرنال
1983 - يىل 3 - سان
(ئومۇمىي سان 15)



سۇلايمان ۋاڭ مۇنارىسى (فېڭ فى فوتوسى)

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ داشۆي ئىلمىي ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى
باسقۇچى: شىنجاڭ 7220 - زاۋۇدى
تارقاتقۇچى: ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى: مەملىكەت ئىچىدىكى ھەر قايسى پوچتىخانىلار
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايون ژۇرنانىلارنى تىزىملاش ئورنىنىڭ كىنىشكا نومۇرى: 0.40

ۋاكالەت نومۇرى: 13 — 58
باھاسى: 0.46 يۈەن